دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# قىزىل خەت

ناتانىل خاۋسورن ( ئامېرىكا )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

قىزىل خەت
ناتانىل خاۋسورن ( ئامېرىكا )
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



قىزىل خەت

ISBN 978-7-228-12433-6
9 787228 124336 >



www.uygurkitap.com

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

ناتانىل خاۋسورن ( ئامېرىكا )

# قىزىل خەت

تەرجىمە قىلغۇچى : ئابدۇقادىر جالالىدىن



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

红字：维吾尔文 / (美) 霍桑 (Hawthorne,N.)著; 阿不都卡德尔·加拉力丁译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社, 2009.5
ISBN 978-7-228-12433-6

Ⅰ.①红… Ⅱ.①霍… ②阿… Ⅲ.①长篇小说 — 美国 — 近代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I712.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第074263号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 迪力木拉提·阿不力孜 |
| 编　　辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 塞纳瓦尔 |
| 特约校对 | 海力切木·阿布里米提 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 6.375 |
| 版　　次 | 2014年9月第2版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 定　　价 | 16.00 元 |

# ئاپتور ھەققىدە

ناتانىل خاۋسورن (1804 — 1864) ئامېرىكا يازغۇچىسى، 1853 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيىدىكى لېۋېرپولدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان، 1857 - يىلى ئىتالىيىگە كۆچۈپ بارغان، 1860 - يىلى ۋەتىنىگە قايتىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. «قىزىل خەت» ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە مۇستەملىكە دەۋرىدىكى يېڭى ئەنگلاندنىڭ تۇرمۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، نامۇۋاپىق نىكاھنىڭ سىرتىمىقىغا بوغۇلغان ئايال خېستېر پروننىڭ «زىنا» قىلمىشى تۈپەيلى تۈرمىگە ئېلىنىشى، ئەلگە سازايى قىلىنىشى ۋە ئۇزاق مۇددەت يالغۇز ياشاشقا سۈرگۈن قىلىنىشى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىنىڭ رەھىمسىز، ساختا قىياپىتى ئېچىپ بېرىلگەن. ئاپتور يەنە بۇ ئەسەردە جىنايەت ۋە ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. خاۋسورننىڭ يەنە «يەتتە كونۇسلۇق ئۆي»، «قاشتاش ھەيكەل»، «دىنىي جەمئىيەت باشلىقىنىڭ قارا شالى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

1 . تۇرمە ئىشىكى ........................................ 1
2 . بازار ............................................................ 3
3 . تونۇشۇش .................................................... 15
4 . ئۇچرىشىش ................................................. 26
5 . خىستىېرنىڭ تىككۈچىلىك قىلىشى ...................... 35
6 . گۆھەر ......................................................... 47
7 . گوبېرناتور زالى ........................................... 50
8 . گۆدەك بىلەن باستىېر ................................... 57
9 . دوختۇر ....................................................... 67
10 . دوختۇر ۋە بىمار ........................................ 78
11 . قەلب ......................................................... 89
12 . باستىېرنىڭ ئۇيقۇلۇق تۈن سەيلىسى .................. 95
13 . خىستىېرنىڭ يەنە بىر تەرىپى ......................... 106
14 . خىستىېر ۋە دوختۇر .................................... 114
15 . خىستىېر بىلەن پېرل .................................. 121
16 . ئورماندىكى سەيلە ...................................... 126
17 . باستىېر ۋە مۇرىت ..................................... 132
18 . بىر بالقىم ئاپتاپ ...................................... 142
19 . ئېرىق بويىدىكى بالا .................................. 149

20 . تېڭىرقىغان باستېر ........................ 157
21 . يېڭى ئەنگلاندىنىڭ بايرىمى ........................ 168
22 . ئامايىش ........................ 176
23 . قىزىل خەتنىڭ پاش بولۇشى ........................ 188
24 . تۈگەنچە ........................ 197



www.uyghurkitap.com

# 1 . تۇرمە ئىشىكى

قارا يەكتەك، ئۈچلۈق قالپاق كىيىۋالغان ساقاللىق ئەرلەر ھەممە يۈزىگە تور تارتىۋالغان ياكى يالاڭۋاش ئاياللار چوڭ ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۆيىنىڭ مەزمۇت دۆب ياغىچىدىن ياسالغان دەرۋازىسىغا تۆمۈر مىخلار زىچ قېقىلغانىدى.

يېڭى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كاللىسىدا ئىنسانىي پەزىلەت ۋە بەخت توغرىسىدا قانچىلىك گۈزەل تەسەۋۋۇر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تۇرلۇك ئەمەلىي ئېھتىياجلار لايىھىسىدە ئۇلار بىر پارچە تىڭ يەرنى قەبرىستانغا، يەنە بىر پارچە يەرنى تۇرمىگە ئاجرىتىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. مۇشۇ ئادەتكە ئاساسەن، بىز مۇنداق ئىشەنچلىك يەكۈن چىقىرالايمىز: بوستونىدىكى ئەجدادلار جىلغىدا قۇرۇپ چىققان تۇنجى تۇرمە بىلەن ئىساك جونسون رايونىدا بەرپا بولغان تۇنجى قەبرە تەڭلا روياپقا چىققان. كېيىنكى خان جەمەتى چېركاۋىنىڭ قەبرىستانى دەل ئۇنىڭ قەبرىسىنى چۆرىدەپ كېڭەيگەنىدى. شۈبھىسىزكى، بازار پەيدا بولۇپ 15 ~ 20 يىل ئۆتكەندە تىنىمسىز بوران - چاپقۇن ۋە قار - يامغۇرلار تۇپەيلى، ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرمىنىڭ قورقۇنچلۇق ۋە سۇرلۇك دەرۋازىسى خىرە ھەم ھەسرەتلىك تۈسكە كىرىپ، ئىشىكتىكى تۆمۈر مىخلاردىكى داتلار بۇ يېڭى قۇرۇلۇقتىكى باشقا ھەرقانداق ئىزناغا قارىغاندا قەدىمكىدەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خۇددى جىنايەتكە ئالاقىدار بارلىق نەرسىلەرگە ئوخشاشلا، تۇرمىمۇ ياشلىق پەيتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باققان ئەمەس. بۇ بەتبەشىرە دەرۋازىدىن تاكى ھارۋا ئىزلىرى قاپلىغان كوچىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر پارچە چۆپلۈك بولۇپ، بۇ يەرنى قېرىقىز، يانتاق، زەھەرلىك ئوت - چۆپلەرگە ئوخشاش تايىنى يوق ئۆسۈملۈكلەر قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ ئۆسۈملۈكلەر بۇ يەردە ئورتاقدىشىنى

تاپقاندەك قىلاتتى ، چۈنكى بۇ يەردە مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ قاباھەتلىك گۈلى بولغان تۈرمە ئاللىبۇرۇن بارلىققا كەلگەندى . دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىدە ، يەنى دەل بوسۇغىسىدا دېگۈدەك يەردە بىر تۈپ ياۋا ئەتىرگۈل قەد كېرىپ تۇراتتى . ئىيۇن ئېيىدا ياقۇتتەك جۇلالىنىپ ئېچىلغان بۇ گۈل تۈرمىگە كىرىپ كېتىۋاتقان مەھبۇسلار ياكى قاراڭغۇلۇقتىن يېنىپ چىقىۋاتقان گۇناھكارلارغا ئۆزىنىڭ ھىدى ۋە گۈزەللىكىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ، تەبىئەت قەلبىدىكى چوڭقۇر ھېسداشلىق ۋە رەھىمدىللىقنى ئىزھارلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

بۇ ئەتىرگۈل نۇرغۇن قىسمەتلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ ، ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلى ھايات قالغانىدى . ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋالغان قارىغاي ۋە دۇب دەرەخلىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى بىلەن قەدىمىي ھەم مۇشەققەتلىك دالىدا ئامان قالغانمۇ ياكى كىشىلەر ئىشەنگەن رىۋايەتتىكىدەك ئەن خاتچىنسون تۈرمە ئىشىكىدىن كىرگەندە ، ئۇنىڭ ئىزىدىن ئۈنۈپ چىققانمۇ ، بۇنى دەلىللەپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك ، بىزنىڭ ھېكايىمىز ئاشۇ شۇم دەرۋازىدىن باشلىنىدۇ . بوسۇغىدا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىدىن بىرەر تال ئۈزۈپ كىتابخانلىرىمىزغا سۇنماي تۇرالايمىزمۇ ؟ بۇ ياۋا ئەتىرگۈل ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق ۋە ھاياتتىكى بەختسىزلىكلەرنى بايان قىلىشتا ، ئەخلاق گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقى ۋە پىغانىغا سىمۋول بولغان ھالدا ، ھېكايىمىزنىڭ پاجىئەلىك تۈگەللىنىشىدە كىتابخانلارغا كىچىككىنە تەسەللى بولسا ئىكەن دەيمىز .

# 2 . بازار

ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى بىر ياز كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال ، تۆرمە ئالدىدىكى چۆپلۈك بوستون پۇقرالىرى بىلەن تولغانىدى . ئۇلار زىچ مىخلىق تۆرمە دەرۋازىسىغا تىكىلىشەتتى . مۇبادا باشقا پۇقرالار بولسا ياكى يېڭى ئىنگلاند شتاتىنىڭ يېڭى تارىخىي باسقۇچىغا يېتىپ بارغىلى بولغان بولسا ، بۇ ساقاللىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ سوغۇق ئەپتى بولغۇسى شۇملۇقتىن ، ھېچبولمىغاندا سېسىق نامى پۇر كەتكەن جىنايەتچىنىڭ كىشىلەر كۈتكەن جاجىسىنى يېيىشىدىن دېرەك بەرگەن بولاتتى . چۈنكى ، ئۇ زامانلاردا سوتنىڭ ھۆكمى ئاۋامنىڭ رايىغا باقاتتى . ئەمما ، پروتېستانتلارنىڭ چۈس مىجەزىگە نىسبەتەن بۇنداق قىياسىمنى ئۆز بېشىمچىلىقتىن خالىي دېگىلى بولمايتتى ، بەلكىم بىر لەقۋا قۇل ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بەڭۋاش ئەنە شۇ جازا سۇپىسىدا تەربىيە قوبۇل قىلاتتى . ئەمدى نۆۋەت كەلگىنى بەلكىم بىر زاھىدى تەقۋا ياكى باشقا بىر دىنىي مەزھەپنىڭ مۇخلىسى ۋە ياكى يات بىر دىن مۇخلىسى بولۇشى مۇمكىندۇ . بۇنداق ئادەملەر دەل مۇشۇ يەردە شەھەردىن قوغلاندى قىلىناتتى ، بىرەر بىكار تەلەپ ئىندىئان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھارىقىنى ئىچىپ كوچىنى بېشىغا كىيگەنلىكى ئۈچۈن قامچا بىلەن ئۇرمانغا ھەيدىلەتتى . بىرەر يەرلىك ئەمەلدارنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ، ھىببىنس خانىمدەك زەھەرخەندە جادۇگەر دارغا ئېسىلىشى مۇمكىن ئىدى . قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، تاماشىچىلار كەيپى ئۇچقان ھالدا سۈرلۈك تۇرۇشاتتى . بۇ ھال دەسلەپكى كۆچمەنلەرنىڭ سالاھىيىتىگە تولىمۇ ماس كېلەتتى . چۈنكى ، ئۇلاردىن بىلەن قانۇننى بىر نەرسە دەپ قارايتتى ، بۇ ئىككى نەرسە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى . تەرتىپكە ئالاقىدار

ھەرقانداق ماددا ئېغىر ياكى يېنىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ئەيمىنىشىنى قوزغىيالايتتى. روشەنكى، جازا سۆپىسىدىكى گۇناھكارلارغا تاماشىبىنلاردىن كېلىدىغان ھېسداشلىق يوق ھېسابتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىنى قوزغايدىغان ھازىرقى جازا ئەينى زاماندا كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان كەيپىياتقا باي ئىدى.

ھېكايىمىز يۈز بەرگەن شۇ ياز ئەتىگىنىدە سۆزلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ئىشلار بار: كىشىلەر ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرگەن بىرقانچە ئايال بېرىلگۈسى قانداقتۇر بىر جازاغا ئالاھىدە قىزىققاندەك قىلاتتى. ئۇ يىللاردا كىشىلەر ئۇنچە كۆپ زوكۇنلارنى بىلىپ كەتمەيتتى، ئىچ كۆڭلەك ۋە كۆپتۈرمە كۆڭلەك كىيىۋالغان ئاياللار چوڭ سورۇنلاردا بىمالال يۈرۈۋېرەتتى. سىمىز ئاياللار بەدەنلىرىنى تولغاپ جازا سۆپىسىغا ئەڭ يېقىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا سىغدىلىپ كىرگەندىمۇ ئەدەپسىزلىك بىلىنمەيتتى. ئەنگلىز يۇرتىدا تۇغۇلغان كېلىنلەر ۋە قىزلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالتە - يەتتە ئەۋلاد كېيىنكى چىرايلىق پۇشتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار قاۋۇل ۋە مەردانە ئىدى. ھەربىر ئانا ئەۋلاد زەنجىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىزىغا سىپايە خاراكتېرىنى قالدۇرمىغاندىمۇ، ئاجىزراق بەدەن، ئاقراق چىراي، زىلۋا قامەتنى قالدۇرغان دېيىشكە بولاتتى. تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇشقان ئاشۇ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلىدىغان ئەركەكلەرگە خاس جاسارەتكە ئىگە ئېلىزابېتتىن يېرىم ئەسىر بۇرۇنراق ياشىغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئايال پادىشاھنىڭ يۇرتلۇقلىرى ئىدى؛ ئۆيىدىكى كالا گۆشى ۋە بۇغداي شارابلىرى تاۋلىنىشتىن ئۆتمىگەن روھىي ئوزۇق بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى كۈچلەندۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ مۈرىسى، تولغان كۆكسى، يۇمىلاق ھەم قىزىل مەڭزى تاڭ نۇرىدا پارقىرايتتى، ئۇلار يىراقتىكى ۋەتەن ئارىلىدا چوڭ بولغان بولۇپ، يېڭى ئەنگلاند ھاۋاسىدا سۇزۇلۇشكە ۋە جۇدەشكە تېخى ئۈلگۈرمىگەنىدى.

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ، بۇ ئاياللارنىڭ ئاۋازى چوڭ ئىدى ، بۇگۇنكى كۈندە بولسا مەيلى ئۇلارنىڭ ئاۋازى ياكى كىيىنىش مەنىسى بولسۇن ، كىشىلەرنى ئەندىكتۈرۈۋەتكەن بولاتتى .

— ھەي خوتۇنلار ، — دېدى ئەللىك ياشلاردىكى گۆش يۈز بىر خوتۇن ، — ئويلىغانلىرىمنى سىلەرگە دەپ باقاي ، بىزگە ئوخشاش ياشنىپ قالغان ، نام - ئاتىقى يامان ئەمەس دىنىي جەمئىيەت ئەزالىرى خىستىر پروندەك ئەسكى ئايالنى ئۆزىمىزلا جازالىۋالغان بولساق ، كۆپچىلىك ئۇچۇن ياخشى ئىش بولاتتى ، سىلەرچە قانداق ، خوتۇنلار ؟ ئاۋادا ئۇ بۇزۇقنا بەشىمىزنىڭ ئالدىدا ھۆكۈم چىقىرىلغان بولسا ، ئۇ ئاشۇ مۆھتەرەم جانابلارنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلىپ بىر ياقلارغا قېچىپ كېتەلەمتى ؟ پەرۋەردىگارىم ، ئۇنداق بولۇشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن !

— ئاڭلىشىمچە ، — دېدى يەنە بىر ئايال ، — ھۆرمەتلىك باستېر دىمىسدېل ئۇ خوتۇننىڭ باستېرى ئىكەن . مۇخلىسلىرى ئارىسىدا مۇشۇنداق سەتچىلىكنىڭ چىققانلىقىدىن ئۇ ناھايىتى ئازابلىنىپتۇ .

— ئۇ جانابلارنىڭ ھەممىسى پەرۋەردىگارغا ئىشىنىدۇ ، لېكىن ئادەتتىن تاشقىرى رەھىمدىل ، بۇنىسى راست ، — دېدى ياشنىپ قالغان ئۇچىنچى بىر ئايال تولۇقلاپ ، — ئۇلار ھېچبولمىغاندا خىستىر پروننىڭ پېشانىسىگە مۆھۈر بېسىشى لازىم . بۇنداق بولغاندا ، خىستىر دېگەن خوتۇن قورققان بولاتتى ، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن . لېكىن ، ئۇ بۇزۇق بىرنېمە چاپلاپ قويىسمۇ پەرۋا قىلمايدۇ ! ھىم ، كۆپچىلىك قاراپ تۇرۇڭلار ، ئۇ بىرەر بۇلاپكا ياكى يات دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئاللىقانداق زىبۇزىننەتلىرىنى ئېسىۋېلىپ مەيدىسىدىكى بەلگىنى توسۇپ قويۇپ ، كوچىدا يۈرىۋېرىشى مۇمكىن !

— بىراق ، — دېدى بالا يېتىلىۋالغان ياش جۇۋان گەپ قىستۇرۇپ ، — توسقۇسى كەلسە توسىۋەرسۇن ، بەرىبىر كۆڭلىدە ئازابلىنىدۇ .

— پېشانىسىدە ياكى مەيدىسىدە بولامدۇ، بەلگە دېگەن قانچىلىك گەپتى ، — دېدى يەنە بىر ئايال ۋارقىراپ ، ئۇ ئۆز-ئۆزىنى سوتچىغا ئايلاندۇرۇۋالغان بۇ بىرقانچە ئايالنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ كۆرۈمسىز ھەم رەھىمسىز بىرى ئىدى ، — ئۇ ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى تۆككەندىكىن ، ئۆلۈمگە لايىق . «ئىنجىل» ۋە باشقا قانۇن دەستۇرلىرىدا يېزىلغانغۇ ! قانۇن بويىچە ئىش قىلمايدىغان ئاشۇ جانابلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرى ناشايان يولدا ماڭسا ، ئاندىن تويۇشىدۇ .

— ۋاي خۇدايىم ، ئەي خوتۇنلار — دەپ ۋارقىرىدى كىشىلەر ئارىسىدىكى بىر ئەر ، — ئايال خەق دېگەننىڭ دارىدىن قورققىنىنى كۆرگەن ! ئۇلاردا نومۇستىن باشقا پەزىلەت قالمىدىمۇ نېمە؟ ئۇنچىۋالا دەپ كەتمەڭلار ! ھەي خوتۇنلار ، ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار ! تۈرمىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى ، خېستېر خانىم چىقىۋاتىدۇ .

تۈرمە دەرۋازىسى ئىچ تەرەپتىن ئېچىلدى ، ئالدى بىلەن گۇندىپاي كۆرۈندى . ئۇنىڭ بېلىدە خەنجەر ، قولىدا ئەدەپ كالتىكى بار ئىدى . ئۇنىڭ سۈرلۈك قىياپىتى كۈن نۇرىدا خۇددى كۆلەڭگىدەك تۇيۇلاتتى . ئۇنىڭ چىرايى پروتېستانت دىنىي دەستۇرلىرىدىكى رەھىمسىزلىك ۋە شەپقەتسىزلىكنىڭ سىمۋولى ئىدى ، ئاسىيلارنى ئاداققى قېتىم بىۋاستە جازالايدىغان ئادەم دەل مۇشۇ ئىدى . ئۇ سول قولىدا كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئوڭ قولىدا ئالدىدىكى ياش چوكاننىڭ مۈرىسىدىن ئىتتەرگەن پېتى كېتىپ باراتتى . بوسۇغىغا كەلگەندە ، ئايال ئۆزىنىڭ قۇدرىتى ۋە غۇرۇرىنى نامايان قىلىدىغان ھەرىكەتنى قىلدى . ئۇ گۇندىپاينى ئىتتىرىۋېتىپ ، سىرتقا گويا ئۆز ئىرادىسى بىلەن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۈچ ئايلىقچە بولغان بوۋاق بار ئىدى . بوۋاق كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، يۈزىنى قۇياش نۇرىدىن قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى ، چۈنكى ئۇ تۇغۇلۇپلا تۈرمىدىكى خىرە - شىرە شولىلارغا ئادەتلەنگەنىدى .

ياش چوكان بوۋاقنىڭ ئانىسى ئىدى . ئايال كىشىلەر توپى ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا ، بالىنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باسقاندەك قىلىدى ، ئۇنى قانداقتۇر ئانا مېھرىدىن بولدى دېگەندىن كۆرە مەيدىسىدىكى گۇناھ بەلگىسىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندى ، دېگەن تۈزۈك ئىدى . لېكىن ، ئۇ دەرھاللا شۇنى سەزدى ، ئۇنىڭچە ، نومۇسنى نومۇس بىلەن ياپقىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى ، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەرەققىيات سانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاشكارىلىناتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قولىدا بالىنى كۆتۈردى ، خىجىللىقتىن قىزارغان چېھرىدە مەغرۇر تەبەسسۇم بار ئىدى . ئۇ خىجىللىقتىن خالىي نەزىرىنى بازاردىكى كىشىلەرگە ۋە ھەقەمسايىلىرىگە تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ مەيدىسىدە قىزىل لېنتىدىن تىكىلگەن A ھەرپى بولۇپ ، خەتنىڭ چۆرىسى زەر يىپ بىلەن ئىنچىكە كەشتىلەنگەنىدى . خەت ناھايىتى نەپىس بولۇپ ، ئۇستۇن ماھارەتتىن دېرەك بېرەتتى ، بۇ خەت كۆكسىدىكە چىرايلىق بېزەك بولغانىدى . ئۇنىڭ كىيىمى شۇ دەۋرنىڭ گۈزەللىك زوقىنى ئايان قىلاتتىكى ، كىيىمدىكى سىپتىلىق دەرىجىسى مۇستەملىكە دەۋرىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىق نىزامىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى .

چوكان ئېگىز ، خۇش پىچىم ئىدى ، قاپقارا چاچلىرى شۇ قەدەر پارقىراق ئىدىكى ، ئاپتاپتا جۇلالىناتتى . چىرايى يۇمران ھەم لاتاپەتلىك ئىدى ، قاشلىرى ۋە قاپقارا كۆزلىرى كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى . ئېسىل تەقى ـ تۇرقى ۋە سالاپىتى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېسىلزادە ئاياللارغا مەنسۇپ كۆرۈنۈشلەر ئىدى . ئۇنىڭدىكى سۇلكەت ھازىرقى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى زىلۋالىق ، ئەپچىللىك ۋە تەسۋىرلىگۈسىز نازاكەتتىن پەرقلىنەتتى . شۇ دەۋرنىڭ ئۆلچىمىدىن قارىغاندىمۇ خىستېر پرون تۈرمىدىن چىققاندىكىدەك بۇنداق ئېسىل سۇپەت بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى . ئۇنى بىلىدىغان كىشىلەر بۇ قېتىملىق دەرد ئۇنىڭ ھۆسن جۇلاسىنى يوق قىلىۋېتىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى . بىراق ، ئۇلار ھەيران قالدى . ئۇنىڭ كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان لاتاپىتى ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان

بەختسىزلىك ۋە نومۇسنىڭ ئىلكىدە يارقىن نۇر چەمبىرىكىگە ئايلانغانىدى . سىنچى تاماشىبىنلار ئۇنىڭ چىرايىدىكى نازۇك ئازاب ئىپادىلىرىنى سەزمەي قالمىدى . ئۇ تۇرمىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ بۇ كېيىمنى كۆڭۈل قويۇپ تىكىپ چىققانىدى ، بۇ كېيىم ئالاھىدە بىر خىل بىمالاللىق ۋە نەپىسلىكى ئارقىلىق ئايالنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى ، ئۈمىدسىزلىكتىن كېلىپ چىققان پەرۋاسىزلىقمۇ بۇ كېيىمدە مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى . لېكىن ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى ھەممىدە خىستېر پروننى ئۆزگىچە قىلىپ كۆرسەتكىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە كەشتىلەنگەن قىزىل خەت بولدى . ھەتتا ، ئۇنى پىششىق تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى . قىزىل خەت بىر خىل چۆچۈتۈش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ ، ئايالنى ئادەتتىكى كىشىلىك ئالاقە ئارىسىدىن تارتىپ چىقىرىپ ، ئۆزىنىڭ يارقىن شولىسىغا غەرق قىلدى .

— ئۇ يىڭنە ئىشىدا چېۋەر ئىدى ، بۇنىڭدا گەپ يوق ، — دېدى بىر ئايال ، — بۇ داپشاق مۇشۇ ھۇنىرى بىلەن ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بوپتۇ ـ دە ، بۇنداق ئىشنى كۆرمەپتىكەنمەن . سىلەرگە دەپ قوياي ، خوتۇنلار ، بۇ مۆھتەرەم ئەمەلدار جانابلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا زاڭلىق قىلغانلىقمۇ ، بۇ جازا ئارقىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىش بولماي نېمە ؟

— مېنىڭچە ، — دېدى جىددىي چىراي بىر موماي ، — خىستېر خانىمنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى ، ئاۋۇ غەلىتە خەتنى مەن ئاغرىپ قالغاندا ئىشلەتكەن مەخمەل پۇرۇچلىرىدىن تىككەن بولسا بوپتىكەن .

— كۆپچىلىك تىنچلىنىڭلار ، — دېدى ئەڭ ياش بىرى ، — ئۇ گېپىمىزنى ئاڭلاپ قالمىسۇن . كەشتىلىگەن خەتتىكى ھەربىر يىڭنە ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلىق .

گوندىپاي قولىدىكى كالتەك بىلەن ئىشارەت قىلدى .

— يولنى بوشىتىڭلار ، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ، پادىشاھنىڭ



www.uyghurkitap.com

ھەققىدە يولنى بوشىتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — سىلەرنى يولنى بوشاتساڭلار دەۋاتىمەن، شۇنى ھۆددە قىلالايمەنكى، پرون خانىمنىڭ تۇرىدىغان يەردىن ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىمىنى ھەممىڭلار كۆرەلەيسىلەر، ھازىردىن باشلاپ چۈشتىن كېيىن سائەت بىرگىچە قانغۇدەك كۆرەلەيسىلەر. ئوچۇق - يورۇق ۋە ئادىل ماسساچۇسىت ئىشغالىيىتىگە بەخت تىلەيلى، گۇناھكارنى سازايى قىلايلى، بۇياققا كەل، خىستىر خانىم، بۇ بازاردا قىزىل خېتىڭنى بىر كۆرسەت!

تاماشىبىن ئامما ئارىسىدىن بىر يول ئېچىلدى. خىستىر پرون گۇندىپاينىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاپاقلىرى تۇرۇلگەن ئەرلەر ۋە ئىچى يامان ئاياللاردىن ھاسىل بولغان رەتسىز توپ سازايىگاھقا قاراپ ماڭدى. تاماشا كۆرگىلى كەلگەن بىر توپ ئوغۇل باللار كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى چۈشەنمەيتتى، پەقەت مەكتەپنىڭ يېرىم كۈنلۈك ئوقۇش توختىتىلىدىغانلىقىنىلا بىلەتتى. ئۇلار يۈگۈرەيتتى ۋە بۇرۇلۇپ ئاياللىڭ چىرايىغا، ئاياللىڭ قۇچىقىدىكى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرغان بوۋاققا، ئاياللىڭ مەيدىسىدىكى ھاقارەتلىك خەتكە قارىشاتتى. تۈرمە ئىشىكى بىلەن بازارنىڭ ئارىلىقى نەچچە قەدەملىك يول ئىدى، لېكىن مەھبۇسنىڭ روھىي كەچۈرمىشىگە نىسبەتەن يىراق ھەم ئازابلىق مۇساپە ئىدى، ئايال گەرچە قەددىنى كۆتۈرۈپ ماڭسىمۇ، كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئاستىدىكى ھەربىر قەدەمنى ئېلىش مۇشكۇل ئىدى. خۇددى ئۇنىڭ قەلبى ھەممە يەرگە يېيىلغاندەك، بارلىق كىشىلەر ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە تۇغما رەھىمدىللىق بولىدۇ، ئازابلانغۇچى ئازابلىنىۋاتقان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئازابنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەمما، ئۇ ئازاب ئىسكەنجىسىدە تۇرىۋەرگەندە ئۇنى ھېس قىلىدۇ. خىستىر پرون بەھۇزۇر قىياپەتتە جازا سۇپىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ جازا سۇپىسى بوستوندىكى ئەڭ قەدىمىي چېركاۋنىڭ پېشايۋىنى ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، گويا شۇ چېركاۋنىڭ قوشۇمچىسىدەك كۆرۈنەتتى.

بۇ جازا سۇپىسى پۈتكۈل جازا ماشىنىسىنىڭ مۇھىم بىر

www.uyghurkitap.com

بۆلىكى ئىدى ، ئىككى ـ ئۈچ ئەۋلاد تارىخ ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە ، نەزىرىمىزدە ئۇ ئەنە شۇ تارىخ ۋە ئەنئەنىنىڭ يادىكارى بولۇپ كەتكەنىدى . ئەمما ، ئۇ ئەينى يىللاردا خۇددى فرانسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى تېررورچى پارتىيىلىكلەرنىڭ قەتلىگاھىغا ئوخشاش ئۇنۇملۇك تەلىم ـ تەربىيە قورالى دەپ قارىلاتتى . دېمەك ، ئۇ بىر سازايى سۇپىسى ئىدى . سۇپىنىڭ ئۈستىدە تاقاقلار ئېسىقلىق ئىدى ، ئۇ دەل گۇناھكارنىڭ بېشىنى ئىسكەنجىلەشكە ئەپلىك ئېگىزلىكتە بولۇپ ، گۇناھكار ئۇنىڭدا نائىلاج تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى . تۆمۈر ۋە ياغاچلاردىن مۇشۇنداق جازا قورالىنى ياساپ چىققان كىشىنى خورلاش ئۇسۇللىرىغا باي ئادەم دېمەي بولمايتتى . مېنىڭچە ، جىنايەت قانچىلىك دەرىجىدە بولسۇن ، جازالاشتىكى بۇنداق زوراۋانلىق بەربىر تولىمۇ ئىنسانىيەتسىزلىك بولۇپ چىقاتتى . گۇناھكارلارنىڭ ئۆز خىجىللىقىنى يوشۇرۇشىغىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرمىغان بۇنداق ياۋۇزلۇق ھەقىقەتەن چېكىگە يەتكەنىدى . بۇ دەل مۇشۇ خىل جازانىڭ مەقسىتى ئىدى . خېستېر پرىننىڭ بۇرۇنقىلارغا ئوخشاشلا جازا قوبۇل قىلىپ بىر مۇددەت سازايى قىلىنماقچىدى . ئۇنىڭغا تاقاق سېلىش كەتمەيتتى ، ئەمما ئاشۇ رەھىمسىز ماشىنىنىڭ قىيناشلىرىدىن ساقىت بولالمايتتى . ئۇ نۆۋەتتە ئۆزى ئالىدىغان رولنى ياخشى چۈشىنەتتى ، ئۇ پەشتاق ئارقىلىق مۇرە بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتىكى سۇپىغا چىقىپ رەسۋايىئەزىم بولۇپ بەرسىلا بولاتتى .

ئەگەر بۇ بىر توپ پۇرىتانلارنىڭ ئارىسىدا رىم كاتولىك مۇخلىسىدىن بىرەرى بولغان بولسا ، كىيىمى ۋە بەستى سۈرەتكىلا ئوخشايدىغان ، بالا كۆتۈرۈۋالغان بۇ ساھىبجامالنىڭ ۋۇجۇدىدىن نۇرغۇن رەسساملار تەرىپىدىن سىزىپ چىقىلغان مەريەم ئانىنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولاتتى ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى سېلىشتۇرۇشتىن كەلگەن بولاتتى . چۈنكى ، مۇقەددەس رەسىمدىكى غۇبارسىز ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى ، پرىن خانىمنىڭ ۋۇجۇدىدا بولسا

پانىي ئالەمدىكى ئەڭ مۇقەددەس پەزىلەت ئىغىر گۇناھ بىلەن بۇلغانغانىدى . ئەمدى بۇ جاھان بۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكى تۈپەيلى خىرەلىشىپ كېتىدىغان بولدى ، ئۇنىڭ بوۋىقى تۈپەيلى چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغان بولدى .

ئىنسانلار جەمئىيىتى چىرىكلىكتە چېكىگە يېتىشتىن بۇرۇن كىشىلەر بۇ كەبى گۇناھ ۋە ئار ـ نومۇسنى كۆرگەندە ، تىترەك باساتتىكى ، كۆلۈپ ئۆتكۈزۈۋېتەلمەيتتى ، تەشۋىش يۈرەكنى بىر ئالغان بولاتتى . خىستىير پروننىڭ سازايى بولغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاددىيلىقى ۋە پاكلىقىنى يوقاتمىغانىدى . ئەگەر ئۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سوغۇق قانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ، ھەرگىز قاتتىق ـ يىرىك گەپلەر بىلەن غۇدۇراپ يۈرمىگەن بولاتتى . ئەمما ، باشقا بىر جەمئىيەت فورمىسىدىكى كىشىلەر بولسا بۇنداق ئىشلارنى كۆلكىگە دەستەك قىلىۋالغان بولاتتى . بەزىلەر كۆڭلىدە كۆلكىلىك ھېس قىلسىمۇ ، بىرنەچچە مۆھتەرەم جانابلارنىڭ مەركىزى مەيداندا بولۇشى تۈپەيلى ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالاتتى . گوبېرناتور ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە مۇشاۋىرلىرى ، سوتچى ۋە گېنېرال ھەمدە بازاردىكى باستىرلارنىڭ ھەممىسى كېچەش زالىنىڭ بالكونىدا ئولتۇر ـ قوپ بولۇشۇپ جازا سۈپىسىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىۋاتاتتى . بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئىمتىيازىنى يوقاتمىغان ھالدا ئىشتىراك قىلىشىدىن شۇنى ئېنىق بىلەلەيمىزكى ، ئۇلار چىقارغان ئاخىرقى ھۆكۈم ۋەزمىن ئۇنۇم مەنىسىگە ئىگە ئىدى . شۇڭا ، كىشىلەر ئارىسىدا شۇنىڭغا مۇناسىپ غەمكىنلىك ۋە سۇر پەيدا بولاتتى . شۇ بەختسىز گۇناھكارغا نەچچە يۈزلىگەن شەپقەتسىز كۆزلەر تىكىلىپ تۇراتتى ، ھەممە بېسىم ئۇنىڭ مەيدىسىگە مەركەزلەشكەنىدى . ئەھۋال ھەقىقەتەن چىدىغۇسىز ئىدى ، بىراق ئۇ بىر ئايالدا بولىدىغان ئەڭ زور چىدام بىلەن ئۆزىنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇ ئەسلىدە قىزغىن بولۇپ ، ئاسان ھاياجانلىناتتى ، شۇ تاپتا ئۇ جەسۇرلىشىپ كەتكىنىچە خىلمۇخىل

هاقارەت ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان زەھەرلىك تىكەن ۋە تىغ ــ خەنجەرلەرگە يۈزلەنگەنىدى. بىراق، كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئېغىر كەيپىياتىغا تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ھالەت يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ ئاشۇ تاشتەك چىرايلاردىن مەسخىرىلىك كۈلكىلەرنى كۆرۈشكە تەييار ئىدى. ناۋادا ئاشۇ ئەرلەر، ئاشۇ ئاياللار ۋە ئاشۇ بالىلاردىن پاراقلىغان كۈلكىلەر چىقسا ئىدى، خىستېر پرون مەغرۇر كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇرغان بولاتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق ئېغىر زەربىگە سەۋر قىلىشى لازىم ئىدى، ئۇ كۆكسىدىكى بارلىق كۈچىنى توپلاپ ۋارقىرىۋېتىدىغاندەك، جازا سۇپىسىدىن يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، ئۆزىنى ئېلىشىپ قالىدىغاندەك ھېس قىلدى.

ئۇ سازايى قىلىنغان شۇ ۋاقىتتا، كۆز ئالدى گىرىمسەنلىشىپ كەتكەندەك بولدى، كىشىلەر توپى پارچە ــ پۇرات، غارايىپ كۆلەڭگىلەردەك غۇۋا كۆرۈندى. ئۇنىڭ پىكىر ۋە خاتىرىسى ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى، غەربىي ئوكيان ساھىلىدىكى بۇ ئىپتىدائىي كىچىك بازاردىن، ئەجدادلىرى ئاچقان كوچا ــ رەستىلەردىن ھالقىپ، باشقىچە مەنزىرە ۋە جايلار كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى ئۇچلۇق قالپاقلار ئاستىدا ئۇنى كەمسىتىۋاتقان چىرايلار ئەمەس ئىدى، بەلكى ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلار ئىدى. بالىلىق، مەكتەپ، بالىلىق ئويۇنلىرى، ئۇرۇش ــ تالاش، نىكاھتىن بۇرۇنقى ئانىسىنىڭ يېنىدا ئۆتكەن كۈنلەر بىردىنلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇنىڭغا كېيىنكى چوڭ ئىشلارنىڭ پارچىلىرى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم بولۇپ، بەئەينى بىر دىرامىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ روھىدىكى بىر خىل تەبىئىي ئىنكاستۇر: ئۇ ھەر خىل خىيالى كارتىنىلار ئارقىلىق ئۆزىنى كۆز ئالدىدىكى شەپقەتسىز رېئاللىقتىن قۇتقۇلدۇرۇۋاتاتتى.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سازايى سۇپىسى كۆزەت نۇقتىسىغا ئايلىنىپ، خىستېر پروننىڭ كۆز ئالدىدا قۇۋناق بالىلىقىدىن بۇيانقى پۈتكۈل ئىزنالارنى نامايان قىلىپ بەردى. ئۇ

ئۇ يەردە تىك تۇرماقتا، ئازابلانماقتا، يۈرتى ئىنگلاندىكى كەنتلەرنى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى: ئۇ بىر كونا، كۆل رەڭ تاش ئۆي بولۇپ، تېشىدىن بىچارە چىراي كۆرۈنسىمۇ، ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە قالقان شەكىللىك نەسەبنامە خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ دادىسىنىڭ چېھرىنى سىلىق پېشانىسىنى ۋە ئېلىزابېت دەۋرىگە خاس پۈرمە ياقىلىرىغا چۈشۈپ تۇرغان سۆلەتلىك ئاپئاق ساقاللىرىنى كۆردى. ئۇ ئانىسىنىڭ چىرايىنى كۆردى، ئانىسىنىڭ شەرەندازلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە مېھرىبانلىقى ھەرقاچان ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. ئانىسى دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا داۋاملىق نەسىھەت قىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلغانىدى. ئۇ نارەسىدە دەۋرىدىكى گۈزەل سىيماسىنى كۆردى، بۇ سىيما ھەتتا ئەينەكنىمۇ يورۇتۇۋېتەتتى. ئۇ يەنە باشقا چىرايىنى كۆردى، ئۇ قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئەرنىڭ چىرايى بولۇپ، تاتىراڭغۇ ھەم سولغۇن ئىدى، بىر قاراشتىلا ئۆلىمانىڭ چىرايى ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىراغ ئاستىدا تۇم ـ تۇم كىتابلارنى ئوقۇپ، نۇرسىزلىنىپ كەتكەنىدى. دەل مۇشۇ خۇنسىز كۆز باشقىلارنىڭ روھىيىتىنى كۆزەتكەندە باشقىچە ئۆتكۈرلىشىپ كېتەتتى، گەرچە بۇ ئايال ئاياللارغا خاس تەسەۋۋۇر كۈچى بىلەن بۇ ئەرنىڭ ئوبرازىدىن يىراقلاشقا ئۇرۇنسىمۇ، بۇ ئۆلىما ۋە زاھىتنىڭ كۆلەڭگىسى يەنىلا ئەگىپ تۇراتتى. بۇ كۆلەڭگە قىيسىق بولۇپ، سول مۈرىسى ئوڭ مۈرىسىدىن ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ئايان بولغىنى ياۋروپانىڭ مەلۇم بىر شەھىرىدىكى تار ھەم كېسىشمە كوچىلار، كونىلىقى چىقىپ تۇرغان ئاممىۋى قەسىرلەر، ھەيۋەتلىك كاتولىك چېركاۋى، ئېگىز كۆل رەڭ تۇرالغۇلار ئىدى. ئۇ يەردە يېڭى بىر ھايات ئۇنى ساقلاۋاتاتتى، ئەمما بۇ ھېلىقى قىيسىق ئۆلىما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئۇ ھايات بەئەينى خارابىدىكى مۇخلار كەبى چىرىندىلەردىن قۇۋۋەت ئالاتتى. بۇ مەنزىرىلەر تىزمىسى تۇماندەك تارقاپ كەتتى، ئايال ئاخىر پورىتانلار مۇستەملىكىسىدىكى ۋەيرانە بازىرىغا قايتىپ

كەلدى ، بازاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ ، قەھرلىك نەزەر تاشلىشاتتى . شۇنداق ، ئۇلار تىكىلىپ تۇراتتى ، ئۇ چارا سۇپىسىدا ئىدى . قۇچىقىدا بالا ، مەيدىسىدە قىپقىزىل A ھەرپى چۆرىسى زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن A ھەرپى !

بۇلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ ؟ ئۇ بالىسىنى باغرىغا باستى ، بالا يىغلاپ كەتتى . ئۇ نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ قىپقىزىل ھەرپكە قارىدى ، ئۇ ئۆزىگە بالا ۋە نومۇسىنىڭ راستتىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەتنى سىلاپ باقتى . شۇنداق ، بۇ ئۇنىڭ ئوڭى ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى غايىب بولغانىدى !

## 3 . تونۇشۇش

ئاخىر ، ئايالنىڭ دىققىتى توپنىڭ نەزىرىدىن ساقىتلاندى ، چۈنكى كىشىلەر توپنىڭ سىرتىدىكى بىرى ئۇنىڭ نەزىرىگە ئېلىندى . ئۇ ئادەم تۇسقۇنسىز هالدا ئايالنىڭ مېڭىسىنى ئىگىلىدى . ئۇ يەردە ئىندىئانچە ياسانغان بىرى تۇراتتى . ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلانغان بۇ رايوندا قىزىل تەنلىكلەر ئاز ئەمەس ئىدى . ئەسلىدە بۇنداق بىرەر ئادەم خىستېر پروننىڭ دىققىتىنى تارتماسلىقى ، كاللىسىدىكى باشقا نەرسىلەر ۋە پىكىرلەرنى سىغداپ چىقىرىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدى . لېكىن ، ئىندىئاننىڭ قېشىدا تۇرغىنى مەدەنىي ۋە ياۋايىلارچە كىيىملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ كىيگەن بىر ئاق تەنلىك بولۇپ ، شەكسىزكى ، ئۇ ئاشۇ ئىندىئاننىڭ هەمراهى ئىدى .

ئۇ ۋىجىك ، قورۇق يۈز ئادەم ئىدى ، لېكىن ياشىنىپ قاپتۇ دېگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى . يۇكسەك ئەقىل ئۇنىڭ جىسمىغا تەسىر قىلغان بولۇپ ، بۇنى ئۇنىڭ قىياپىتىدىنلا بىلگىلى بولاتتى . گەرچە ئۇ ئېتىبارسىز هالدا ئىندىئانچە كىيىنىۋالغان بولسىمۇ ، بەدىنىنىڭ پىنهان يەرلىرىنى يوشۇرماي تۇرالمىغانىدى . خىستېر پرون ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ تەڭ ئەمەسلىكىنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى . ئۇ ئۇنىڭ جۈدەڭگۈ ، قورۇق باسقان چىرايىنى ، ئاز ـ تولا مۈكچەيگەن قەددىنى كۆرۈپلا بالىسىنى باغرىغا چىڭ باستى . ئاغرىپ كەتكەچكىمىكىن ، بالا يىغلاپ كەتتى ، ئايال بۇنى تۇيمىغاندەكلا قىلاتتى .

كۆتۈلمىگەن مېهمان بازارغا كىرىپ ، خىستېر پرون ئۇنى كۆرۈشتىن بۇرۇنلا ، ئۇنىڭ نەزىرى خىستېر پرونغا چۈشۈپ

بولغانىدى . ئۇنىڭ نەزىرى خۇددى باشقىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىشكە كۆنۈپ كەتكەندەكلا بىپەرۋا ئىدى . سىرتىدىكى نەرسە ئىچىدىكىدىن ئاز ـ تولا دېرەك بەرمىسە ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ ـ دە . بىراق ، ئۇنىڭ نەزىرى خۇددى ئوتقا چۈشكەندەكلا بىردىنلا سەگەكلىشىپ كەتتى . ئۇ ئازابلانغاندەك كۆرۈنەتتى ، گويا يۈزىدە يىلان ماڭغاندەك . هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ تۈگۈلگەن قەددى تېخىمۇ ئېنىق بولدى . ئۇنىڭ چىرايى كۈچلۈك هاياجان تۈپەيلى تۇتۇلۇشۇپ كەتكەنىدى . ئۇ ئامال قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ، تۇتۇق چىرايى تىنچلانغاندەك كۆرۈندى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئازابلىرى غايىب بولدى ، ئازابلار ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى چوڭقۇر هاڭلارغا چۆكۈپ كەتكەنىدى . ئۇ خىستىر پروننىڭ ئۆزىنى كۆرگەنلىكىنى سېزىپ ، بىر بارمىقىنى ئاۋايلاپ چىقىرىپ ئىما قىلىپ ، ئاندىن لېۋىگە تەگكۈزدى .

ئۇ يېنىدىكى بىرىگە مۇرىسىنى تەگكۈزۈپ ، سىپايىلىك بىلەن سورىدى :

— بىلەمسىز كىن ، ئاق كۆڭۈل جاناب ، بۇ ئايال كىم ؟ ئۇ نېمىشقا سازايى قىلىنىدۇ ؟

— قارىغاندا ، ئەھۋالاردىن بىخەۋەردەك تۇرىسىز ، بۇرادەر ، — دېدى بازارلىق كىشى سوئال سورىغۇچى ۋە ئۇنىڭ يەرلىك ھەمراھىغا قىزىقسىنىپ ، — بولمىسا خىستىر پرون خانىمنىڭ قىلمىشلىرىنى ئىشىتكەن بولاتتىڭىز . سىزگە كاپالەت بېرەلەيمەنكى ، تەقۋادار دىمىسدېل باستېرنىڭ چېركاۋىدا ئۇ خەقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويدى .

— راست دېدىڭىز ، — دېدى ھېلىقى ئادەم ، — مەن بىر مۇساپىر ، ئېقىپ يۈرىمەن . دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتا نۇرغۇن خەۋپ ـ خەتەرلەرگە يولۇقتۇم ، جەنۇبتىكى دەھرىيلەر مېنى ئۇزاق ۋاقىت تۇتقۇن قىلىۋالدى ، ھازىر بۇ ئىندىئان مېنى تىلىۋالدىغان بىرەرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى . سىزدىن سوراپ باقسام ، خىستىر پرون ، توغرا دېيەلىدىممۇ ، بۇ ئايال نېمە گۇناھى ئۈچۈن

جازالىنىۋاتىدۇ ؟
— راست دەيسىز ، بۇرادەر ، مېنىڭچە سىز ئادەم ئاز يەرلەردە كۆلـپەت تارتىپ ، — دېدى بازارلىق ئادەم ، — بىزنىڭ يېڭى ئىنگلاندقا ، يەنى ئادەملىرى خۇداغا تېۋىنىدىغان بۇ يەرگە كېلىپ خـۇرسەن بولغانسىز ؟ بۇ يەردە ھەرقانداق گۇناھ ئەمەلدارلار ۋە پۇقـرالارنـىـڭ ئـالدىدا ئاشكارا سوراققا تارتىلىدۇ . بىلىشىڭىز كېرەككى ، ئۆزە تۇرغان ئاۋۇ ئايال ئوقۇمۇشلۇق بىرىنىڭ ئايالى ، ئـېـرى ئـەنـگـلىيىدە تۇغۇلۇپ ، ئامىستىردامدا تۇرۇپ قالغان . نـېـمـىـشـقـىـكـىـن ، خـېلى ئاۋۋاللا ئۇ دېڭىز ئاتلاپ ، بىزنىڭ مـاسـساچۇستقا كۆچۈپ كەلمەكچى بوپتۇ ، ئۇ ئايالنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ ، ئۇ تەرەپتە ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماقچى بوپتۇ . خـۇدايـا تـوۋا ، ئـەزىـز جـاناب ، ئىككى يىل ئۆتكەندۇ ، بەلكىم ئۇنچىلىكمۇ ئۆتمىگەندۇ ، بۇ ئايال بوستوننىڭ پۇقراسى بولدى ، لېكىن ھېلىقى ئوقۇمۇشلۇق ئەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى . شۇنىڭ بىلەن بۇ ياش چوكان ئەمەس يوللارغا كىرىپ قالدى .
— ھە ، ھە ، چۈشەندىم ، — دېدى ناتونۇش ئادەم ئازابلىق كۈلۈپ ، — ئېيتقانلىرىڭىز بويىچە بولغاندا ، ھېلىقى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئەسلىدە كىتابلاردىن بولسىمۇ بۇنى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك ئىكەن . ئېيتىڭا ، ئۇ بوۋاقنىڭ دادىسى كىم ئىكەن ؟ بايقىشىمچە ، پـرون خانىمنىڭ قۇچىقىدىكى بالا ئۇچ ـ تۆت ئايلىق بولغاندەك تۇرىدۇ .
— راستىنى دېسەم ، بۇرادەر ، بۇ بىر سىر . دانىيلدەك تادان ئـادەمـلـەر ئـاز ، — دېدى بازارلىق ئادەم ، — خىستېر خانىم جـاھـىـللىق بىلەن ئۇندىمەي تۇرۇۋالدى ، يەرلىك ئەمەلدارلارمۇ چارىسىز قالدى . بەلكىم گۇناھقا شېرىك ئۇ ئادەممۇ بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈۋاتقاندۇ ، ھازىرچە كىشىلەر ئۇنى بىلمەيدۇ ، لېكىن خۇدا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ .
— ھـېـلىقى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ، — دېدى ناتونۇش ئادەم سوغۇق كۈلۈپ ، — ئۆزى كېلىپ دېلو تەكشۈرسە بولغۇدەك .

www.uyghurkitap.com

— ئۇ ھاياتلا بولسا شۇنداق قىلسا بولاتتى ، مۆھتەرەم جاناب ، ماسساچۇسىت ئەمەلدارلىرى شۇنداق قارايدۇكى ، ئايال چىرايلىق بولغاچقا ، ھەرباب بىلەن ئېزىقتۇرۇلغان . بەلكىم ئۇنىڭ ئېرى دېڭىزغا غەرق بولغاندۇ ، ئەمەلدارلار يۇرەكلىك ھالدا ئادىل جازا يۇرگۈزەلمەي قالدى . ئۇنىڭ قىلمىشى ئۆلۈمگە لايىق ئىدى ، ئۇلار يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلىپ ، ئۈچ سائەت سازايى قىلىشقا ھۆكۈم قىلدى . كېيىنكى ئۆمرىدە ھاقارەتلىك قىزىل خەت ئۇنىڭ مەيدىسىدە تۇرىۋېرىدىغان بولدى .

— نېمىدېگەن ئاقىلانە ھۆكۈم ، — دېدى ناتونۇش ئادەم بېشىنى ساڭگىلىتىپ ، — ئۇنداقتا ، بۇ ئايال باشقىلارنى گۇناھتىن تۇسۇشنىڭ ئىبرىتىگە ئايلىنىپتۇ ، تاكى ئاشۇ ھاقارەتلىك خەت قەبرە تېشىغا پۈتۈلگەنگە قەدەر . شۇنىڭغا بىئارام بولۇۋاتىمەنكى ، ئۇنى گۇناھقا شېرىك قىلغان كىشىمۇ جازا سۇپىسىدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇشى كېرەك ئىدى ، بۇ ئەقەللىي ئىش ئىدىغۇ . كىشىلەر ھامان ئۇنى بىلىدۇ ، ھامان تاپىدۇ ، چوقۇم تاپىدۇ !

ئۇ بازارلىق كىشىگە تەزىم قىلدى ، ئاندىن ئىنديئان ھەمراھىغا بىرنېمىلەرنى دەپ ، توپنىڭ ئالدى تەرىپىگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى .

بۇ چاغدا خىستېر پرون يەنىلا جازا سۇپىسىدا تۇرۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلىقى ناتونۇش ئادەمگە قادىلىپ قالغانىدى . پۈتۈن دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى . ئارىدا ئايالنىڭ نەزىرىدىكى ھەممە نەرسە غايىب بولۇپ ، ناتونۇش ئادەم بىلەن ئىككىسىلا قالغاندەك ئىدى . بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن باشقا بىر ھالدا دوقۇرۇشۇپ قېلىش تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن . بۈگۈنچۇ ، بۈگۈن ئۇ ئايالنىڭ ئەسلىدىكى تام مەش ئالدىدىكى ئىللىق شولىغا چۆمۈلگەن خىرامان ھالىتى ، ئائىلىدىكى بەختىنىڭ قۇچىقى ياكى چېركاۋنىڭ ھەيۋەتلىك كەيپىياتىدا كۆرگىلى بولىدىغان سالاپەتلىك تۇرقى دېڭىز دولقۇنىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن توپنىڭ ئالدىدا خۇددى مايمۇن ئويۇنىغا ئوخشاش ئاقۇۋەتكە قېلىۋاتاتتى ؛ چىڭقىچۇشنىڭ كۆيۈك ئاپتىپى ئۇنىڭ چىرايىدىكى

نومۇسنى ، مەيدىسىدىكى رەزىل خەتنى ، قوچىقىدىكى گۇناھ مېۋىسىنى يورۇتۇۋاتاتتى . بۇ ھال قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ، ئايال مىڭلىغان تاماشىبىنىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭغا پاناھ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئايال ئۆرە تۇراتتى ، ئۇنىڭ بىلەن ناتونۇش ئادەم ئوتتۇرىسىدا باشقىلار بار ئىدى . بۇ ئىككىسىنىڭ يالغۇز ھالدا روبىرو تۇرۇپ قېلىشىدىن كۆپ ياخشى ئىدى . ئايال توپتىن ۋە سازايىگاھتىن پاناھ ئىزدەيتتى ، بۇ پاناھنىڭ غايىب بولۇشىدىن ئەنسىرەيتتى ، كاللىسى تۈرلۈك خىياللار بىلەن تولغانىدى . كەينىدە بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى ، ئاخىر بۇيرۇق ئاھاڭىدىكى بىر سۆز بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ، ئۇنىڭ ئىسمىنى تەكرارلاپ ، مەيداندىكى ھەممە ئادەمگە ئېنىق ئاڭلاندى :

— قۇلاق سال ، خىستېر پرون !

باشتا ئېيتقىنىمىزدەك ، خىستېر پرون تۇرغان سۇپىنىڭ دەل ئۈستىدە بالكون بار ئىدى ، ئۇنى كارىدور دېيىشكىمۇ بولاتتى ، كارىدور كېڭەش زالىدىن سوزۇلۇپ كەلگەنىدى . ئەينى يىللاردا ، يەرلىك ئەمەلدارلار يىغىن ئېچىپ ، بىرەر ئىشنى جاكارلىماقچى بولسا مۇشۇ يەردە يىغىلىش بولاتتى . بۈگۈن مۇشۇ سورۇننى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن گوبېرناتور بېللىڭخام ئۆزى كەلگەنىدى . ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ كەينىدە تۆت مۇھاپىزەتچى ھۆرمەت قاراۋۇلى بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى . ئۇنىڭ شىلەپىسىگە قارا پەي قىستۇرۇلغان ، پەلتوسىنىڭ چۆرىسىگە گۈل كەشتىلەنگەنىدى ، ئىچىگە قارا دوخاۋا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى . ئۇ ئوتتۇرا بوي تۆرە بولۇپ ، قورۇقلىرىدىن جاپالىق كەچمىشلىرى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى . ئۇ مۇشۇ رايوننىڭ باشلىقى ۋە ۋەكىلى بولۇشقا تولىمۇ مۇناسىپتەك قىلاتتى . چۈنكى ، بۇ مۇستەملىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ھالىتى ياشلىقىنىڭ ھاياجىنىغا ئەمەس ، بەلكى قېرىلىقىنىڭ قەتئىي پىشقان ھالىتىگە ، ياشانغانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىگە تايىناتتى . ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازاندىكى ، ئۇلارنىڭ خىيال ۋە

ئــارزۇلىرى تولىمۇ چەكلىك ئىدى . گوبېرناتورنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئەربابلار بىر ـ بىرىدىن ھەيۋەت ئىدى ، ئۇ زامانلاردا ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى دىنىي ھوقۇق تۈزۈمىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىگە دەپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پاك ، دىيانەتلىك دەپ قارىلاتتى . يەر يۈزىدىن بۇ كەبى ئاقىل ۋە پازىل ئادەملەرنى تاللاپ چىقىش ئاسان ئەمەس ئىدى . ئەگەر بىرەر گۇناھكار ئايالنىڭ روھىنى سوتلاپ ، گادىرماچ بولۇپ كەتكەن ياخشى ـ يامانني ئايرىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىنسا ، ئۇلار خىستېر پروننىڭ ئالدىدىكى ئاكابىر ئەشرەپلەردەك زەكىي بولالمىغان بولاتتى . ئېنىقكى ، ئايال بۇنى چۈشىنەتتى ، ئۇ ھەر نېمىگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن ، ئۇنى ئادەملەر توپىنىڭ كەڭ ، ئىللىق قوينىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى . ئۇ كۆزىنى سۇپا ئۈستىگە قاراتقان ھامان ، چىرايى تاتىرىپ ، تىترەپ كەتتى .

بـايـىـلا ئـۇنـى سـەگـىـتكەن ئاۋاز ئابرۇيلۇق باستېر جون ۋىلسوننىڭ ئىدى . ئۇ بوستون روھانىيلىرى ئىچىدە مويسىپىترەكى ئىدى ، بىر كەسپىتىكى بۇرادەرلىرى كەبى ئۇمۇ ئۆلىما ئىدى . ئۇ ناھايىتى مېھرىبان ، چىقىشقاق ئادەم ئىدى ، بىراق ئۇنىڭ دىيانىتى پـاراسـىـتىدەك روناق تاپماي قالغانىدى . ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاق كـۆڭـۈلـلـۈك ھـۇزۇر ئـەمەس ، بـەلكى نومۇس ئىدى . ئۇنىڭ ياقىسىنىڭ يېنىدىن ئاقۇچ يالغان چېچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، غۇۋا كۆتۈپخانىغا ئادەتلەنگەن جاغال كۆزى ساپ قۇياش نۇرىدا خىستېر خانىمنىڭ بوۋىقىنىڭ كۆزىدەك چىمچىقلايتتى . ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كـونا كىتابلارنىڭ تىتۇلىدىكى ياغاچ ئويما رەسىملەرگە ئوخشاپ كېتەتتى . ئۇ ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىگە قول تـىـققاندا ، ئاشۇ قەدىمكى كىتابلاردىكى پورترېتلاردەك ھەقلىقمۇ ئەمەس ئىدى .

— خىستېر پرون ، — دېدى باستېر ، — مەن بۇ نەۋقىران قـېـرىـنـدىـشـىـم بـىـلـەن سـۆزلـەشـتىم ، سەن بۇرۇن ئۇنىڭ ئـەمـرىـمەرۇپلىرىنى ئاڭلىغانىدىڭ ، — جانابىي ۋىلسون قولىنى چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن ياش بالىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ

تۇرۇپ سۆزلىدى ، — مەن بۇ ياش بالىنى پەرۋەردىگار ئالدىدا ، ئاقىل تۆرىلەرنىڭ ئالدىدا ، ئاۋامنىڭ كۆزىدە سىنىڭ ئىشىڭنى بىر تەرەپ قىلغىن ، قىلمىشلىرىڭنىڭ ئەڭ قارا يەرلىرىنى ئېچىپ بەرگىن ، دېدىم . چۈنكى ، ئۇ سېنى مەندىن بەكرەك چۈشىنىدۇ ، ئۇ ساڭا لايىق سوتچى بولالايدۇ . ئۇ سېنىڭ جاھىللىقىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ، سېنى ئازدۇرغان مەلئۇننى ئىقرار قىلدۇرۇشنى ئوبدان بىلىدۇ . ئۇنىڭ قابىلىيىتى يېشىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ياشلىقىغا مۇناسىپ ئەزمىلىكىمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئۇ مەن بىلەن تالىشىپ ، شۇنچە جىق ئادەملەر ئالدىدا ئۇنىڭ نومۇسىنى ياپاق ، ئائىللىق تەبىئىتى كۆتۈرەلمەيدۇ ، دەپ تۇرۇۋالدى . مەن ئۇنى ، نومۇس دېگەن جازا ۋاقتىدا ئەمەس ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا مەۋجۇت بولىدۇ ، دەپ قايىل قىلماقچى بولدۇم . يەنە بىر دېگىنە ، قېرىنداشىم دىمىسدېل ، قانداق قارايسەن؟ ئۇ بىچارىنىڭ روھىنى زادى سەن قازامسەن ياكى مەنمۇ؟

سۇپىدىكى سۇر چىراي جانابلار ئۆزئارا قۇلاق قېقىشىۋالدى ، گوبېرناتور بىللىڭخام كۇس ـ كۇس گەپلەرنىڭ مۇددىئاسىنى ئېيىتتى ، ئۇنىڭ گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى سۇرلۇك ئىدى . بىراق ، يەنىلا ياش باستېرغا بولغان ئىززەت ـ ئىكرامنى بىلگىلى بولاتتى .

— مۇرۇۋۋەتلىك دىمىسدېل ئەپەندى ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئايالنىڭ روھىغا بولغان مەسئۇلىيىتىڭىز ئېغىر ، ئۇنىڭ توۋا قىلىپ ، يېڭى ئادەم بولۇپ چىقىشىدىكى مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك .

بۇ گەپلەر كىشىلەر توپىنىڭ نەزىرىنى باستېر دىمىسدېلغا يۆتكىدى . ئۇ ئەنگلىيىدىكى داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ، تالانتلىق ئىدى . ئۇ بارلىق بىلىمىنى بىزنىڭ بۇ ئىپتىدائىي ئورمانغا ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇنىڭ ناتىقلىقى ۋە دىنىي قىزغىنلىقى كەسپىي ئىستىقبالىدىن تېزلا بېشارەت بەرگەنىدى . ئۇنىڭ قىياپىتى قەتئىي بولۇپ ، پېشانىسىدىن ئېسىل

سۈپەتلىكلىكى چىقىپ تۇراتتى ، قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى غەمكىن كۆرۈنەتتى ، كالپۇكلىرى يۇمۇلماي قالسىلا تىترەپ كېتەتتى ، بۇ ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ۋە تەمكىنلىكىنى بىلدۈرەتتى . گەرچە يۈكسەك تالانت ۋە ئۆلىماچە قابىلىقا ئىگە بولسىمۇ ، ياش باستىردىن غەمكىنلىك ۋە نېمىدىندۇر ئەندىككەندەك ھالەت چىقىپ تۇراتتى . ئۇ گويا ھايات يولىدا ئادىشىپ گاڭگىراپ قالغاندەك ، شۇ تۇپەيلى ئۇزۇل ـ كېسىل بېكىنىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى . شۇڭا ، ئۇ ئىمكانقەدەر ئىشنى قىلىپ بولۇپلا ، بوك ـ باراقسان باغچىنىڭ چىغىر يوللىرىدا سەيلە قىلاتتى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ساپلىقى ۋە ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، زۆرۈر تېپىلغاندا ، يېڭى ھەم شەبنەمدەك سۈزۈك پىكىرلىرى بىلەن چىقىپ كېلەتتى ، كىشىلەر ئېيتقاندەك ، ئۇ باشقىلارغا پەرىشتىنىڭ تىلىنى ھېس قىلدۇراتتى .

باستىر ۋىلسون ۋە گوبېرناتورنىڭ ئاشكارا تونۇشتۇرۇشى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى دەل ئاشۇ ياش ئىدى . ئۇلار ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇ ئايالنىڭ روھىي سىرىنى يېشىشكە دەۋەت قىلدى . ئۇ ئايالنىڭ روھى گەرچە بۇلغانغان بولسىمۇ ، مۇقەددەس ئىدى . ياش بالا ئوڭايسىزلاندى ، چىرايى تاتىرىپ ، كالپۇكلىرى تىترىدى .

— بۇ ئايالغا گەپ قىلىپ بېقىڭ ، قېرىندىشىم ، — دېدى ۋىلسون ئەپەندى ، — بۇ ئۇنىڭ روھىدىكى ھالقىلىق پەيت . مۆھتەرەم گوبېرناتور جانابلىرى ئېيتقاندەك ، ئايالنىڭ روھىغا نىسبەتەن سىزدە كەسپىي مەجبۇرىيەت بار . دېمەك ، بۇ سىزنىڭ روھىڭىز ئۈچۈنمۇ ھالقىلىق پەيت ، ئۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتسۇن .

دىمىسدېل ئەپەندى ئېگىلىپ تىلاۋەت قىلدى ، ئاندىن ئالدىغا قاراپ بىر قەدەم ئالدى .

— خېستېر پىرون ، — ئۇ بەدىنىنى بالكوندىن چىقىرىپ ، قەتئىي ھالدا پەسكە قارىدى ۋە ئايالنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — بايىقى مۇرۇۋۋەتلىك جانابىنىڭ گېپىنى



www.uyghurkitap.com

ئاڭلاپ ، مېنىڭ زىممەمدىكى مەسئۇلىيەتنى چۈشەندىڭ . ئەگەر سەن روھىڭنى تىنچلاندۇرۇش ھەم قۇتقۇزۇشنى ئويلىساڭ ، ساڭا بۇيرۇق قىلىمەنكى ، سەن بىلەن بىرگە گۇناھقا شېرىك بولغان جوراڭنى پاش قىل ! ئۇنىڭغا خاتا ھېسداشلىق قىلىپ ، جىم تۇرۇۋالما . گېپىمگە ئىشەنسەڭ ، خىستېر ، سەن پاش قىلساڭ ، ئۇ كۆرسىدىن چۈشۈپ ، يېنىڭدا تۇرۇپ ، تەڭ سازايى بولىدۇ ، بۇ جىنايى قەلبنى بىر ئۆمۈر ساقلاپ يۈرگەندىن كۆپ ياخشى . سۈكۈتىنىڭ نېمە لازىمى؟ بۇ ئۇنى ئازدۇرغانلىق بولىدۇ . ئۇنداق قىلساڭ ، گۇناھ ئۈستىگە ساختىلىق قوشۇلغان بولىدۇ ! پەرۋەردىگار سازايى بولۇش پۇرسىتىنى بەردى ، شۇڭا روھىڭدىكى يامانلىق ۋە چىرايىڭدىكى نادامەتنى يەڭگىن . لېۋىڭگە كېلىپ قالغان ئاچچىق ، ئەمما شىپالىق شارابنى ئۇ ئادەم ئىچەلىگۈدەك جاسارەتكە ئىگە بولمىسا كېرەك ، ئۇنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشىغا توسقۇن بولما !

ياش باستېرنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقاتتى ، ئۇنىڭ گەپلىرى يېقىملىق ، مەزمۇنلۇق ، چوڭقۇر بولۇپ ، ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئىدى . سۆزىنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا ، ئېنىق ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات يۈرەك بېغىشىغا بەكرەك تېگەتتى . شۇڭا ، ئۇنىڭ گېپى كۆپچىلىكنىڭ بىردەك ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى ، ھەتتا خىستېرنىڭ قۇچىقىدىكى بىچارە بوۋاقمۇ تەسىرلەنگەندەك قىلاتتى : ئۇ تەرتىپسىز قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ ، دىمىسدېل ئەپەندىگە تىكىلدى . ئىككى بىلىكىنى كۆتۈرۈپ ، نە قايغۇ ، نە خۇشاللىققا ئوخشىمايدىغان ئاۋازلارنى چىقاردى . باستېرنىڭ گەپلىرى ھەقىقەتەن قايىل قىلارلىق ئىدى . نەق مەيداندىكى ئادەملەر «خىستېر پرون گۇناھكار ئادەمنىڭ ئىسمىنى دەۋېتىدىغان بولدى ، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ، گۇناھكار ئەر يۇقىرىدا ياكى تۆۋەندە بولسۇن ، ئۆز روھىنىڭ تۈرتكىسىدە جازا سۇپىسىغا ئۆزى مېڭىپ چىقىدىغان بولدى» دەپ ئويلاشتى .

خىستېر بېشىنى چايقىدى .

— خانىم ، تەڭرىنىڭ رەھمىتىگە يۈز ئۆرۈشنىڭمۇ چېكى

www.uyghurkitap.com

بار ، — باستىر ۋىلسون تېخىمۇ ۋەزمىن ھالدا تەكىتلىدى ، — سىنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە بوۋىقىڭمۇ پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان ئاۋازى بىلەن سەن ئاڭلىغان نەسىھەتكە مايىل بولۇۋاتىدۇ . ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى دېگىن ! تووۋلىرىڭغا قوشۇپ مەيدەڭدىكى ئاھانەتلىك قىزىل خەتنى ئېلىۋېتىشكە پايدىسى بار .

— ھەرگىز دېمەيمەن ! — دېدى خېستېر پرون جاۋابەن . ئۇ ۋىلسون ئەپەندىگە قارىماستىن ، ھېلىقى ياش باستىرنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە قارىدى .

«بۇ قىزىل خەت بەكمۇ چوڭقۇر داغلانغان ، ئۇنى چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ . مەن ئۆز ئازابىم بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭمۇ ئازابىنى تارتىشنى خالايمەن !»

— دېگىن ، ھەي ئايال ، — جازا سۇپىسىنىڭ چۆرىسىدىكى ئادەملەر توپىدىن سوغۇق بىر ئاۋاز كەلدى ، — دېگىنە ، بالاڭنىڭ دادىسى بار بولسۇن !

— دېمەيمەن ! — دېدى خېستېر ، ئۇ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۆزى تونۇغان ئاۋازغا كەسكىن ئىنكاس قايتۇردى ، — قىزىمغا ئىلاھىي ئاتا كېرەك ، ئۇ بۇ دۇنيادا دادىسىنىڭ بارلىقىنى ئەبەدىي بىلمەي قالسۇن !

— ئۇنىڭ دېگۈسى كەلمىدى ، — دېدى دىممىسدېل ئەپەندى غودۇڭشىپ ، ئۇ گەۋدىسىنى بالكوندىن چىقىرىپ ، مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئۆز نەسىھىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈۋاتاتتى ، ئۇ ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ ، گەۋدىسىنى بالكوندىن تارتتى ، — ئايال كىشىنىڭ كۆكسى - قارنى نەقەدەر چوڭ ، نەقەدەر كەڭ - ھە ! ئۇ دېيىشنى خالىمىدى !

ياشىنىپ قالغان ھېلىقى باستىرمۇ بۇ بىچارە گۇناھكارنىڭ جاھىللىقىنى ئالللىبۇرۇن چۈشەنگەنىدى ، بۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇنىڭ تەييارلىقى بار ئىدى . ئۇ گۇناھ ھەققىدە بىر مەيدان سۆز قىلدى ، تۈرلۈك گۇناھلارنى مىسال قىلدى . گەپ ئاخىر ئاشۇ بەتبەشىرە خەتكە بېرىپ تاقالدى . ئۇ بىر سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان نۇتقىدا قىزىل خەت توغرىسىدا تەپسىلىي توختالدى . ئۇنىڭ

جاراڭلىق سۆزلىرى قۇلاقلاردا ياڭراپ، كۆڭۈللەرگە ۋەھىمە سالاتتى، ھېلىقى ئاھانەتلىك خەت دوزاخ ئوتىدا قىپقىزىل چوغلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شۇ پەيتتە، خىستېر پرون ھارغىن، بىپەرۋا ھالدا نومۇس سۇپىسىدا سالاپەت بىلەن تۇراتتى. شۇ كۈنى ئەتىگىنى ئۇ ئايال ئىنسان چىدايدىغانلىكى ئازابنىڭ ھەممىسىنى تېتىدى. خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بۇنداق ئازابتىن ھوشسىزلىنىش ئارقىلىقلا ساقىت بولالمايتتى، پەقەتلا ئۇ روھىنى بىھوشلۇق نىقابىغا يوشۇرالايتتى، خالاس. ۋەزچىنىڭ ئاۋازى ئايالنىڭ قۇلاق تۇۋىدە شەپقەتسىزلەرچە گۈلدۈرلىگەن بولسىمۇ ئۇنۇم بەرمىدى. ئازابنىڭ كېيىنكى دەقىقىلىرىدە، بالىنىڭ چىرقىراق يىغا ئاۋازى جاھاننى بىر ئالدى، ئايال ئىختىيارسىز بەزلەشنى ئويلىسىمۇ، بالىنىڭ بىئاراملىقى ئۇنىڭ ئۇچۇن بەربىردەك قىلاتتى. ئايال ياغاچ ھەيكەلدەك قاتقىنىچە تۇرمىگە ئېلىپ كېتىلدى. ئۇ زىچ تۆمۈر مىخ قېقىلغان تۇرمە دەرۋازىسىنىڭ كەينىدە كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدىن يىتتى. مارىلاپ يۇرۇشكەن كىشىلەر پىچىرلىشىپ دېيىشتىكى، ئايالنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەت قاپقارا كارىدوردا قاندەك جۇلالىنىپ كەتكەنمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 4 . ئۆچرىشىش

خېستېر پرون تۇرمىگە قايتقاندىن كېيىن ، ئەسەبىي ھاياجانلىنىش ھالىتىگە كىرىپ قالدى . ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ياكى بىچارە بوۋاققا خەۋپ يېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇنى ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى . تۈن پەردىسى يېيىلدى ، كىشىلەر ۋارقىراش ۋە قورقۇتۇشنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى تونۇپ يەتتى ، گوندىپاي بلاكىت دوختۇر چاقىرىشنى ئېيتتى . بلاكىتنىڭ ئېيتىشىچە ، دوختۇر خرىستىئان دىنىدىكى ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرىنى بىلىپلا قالماستىن ، ياۋايىلار ياشاۋاتقان ئورماندىكى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىكەن . دەرۋەقە ، داۋالاش خېستېرغا باققاندا بالىغا بەكرەك مۇھىم ئىدى . چۈنكى ، بالىنىڭ ئوزۇقى ئانىسىنىڭ سۈتى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ھاياجان ، ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتكەندەك قىلاتتى . بالا ئازابتىن تولغىناتتى ، ئۇنىڭ كىچىككىنە جىسمىدىكى ئۆزگىرىش خېستېر پروننىڭ بۈگۈنكى بىر كۈنلۈك ئازابىنىڭ پاكىتى ئىدى .

ئۆزگىچە قىياپەتلىك ھېلىقى ناتونۇش ئادەم گوندىپاينىڭ كەينىدىن سۈرۈن كامېرغا كىرىپ كەلدى . ئۇ بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال كىشىلەر توپىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغاندا ئايالنىڭ دىققىتىنى تارتقان ھېلىقى ئادەم ئىدى . ئەمەلدارلار بۇ ناتونۇش ئادەمنى تۇرمىدە ۋاقىتنىچە تۇرۇپ تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى ، بۇ قانداقتۇر ئۇنىڭ ناباب ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئەمەس ، بەلكى بىرىنىڭ ئىندىئانلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ئۇنى تىلمۇۋېلىشىدىن بۇرۇن شۇنداق قىلىشنىڭ مۇۋاپىقلىقىدىن بولغانىدى . ئۇنىڭ

ئىسمى روج چىلىڭغۇرس ئىدى . گوندىپاي ئۇنى باشلاپ كىرگەندىن كېيىن ، ئايال جىمىپ كېتىۋىدى ، گوندىپاي ھەيران بولدى . شۇ تاپتا بوۋاق يىغىسىدىن توختىمىغان بولسىمۇ ، خىستېر پرون ئۆلۈكتەك قېتىپلا قالدى .

— دوستۇم ، مېنى بىمار بىلەن بىردەم يالغۇز قالدۇرغىن ، — دېدى دوختۇر ، — ماڭا ئىشەنگىن ، مۇرۇۋۋەتلىك گوندىپاي ، سەن قاراۋاتقان بۇ كامېر ھايال ئۆتمەي تىنچلىنىدۇ ، يەنە شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى ، پرون خانىممۇ ئەمدى ئەمەلدارلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ ، بۇرۇنقىدەك بويۇنتاۋلىق قىلىپ كەتمەيدۇ .

— ۋاھ ، ئەگەر راستىنلا شۇنداق قىلالىسىڭىز ، — دېدى گوندىپاي بلاكىت ، — دورىگەرنىڭ شىپالىقلىقىغا راستىنلا ئىشەنگەن بولاتتىم ، بۇ ئايالغا جىن تەگكەندەكلا ئىلاجسىز قالغانىدىم .

ناتونۇش ئادەم كامېرغا تەمكىن ھالدا كىرىپ كەلدى ، بۇ قىياپەت ئۇنىڭ ئاتالمىش دوختۇرلۇق كەسپىگە بەك ئۇيغۇن ئىدى . گوندىپاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئىككىسى روبىرو بولۇشتى ، ئەر يەنىلا تەمكىن ئىدى . ئايالنىڭ بايام ئادەملەر توپىدىكى بۇ ئەرگە قارىشى ئۇلار ئارىسىدا ئادەتتىكىچە بولمىغان مۇناسىۋەتنىڭ بولىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى . ئەر باشتا بالىغا دىئاگنوز قويدى . بالا كارىۋاتتا تېپىرلاپ يىغلايتتى ، شۇڭا ئاۋۋال ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا توغرا كەلدى . ئۇ بالىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەندىن كېيىن ، قويىندىن تېرە قاپنى ئالدى ، ئۇ بىر تال دورىنى قاپتىن چىقىرىپ ئىستاكانغا سالدى .

— بۇرۇن كىمىياگەرلىك قىلغانىدىم ، — دېدى ئۇ ، — بىر يىلدىن بۇيان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تەبىئىتىنى بىلىش ماھارىتىنى ئىگىلىدىم . گېپىمنى ئاڭلىغىن ، خانىم ! بۇ بالا سېنىڭ ، مېنىڭ پۇشتۇم ئەمەس ، بۇ قىز بالا ھەرگىزمۇ مېنىڭ چىرايىمنى دادا قاتارىدا تونۇپ كەتمەيدۇ ، شۇڭا دورىنى يەنىلا

ئۆزۈڭ ئىچۈرگىن .

خېستېر ئۇنىڭ قولىدىكى ئىستاكاننى ئىتتىرىۋېتىپ ، گۇمانلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— ئۆچىڭىزنى بۇ بىگۇناھ بالىدىن ئالاي دەۋاتامسىز ؟ — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا .

— ھاماقەت خوتۇن ! — دېدى سۇس كەيپىياتتا ئەر ، — بۇنداق دادىسىز بىتەلەيگە زىيانكەشلىك قىلغىلى ساراڭمىدىم ؟ دورىنى ئىچۈرۈۋەتسەڭ ئوڭلىنىپ قالىدۇ . ئەگەر ئۇ مېنىڭ بالام بولغان تەقدىردىمۇ ، توغرا ، ئۇ مېنىڭ بالام بولغان بولسا ، سېنىڭمۇ بالاڭ بولغان بولاتتى ، بۇنىڭدىن ياخشى دورام بولماس ئىدى .

ئايال ئىككىلىنىۋاتاتتى ، ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ كاللىسى ئانچە سەگەك ئەمەس ئىدى . ئەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بالىنى قولىغا ئالدى - دە ، دورىنى ئىچۈرۈۋەتتى . دورا تېزلا ئۈنۈم بەردى . دوختۇر توغرا دېگەندەك قىلاتتى . ساقسىز بالىنىڭ يىغىسى پەسىيىپ ، بىئاراملىقىمۇ تۈگەپ قالدى . ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى . دوختۇر ئەمدى كېسەل تەكشۈرسە بولىۋېرەتتى . ئۇ كۆڭۈل قويۇپ بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتتى ، كۆزىنى تەكشۈردى . دوختۇرنىڭ تونۇش كۆزلىرى ئەمدىلىكتە شۇنچە يوچۇن ھەم رەھىمسىز ئىدى ، يۈرىكى تارتىشقان ئايال تۈگۈلۈپ قالدى ، ئەر دېئاگنوزنى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتۇرۇپ ، دورا تەڭشەشكە باشلىدى .

— مەن قايمۇقتۇرۇش دورىسى ياكى غەمنى كېسىدىغان ئۆسۈملۈك دېگەندەك نەرسىلەرنى بىلمەيمەن ، — دېدى ئەر چۈشەندۈرۈپ ، — بىراق ، ئاشۇ بەدەۋىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ، جىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندىم . بۇ رېتسېپنى بىر ئىندىئان كونا بىلىملەرنى ئۆگىتىپ قويغانلىقىمغا جاۋابەن ماڭا ئۆگىتىپ قويغانىدى . ئىچىۋەتكىن ! بەلكىم ، بۇ دورا پاك ۋىجداندەك ئارامبەخش بولمىسا كېرەك . بۇنداق ۋىجداننى ساڭا بېرىش

قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، بۇ دورا بوران ـ چاپقۇندىكى دولقۇندەك ھەۋەسلىرىڭنى ئارام تاپتۇرالايدۇ .

ئۇ ئىستاكاننى خىستىرغا بەردى ، خىستىر ئىستاكاننى ئېلىۋېتىپ ئەرگە قارىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋەھىمىدىن خالىي بولسىمۇ ، گۇمان ۋە ئاختۇرۇش بىلەن تولغان بولۇپ ، ئەرنىڭ مەقسىتىنى پەملەشكە تىرىشاتتى . ئايال شېرىن ئۇيقۇدىكى بالىغا قارىدى .

— ئۆلۈشنى ئويلىغانىدىم ، — دېدى ئايال ، — ئۆلۈمنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلدىمكى ، خۇدادىن ئۆلۈمنى تىلىدىم ، تىلىگۈچىلىكىم بارمۇ ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ . ئەگەر بۇ دورا جېنىمغا زامىن بولىدىغان ئىش بولسا ، ئۇنى مەن ئوتلاشتىن بۇرۇن ، ياخشىسى بىر ئويلىنىپ بېقىڭ ، مانا ئىستاكان ئاغزىمغا تېگەي دېدى .

— ئىچكىن ، — دېدى ئەر جاۋابەن ، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا رەھىمسىز ئىدى ، — مېنى شۇ دەرىجىدە چۈشەنمەمسەن ، خىستىر پىرون ؟ قەلبىمدە قىساس بولغان تەقدىردىمۇ ، غەرىزىم بۇقەدەر ئاددىي بولمايدۇ . مەقسىتىمگە يېتىشتە ، سېنى داۋاملىق تۇرمۇش كەچۈرگۈزۈپ ، دورا بېرىپ ، تېنىڭدىكى ئازابقا بەرھەم بېرىپ ، كۆكسۈڭنى نومۇسنىڭ داغلىرىدا داغلاشتىنمۇ ئېسىل چارە بارمۇ ؟ — ئۇ سۆزلىگەچ بىگىز بارمىقىنى قىزىل خەتكە سانجىدى . قىزىل خەت گويا ئوت ئېلىپ ئايالنىڭ قەلب دېۋارلىرىنى داغلىغاندەك بولدى . ئەر ئايالنىڭ بىئىختىيار قىياپىتىنى كۆرۈپ قالدى ، — ياشاۋەرگىن ! كىشىلەر ۋە قىزىڭنىڭ ئالدىدا پېشانەڭدىكىنى كۆر ! ياشىشىڭ ئۈچۈن بۇ دورىنى ئىچ .

خىستىر پىرون نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ يۇرمەي ، ۋاقىتنى سوزمايلا ئىستاكاندىكى دورىنى كۆتۈرۈۋەتتى ، ئاندىن بۇ ئۇستا دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ، بوۋاق ئۇخلاۋاتقان كارىۋاتتا ئولتۇردى . دوختۇر كامىردىكى بىردىنبىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكېلىپ ، ئايالنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . بۇ ئەھۋالدىن ئايالنىڭ

www.uyghurkitap.com

تېنىگە تىترەك ئولاشتى . چۈنكى ، ئىنساپچىلىقتا ياتىدىغان بۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن — ئەگەر ئۇ راست بولسا — بۇ ئەر بىر خىل سىپايە ۋەھشىيلىك تۈرتكىسىدە ئايالنى جىسمانىي ھەرەجىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ بۇ ئايال تۈپەيلى تولدۇرغۇسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئەلىمىنى ئېلىش ئالدىدا تۇراتتى .

— خىستېر ، — دېدى ئەر ، — مەن سېنىڭ قانداقسىگە گۇناھقا پاتقانلىقىڭنى ياكى سازايى سۈپىتىدە چىقىپ قالغانلىقىڭنى سۈرۈشتۈرمەكچى ئەمەس . سەۋەبلەر ئېنىق ، ئۇ دەل مېنىڭ دۆتلۈكۈم بىلەن سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ . مېنىڭ زېرەك ئالتۇن چاغلىرىم بىلىمگە بولغان تەشنالىقىمنى قاندۇرۇش بىلەن ئۆتتى . سەندىكى نازاكەت ۋە ياشلىق باھار ماڭا مۇناسىپ كەلمەيتتى . تۇغۇلۇشۇمدىنلا كۆرۈمسىزمەن ، مەن قانداقسىگە ئۆزۈمنى ۋە باشقىلارنى ئالداپ ، غۇنچە قىزلارنىڭ نەزىرىدىكى جىسمانىي كەمتۈكلۈكنى بىلىم ۋە ئەقىل - پاراسەت بىلەن تولۇقلاشقا ئىنتىلىپ قالغاندىمەن ! كىشىلەر مېنى چېچەن دەيدۇ ، ناۋادا ئەقىللىق كىشىلەر ئۆزىنى تونۇيدىغان ئىش بولسا ، بۇ ئاقىۋەتنى بالدۇرلا بىلسەم بولاتتى . بىپايان ئىپتىدائىي ئورماندىن چىقىپ ، بۇ خرىستىئانلار مەھەللىسىگە كېلىپ ، كۆرىدىغىنىمنىڭ جازا سۈپىتىدىكى خىستېر پروننىڭ خۇنۇك قىياپىتى بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنراق بىلسەم بولاتتى . ئاھ ، نىكاھ ئاخىرلىشىپ قەدىمكى چېركاۋنىڭ بوسۇغىسىدىن تۇنجى قەدەمنى ئالغىنىمىزدا ، يولىمىزنىڭ چېكىدە قىزىل خەتنىڭ لاۋۇلداپ كۆيىدىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى .

— خەۋىرىڭىز بار ، — دېدى خىستېر ، روھىي ھالىتى تۆۋەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ نومۇس بەلگىسىگە بولغان يېنىك ھۇجۇمغا چىداپ تۇرالمىدى ، — مەن سىزدىن ھېچنېمىنى يوشۇرمىدىم ، مەن سىزنى ياخشى كۆرەلمىدىم ، ساختىلىق قىلغىنىم يوق .

— روشەنكى ، — دېدى ئەر جاۋابەن ، — ئۇ مېنىڭ

هاماقەتلىكىم، بۇنى بايا ئېيتتىم. بىراق، هازىرغا قەدەر بىكارلا ياشاپ كەپتىمەن، ئۆمۈر بويى ھەسرەت بىلەن ئۆتتۇم، كۆڭلۈمنىڭ كەڭرىلىكىدىن ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ئىنسانلار سىغىپ كېتىدۇ، لېكىن مەندەك غېرىبكە پاناھ بولغۇدەك بىرەر بۇلۇڭمۇ يوق، قەلبىم سۆرۈنلۈكتىن ھۇۋۇلداپ تۇرىدۇ، بىرەر ئوچاقتا ئوت قالانغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە ! بۇ ئارتۇقچە تەلەپمۇ ئەمەس ئىدى. گەرچە ياشانغان، پەرىشان ۋە كۆرۈمسىز بولسامۇ، ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان ئەقەللىي بەخت مەندىمۇ بولسا بولاتتى. شۇڭا، خېستېر، سېنى كۆڭلۈمنىڭ خىلۋەت خانىسىغا باشلىدىم، ئۆزۈڭ بەرگەن ھارارەتتە ئۆزۈڭنى ئىللىتاي دېگەنىدىم !

— مەن سىزگە ئۇۋال قىلدىم، — دېدى خېستېر.

— ھەر ئىككىمىز ئۇۋال قىلىشتۇق، — دېدى ئەر جاۋابەن، — باشتا ساڭا مەن ئۇۋال قىلدىم، جولالىق غۇنچە بويۇڭنى پورلىشىپ كەتكەن كونا ياغاچقا تاڭدىم، ياشلىقىڭ بەربات بولدى. پىكىرلىك بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن سەندىن قىساس ئېلىشنى ئويلىغىنىم يوق، باشقا يامان غەرىزىممۇ يوق. ئارىمىزدىكى تارازا تەڭپۇڭ ئىدى. ئەمما، ئىككىمىزگە زىيانكەشلىك قىلغان ئۇ ئادەم ھايات، خېستېر ! ئۇ كىم ؟

— مەندىن سورىماڭ، — دېدى خېستېر پروۋن ئەرنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ، — بۇنى ھەرگىز بىلەلمەيسىز !

— ھەرگىز بىلەلمەيسىز دەۋاتامسەن ؟ — دېدى ئەر، ئۇنىڭ چىرايىدا غەمكىن ئىشەنچ كۆلكىسى كۆرۈندى، — مەڭگۈ بىلەلمەيسىز ؟ ئىشەنگىنكى، خېستېر، مەيلى تاشقى دۇنيادىكى ئىش بولسۇن، مەيلى كۆڭۈلنىڭ ئەڭ تېرەن يېرىدىكى ئىش بولسۇن، تىلسىملارنى يېشىدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. سەن ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن، شۇنداقلا باستىر ۋە باشقا جانابلاردىن سىرلىرىڭنى پىنھان تۇتالايسەن. ئۇلار بوگۇنكىدەك چارىلەر بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى يۈرىكىڭدىن سۇغۇرۇپ چىقىپ، سەن بىلەن بىرگە سازايى

قىلماقچى بولسىمۇ ، ئەمەلگە ئاشمىدى . مەنچۇ ، مەن ئۇلاردا يوق سەزگۈلەر بىلەن جاۋاب تاپالايمەن . مەن ئۇ ئادەمنى كىتابتىن ھەقىقەت ئىزدىگەندەك ، كىمياگەر ئالتۇن تاۋلىغاندەك ، كۆڭلۈگدىن قېزىپ چىقىرالايمەن . مەن ئۇ ئادەمنى ئورتاق سەزگۈر بىلەن تونۇيمەن ، ئۇنىڭ تىترەشلىرىنى كۆرىمەن ، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا تىترەيمەن . ھازىر يا كېيىن ئۇ ھامان قولۇمغا چۈشىدۇ .

چىرايىنى قورۇق باسقان ئالىمنىڭ كۆزى خىستىېر پرونغا تىكىلىپ ، ئۇنى مەيدىسىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى ، خۇددى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قاراپلا سىرنى ئۇقۇۋالىدىغاندەك .

— ئۇنىڭ ئىسمىنى دېمەمسەن ؟ ئۇ بەربىر مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، — دېدى ئارقىدىنلا ئەر ، ئۇنىڭ خۇددى تەقدىرنىڭ خوجىسىدەك چىرايىدا بىر خىل كىبىر بار ئىدى ، خۇددى تەقدىرنىڭ خوجىسىدەك ، — ئۇنىڭ كىيىمىدە سىنىڭكىدەك ئاھانەتلىك خەت يوق ، بىراق مەن يەنىلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلەيمەن . ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەنسىرەپ كەتمە ! مېنى ئىلاھىي قانۇننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئۇنى پاش قىلىپ ، ئىنسانىي قانۇن ئارقىلىق جازالايدۇ دەپ ئويلاپ قالما ، ئۇنداق قىلسام ماڭا نېمە پايدىسى ؟ ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ دەپ ئويلىمىغىن . ياق ، ئۇنىڭ نامشەرىپىنى ۋەيران قىلماقچىمۇ ئەمەسمەن . خاتالاشمىسام ، ئۇ ئابرۇيلۇق بىرى . ئۇ ياشاۋەرسۇن ، بەربىر مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ !

— قارىماققا رەھىم قىلغاندەك تۇرىسىز ، — دېدى خىستىېر ئەندىشە ئىچىدە ، — لېكىن ، سۆزلىرىڭىزدىن ۋەھىمە ياغىدۇ .

— سەن مېنىڭ ئايالىم بولغانىكەنسەن ، بىر ئىشنى ئۈستۈڭگە ئېلىشىڭ كېرەك ، — دېدى ئەر داۋاملاشتۇرۇپ ، — زىنا قىلغان ئەرنىڭ ئىسمىنى دېمىگەنىكەنسەن ، مېنىڭ سىرىمنىمۇ ساقلىغايسەن ! بۇ يەردە مېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ . ھېچكىمگە ئېرىڭ ئىكەنلىكىمنى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچما . بۇ يەردە يەر شارىنىڭ بۇ

باياۋىنىدا ، ئۆزۈم ئۈچۈن بارگاھ تىكىمەن ، نەگىلا باراي ، بەرىبىر مۇساپىرمەن ، ھەۋەسلىرىم ئۆزگىچە . مەن بۇ يەردە بىر ئايالنى ، بىر ئەرنى ۋە بىر بالىنى بايقاپ قالدىم ، ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئارامدا زىچ مۇناسىۋەت بار . مۇھەببەت ياكى نەپرەت بولسۇن ، توغرا ياكى خاتا بولسۇن ، سەن ياكى سېنىڭ ئادىمىڭ بولسۇن ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تەۋە . سەن نەدە بولساڭ ، ئۇ ئەرمۇ شۇ يەردە ، مېنىڭ ئائىلەممۇ شۇ يەردە . مېنى ھەرگىز ئۇلارغا ئاشكارىلاپ قويما .

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز ؟ — خىستېر قورققان ھالدا سورىدى . ئۇ بۇ سىرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى قورقۇپ قېلىشنىڭ ۋەجىنى بىلمەي قالدى ، — سىز نېمىشقا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خېتىمنى بىرىنۋەتمەيسىز ؟

— بەلكىم ، — دېدى ئەر ، — ساداقەتسىز بىر ئايالنىڭ ئېرىگە ئېلىپ كەلگەن ئاھانەتلىرىنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغاندىمەن . بەلكىم ، باشقا سەۋەبلەرمۇ باردۇر . ئىشقىلىپ ، مېنىڭ مۇددىئايىم ئۆمۈر بويى بۇ ئىشنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەسلىك . بۇ يەردىكىلەر مېنى ئۆلدى دەپ قارىسۇن . مەن توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز بولمىسۇن . گەپ ـ سۆز ، قىياپەت ، ھەرىكەت تەرەپلەردىن مېنى تونۇمايدىغان بولۇۋال . ئاغزىڭدىن ھور چىقىپ كەتمىسۇن ، بولۇپمۇ سەن ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ئەرگە . ئەگەر ئىشىمنى بۇزۇپ قويىدىغان بولساڭ ، ئۇ ئەرنىڭ شان ـ شەرىپى ، ئورنى ، ھاياتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قولۇمدا . پەخەس بولغىن !

— ئۇنىڭ ئۈچۈن سىر ساقلىغاندەكلا ، سىز ئۈچۈنمۇ سىر ساقلايمەن ، — دېدى خىستېر .

— قەسەم قىل ! — دېدى ئەر .

ئايال قەسەم قىلدى .

— ئەمدى ، پىرون خانىم ، — دېدى قېرى روج چىللىڭۋورس ، — بۇنىڭدىن كېيىن ، بىز مۇشۇنداق چاقىرىشايلى . ئەمدى سېنى ئۆز ئىختىيارىڭغا قويىمەن ، بالاڭ ۋە ئاشۇ قىزىل خەت

بىلەن بىللە ياشاۋەرگىن. قانداق، خىستېر؟ ھۆكۈمدە ئۇخلىغاندىمۇ قىزىل خەت بىلەن بىرگە ئۇخلاش بەلگىلەنگەندۇ؟ قارا بېسىپ قېلىشتىن قورقماسەن؟

— نېمىشقا بۇنداق كۈلىسىز؟ — سورىدى ئېرىنىڭ قارىشىنى چۈشەنمىگەن خىستېر، — سىز ئورمانلىقتىكى جىندەك ياسىنىۋالغان قارا تەنلىكتەك بىزگە چىپىلاي دەۋاتامسىز؟ ماڭا قىلتاق قۇرۇپ، روھىمىنىڭ بەربات بولغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇۋاتامسىز؟

— ياق، سىنىڭ روھىڭنىڭ ئەمەس، دېدى — ئەر ھىجىيىپ، — سىنىڭ ئەمەس!

# 5 . خېستېرنىڭ تىككۈچىلىك قىلىشى

خېستېر پرىننىڭ تۈرمىدىكى ھاياتى ئاخىرلىشىپ قالدى. بوسۇغىدىن چىقىۋىدى، ئاپتاپ ئۇنى قوينىغا ئالدى، زېمىننى يورۇتقان قۇياش ئۇنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن قەلبىدە خۇددى مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈنلا يورۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ قېتىملىق بوسۇغىدىن ئاتلاش ئالدىنقى قېتىملىق سازايى سۈپىسىغا چىقىشقا قارىغاندا تېخىمۇ ئازابلىق ئىدى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن نېرۋىسى كۆرەشچان روھى تەرىپىدىن يۆلەپ تۇرۇلغان بولۇپ، شۇ ھالەتنى تۇتۇق غەلىبىگە ئايلاندۇرغانىدى. مۇھىمى بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى مىسلىسىز ئالاھىدە ئىش ئىدى، شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى تىنچ يىللاردا ئۇزاق ۋاقىت يېتىدىغان ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇ دەقىقىلەرگە سەرپ قىلدى. ئۇنى جازالىغان قانۇن گوياكى گىگانت ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئادەمنىڭ تۆمۈر بىلەكلىرى ئۇنى يانجىۋېتەلەيتتى ياكى يۆلىيەلەيتتى. دەل مۇشۇ قانۇن ئۇنى سازايى قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئازابلارغا بەرداشلىق بەرگۈزدى. ئەمدى ئۇ تەنھا ھالدا تۈرمىدىن چىقىپ، كۈندىلىك ھاياتىنى باشلاش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە تايىنىپ ياشىمىسا بولمايتتى، ئەمدى ئۇ زورۇقۇش ئارقىلىق قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەيتتى. ئەتە - ئۆگۈن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ ئۆزىگە خاس سىناقلىرى بار ئىدى. ھەربىر كۈننىڭ سىنىقى ئۆزگىچە بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرىش قىيىن بولغان تەسۋىرلىگۈسىز ئازابنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش ئىدى. كېلەچەك يىراقتا، يۈكلىرىمۇ ئېغىر، ئۇ بۇ ئېغىر يۈكلەرنى ئۆمۈر بويى يۈدۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. كۈنلەر ۋە يىللار نومۇس ئۈستىگە ئازاب ئەكېلىدۇ. ئۇزاق ھايات مۇساپىسىدە ئۇ خاسلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ، ئەخلاقشۇناسلار پات ـ پات تىلغا ئالىدىغان ئۇلگىگە ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئوبرازى ئايالLARنىڭ ئاجىزلىقى ھەم شەھۋەتىنىڭ گۇناھىنى كونكرېت چۈشەندۈرىدىغان بولىدۇ. ئەخلاقشۇناسلار مۇشۇ مىساللار ئارقىلىق مەسۇم بالىلارغا تەربىيە بېرىدۇ: قاراڭلار، بۇ ئايالغا، مەيدىسىگە كۆيۈۋاتقان قىزىل خەت چاپلىۋالغان ئاۋۇ ئايالغا؛ قاراڭلار، بۇ ئايالغا، ئۇ ئەسلىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاتا ـ ئانىسى بار بالا ئىدى؛ قاراڭلار، بۇ ئايالغا، كېيىن ئايال بولۇپ يېتىلىدىغان بوۋىقى بار ئاۋۇ ئايالغا؛ قاراڭلار، بۇ ئايالغا، ئەسلىدە ئۇ پاك، گۇناھسىز ئايال ئىدى. ئەمدى ئۇ گۇناھنىڭ تىمسالىغا، گۇناھنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋە گۇناھنىڭ ئەسلىي مەۋجۇدىيىتىگە ئايلاندى. قەبرىسىگە ئېلىپ كېتىدىغان قىزىل خەت ئۇنىڭ قەبرىسىدىكى بىردىنبىر ئابىدىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ ئىش ئاجايىپ: ھۆكۈمنامىدە ئايالنىڭ پورىتانلار رايونىدىن ھالقىپ كەتسە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بەلگىلىمە يوق ئىدى. ئۇ ھۆكۈمراندىن يىراق بىرەر ماكانغا كەتسە، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىپ، بىمالال، ئەركىن ياشىيالايتتى، يۇرتىغا كەتسىمۇ، ياۋروپانىڭ باشقا ئەللىرىگە كەتسىمۇ بولاتتى، ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممىنى يېڭىدىن باشلىيالايتتى. ئۇ يەنە ئورمانغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى تاللىسىمۇ بولاتتى، ئۇ يەردە قانۇندىن خالىي بولۇپ، ئۆزىنىڭ تايماس تەبىئىتىنى تامامەن يات مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ ياشىيالايتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ يەنىلا بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى دەپ قارىدى، دەل مۇشۇ يەردە، پەقەتلا مۇشۇ يەردە ئۇ نومۇسنىڭ ئەۋرىشكىسىگە ئايلىنالايتتى. تەقدىرنىڭ پەيلى شۇنداق بولسا كېرەك، ئارا تۇرغىلى بولمايدىغان بىر خىل كۈچ ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان ھېسسىيات كىشىلەرنى ئۇنتۇلغۇسىز چوڭ ئىشلار يۈز بەرگەن جايدا ئەرۋاھتەك پەيدا بولۇشقا ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر قىلاتتى. يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تراگېدىيىلىك تۈسى قانچە كۈچلۈك بولسا، كىشىلەرنىڭ بۇ زېمىنغا بولغان رىشتىمۇ شۇنچە

كـۆچـلۈك بولىدۇ . ئايالـنىڭ گۇناھى ۋە نومۇسى مۇشۇ ماكانغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا سەۋەبچى بولدى . بۇ تۇپراقتا ئۇ تۇغۇلغان ۋاقـتــىــدىكـىدىن بەكرەك ھاياتىي كۈچكە ئىرىشكەندەك بولدى . خىستېر پروننىڭ بۇ يېڭى ھاياتى باشقا كۆچمەنلەر ۋە سەرگەردانلار كۆنەلمىگەن ئورمان بەلۋېغىنى ئۆزىنىڭ قاقاس ، غەمكىن ، ئەمما كاپالەتلىك تۇرارگاھىغا ئايلاندۇرغانىدى . دۇنيادىكى باشقا جايلار ، ھەتتا ئۇ قۇۋناق باللىق ۋە رومانتىك قىزلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن ئەنگلىيە سەھرالىرى خۇددى سېلىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن كــيىمدەك بارغانسېرى يوچۇنلىشىپ كەتكەنىدى . خىستېرنى بۇ يەرگە باغلاپ تۇرغان نەرسە روھىنىڭ ئىچ ـ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كــىــرىــپ كەتكەن زەنجىر بولۇپ ، ئۇ ئەبەدىي ئۈزۈلمەيدىغاندەك قىلاتتى .

گەرچە خىستېر سىرلىرىنى يوشۇرۇپ يۈرسىمۇ ، بۇ سىرلار ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدىن يىلاندەك شۇڭغۇپ چىققاندا ، چىرايى تاتىرىپ كېتەتتى . بەلكىم ياكى شەكسىزكى ، بۇ يەرنىڭ چىغىر يوللىرىغا باغلاپ تۇرغىنى يەنە بىر ھېسسىيات ئىدى . بۇ يەردە يەنە بىر كىشى ياشاۋاتاتتى ، بۇ چىغىر يوللاردا ئۇ ئادەمنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى . گەرچە كىشىلەر خوپ كۆرمىسىمۇ ، خىستېر ئىشىنەتتىكى ، ئۇلار بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ بولغان ، قىيامەتنىڭ سورىقىغا بىللە داخىل بـولـۇپ ، ئـۇ يـەردە مـۇقـەددەس تـوي مـۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ، كەلگۈسىنىڭ ئۇچ ـ چېكى يوق جازاسىنى تەڭ تارتاتتى . ئىنساننىڭ روھىدا بولىدىغان ئازدۇرغۇچ ئامىللار بۇنى ئۇنىڭ سەمىگە پات ـ پـات سـالاتـتـى ، ئۇنىڭ ھەۋەس ھەم ئىشتىياقىنى مەسخىرىلىك رەۋىـشتە ئىگىلەپ ، ھەۋەسلىرىدىن ئاخىر ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلاتتى . خىستېر بۇ خىياللارغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ ، ئـۇنى دەرھال ئۇۋۇسىغا سولىۋېتەتتى . ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ئــىــنــگـلانـدتـا قـىـلـىشىنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ ، شۇنىڭغا ئىشەندىكى ، ئۇنىڭ يېرىمى چىن ھېسسىيات بولۇپ ، يېرىمى ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ئالداش ئىدى . ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئېيتتىكى ، بۇ يەر

ئۇ گۇناھ سادىر قىلغان يەر ، شۇنداق ئىكەن ، بۇ يەر جازالىنىدىغان يەرگىمۇ ئايلىنىشى كېرەك . دېمەك ، ئۇ كۈن بويى نومۇس ئازابىدا تېنى ۋە روھىنى تازىلاپ ، يوقاتقان نەرسىلىرىگە قارىغاندا ، تېخىمۇ مۇقەددەس پاكلىقنى ياراتماقچى بولدى ، مانا بۇ ئىخلاس ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، خىستېر پرون كەتمىدى . بازار ئەتراپىدىكى يېرىم ئارالنىڭ چېتىدە ، مەھەللىدىن يىراق بىر يەردە بىر كەپە بار ئىدى . ئەسلىدە ئۇ بىر كۆچمەن تەرىپىدىن سېلىنغان بولۇپ ، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى دېھقانچىلىققا ماس كەلمىگەچكە تاشلىۋېتىلگەنىدى . كەپە ساھىلدىلا بولۇپ ، دېڭىز بىلەن قارىشىپ تۇراتتى ، غەرب تەرىپىدە باراقسان دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر كىچىك تاغ بار ئىدى . يېرىم ئارالدىكى يېگانە پاكار دەرەخلەر كەپىنى يوشۇرالمايتتى ، ئەكسىچە ، بۇ يەردە بىر نىشاننىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى . ئەسلىدە كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يوشۇرۇن بولسا بولاتتى . خىستېر بۇ كەپىدە تۇرۇپ ، ئۆزىگە مۇناسىپ ئۇسۇل بىلەن تىرىكچىلىك قىلىشقا ئۆزىنى نازارەت قىلىۋاتقان دائىرىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالغانىدى . سىرلىق بىر كۆلەڭگە بۇ يەرنى قاپلىۋالغانىدى . بۇ ئايالنىڭ شەپقەت سىرتىدا قالدۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىگەن باللار يېقىن كېلىپ ، ئۇنىڭ روجەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقىنىغا ، روجەك ئالدىدا تۇرۇشلىرىغا ، باغدا ئەمگەك قىلغىنىغا ، كەنتكە بارىدىغان يولدا مېڭىشلىرىغا قارايتتى ، ئۇلار تاكى ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنى كۆرەلىگەنگە قەدەر قارايتتى ، ئاندىن گويا بىرەر نەرسە يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك قېچىپ كېتىشەتتى . خىستېر شارائىتى قىيىن ، يوقلايدىغان بىرەر دوستى بولمىغىنى بىلەن كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسىلىپ قالمايتتى ، گەرچە ھۈنىرىنى ئوبدان كۆرسىتىپ قويۇشقا ئىمكانىيەت بولمىسىمۇ ، ھۈنىرى بىلەن ئۆزىنى ھەم بالىسىنى باقالايتتى ، بۇ ھۈنەرنى بۇرۇن ۋە ھازىر ھەرقانداق ئايال زاتى يېقىن كەلسىلا ئۆگىنەلەيتتى . ئۇ دەل تىككۈچىلىك ھۈنىرى ئىدى .

ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ھەرپمۇ تەسەۋۋۇر ۋە نەپىسلىككە باي قول ھۈنەرلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئېسىلزادە ھەرەم ئاياللىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ زەر ئارىلاش توقۇلمىلىرىغا نەپىسلىك ۋە يارقىنلىقنى قوشۇش ئۈچۈن ھۈنەرگە مۇراجىئەت قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ پەردە پورىتانلارنىڭ كىيىمى تۆم قارا ۋە ئاددىي بولاتتى، شۇڭا خىرىستىيەنلىكنىڭ نازۇك قول ھۈنەرىگە ھاجىتى چۈشىدىغانلار يوق ھېسابتا ئىدى. لېكىن، مودا بۇنداق نازۇك ھۈنەرگە بولغان ئېھتىياجنى كۈنسايىن ئاشۇرماقتا ئىدى. بۇ بىزنىڭ مۇنتىزىم ئەجدادلىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپمۇ كەتمىگەنىدى، ئۇلار قارىماققا ۋاز كېچىش تەس بولغان نۇرغۇن ئادەتنى تاشلىۋەتكەنىدى. دىنىي ۋەزىپە بېرىلگەندە، ئەمەلدارلار ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، يېڭى ھۆكۈمەت خەلققە ھەيۋە كۆرسىتىدىغان مۇراسىملاردا ھەيۋەتلىك تەرتىپلەر نامايان قىلىناتتى، بۇ تەرتىپلەر سالماق ھەم تەنتەنىلىك ئىدى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پۈرمە ياقىلار، ئىنچىكە توقۇلغان لەۋھەلەر، نەپىس كەشتىلەنگەن پەلەيلەر بەگ ـ غوجىلار ئۆزىنىڭ سۆلىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان بۇيۇملارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گەرچە ھەشەمەتنى چەكلەيدىغان قانۇنلار پۇقرالارنىڭ بۇنداق قىلىشىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، باي، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى شۇنداق قىلىۋېرەتتى. نەزىر ـ چىراغلاردا، مەرھۇمنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىدا، ھازىدارنىڭ قارا كىيىملىرى ۋە ئاق ماتالىرىدا تۈرلۈك سىمۋوللۇق بەلگىلەر بولاتتى، بۇلار خىستېر پرونغا يېتەرلىك ئەمگەك پۇرسىتى بېرەتتى، بوۋاقلارنىڭ كىيىممۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەك پۇرسىتى يارىتىپ بېرەتتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تىككەن نەرسىلىرى ھازىر مودا دەپ ئاتىلىدىغان فورمىلارغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇنداق بولۇش بەلكىم مۇشۇنداق شور پېشانە ئاياللارغا بولغان ھېسداشلىقتىن ياكى ئادەتتىكى ئىشلارنى سىرلىقلاشتۇرۇشتىن ۋە ياكى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاللىقانداق باشقا سەۋەبلەردىندۇر. بۇنداق ئىشلار ئەينى ۋاقىتتا بار ئىدى، مانا ھازىرمۇ بار، بەزىلەر تەستە ئېرىشكەن

نەرسىلەرگە بەزىلەر ئاسانلا ئېرىشەتتى . بەلكىم خىستىر ھەقىقەتەن بىرەر بوشلۇقنى تولدۇرغان بولۇشى مۇمكىن . ھەرنىمە دېگەنبىلەن ئۇنىڭغا توختىماي ئىش كېلىپ تۇراتتى . ئۇ ئىشنى ئاز- كۆپ قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ خالىسىلا ، يامان ئەمەس كىرىم قىلىدىغان بولۇپ قالدى . بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن سەلتەنەتلىك سورۇنلاردا ئاشۇ بىر جۈپ گۇناھلىق قوللاردا تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيەتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يىڭنە ھۈنىرى گوبېرناتورنىڭ پۇرمە ياقىلىرىدا ، ھەربىيلەرنىڭ ئوردېن لېنتىسىدا ، باستېرلارنىڭ بانتىكلىرىدا ، بوۋاقلارنىڭ پوسمىلىرىدا ئايان بولۇپ تۇرىدىغان بولدى ، ھەتتا مەرھۇملارنىڭ جەسەت ساندۇقلىرىدا چىرىپمۇ كېتىدىغان بولدى . ھېچكىم ئۇنىڭغا يىڭى كېلىنلەرنىڭ يۈز ياپقۇسىنى كەشتىلەشكە بەرمەيتتى . بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى ، جەمئىيەت داۋاملىق تۇردە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ كەلمەكتە ئىدى . خىستېردە تىرىكچىلىكتىن باشقا ئارتۇق تەلەپ يوق ئىدى . ئۇ ناھايىتى ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولۇپ ، بالىغا كەلگەندە كەڭرەك ئىدى . ئۇ ئۆزىگە قوپال ، تۇتۇق رەختلەردىن كۆڭلەك تىكىپ كىيەتتى ، ئۇستىگە قىزىل خەتنى كەشتىلىۋالاتتى ، بۇنى قانۇن بەلگىلىگەنىدى . ئەكسىچە ، بالىنىڭ كىيىملىرى ئۆزگىچە تىكىلگەن بولۇپ ، كىشىگە خىيالىي سېزىم ياكى ئۆزگىچىلىك بېغىشلايتتى ، قىزچاقنىڭ تېتىكلىكى ھەم تەسىرچانلىقىنى ئاشۇراتتى . ئانىنىڭ ئۆز قىزىنى بۇنداق ياساپ قويۇشىدا چوڭقۇر مەنە باردەك قىلاتتى . بۇنى كېيىن بايان قىلىمىز .

بالىنى ياساندۇرۇشقا سەرپ قىلغان خىراجەتتىن باشقا ، خىستېر تاپقان - تەرگىنىنى باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا ئىشلىتەتتى ، گەرچە ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلەر ئۇنىڭدەك بەختسىز بولمىسىمۇ ، ئۇلار پات - پات تۇزكورلۇق قىلىپ ، ئۇنى ئەيىبلەپ ، ھاقارەتلەپ تۇرسىمۇ ، خىستېر شۇنداق قىلىۋېرەتتى ، ئۇ دائىم نامراتلارغا ماتادىن كىيىم تىكىپ بېرەتتى . بەلكىم بۇ بىر خىل

توۋا قىلىش بولسا كېرەك . ئۇ نۇرغۇن ۋاقىتلاردا قاتتىق - يىرىك ئىشلارنى قىلىپ ، نۇرغۇن خۇشاللىقلاردىن مەھرۇم قالدى ، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە باياشاتلىق ۋە ھەشەمەتنى قوغلىشىدىغان خۇسۇسىيەت ، ئىشرەتكويلۇق بار بولۇپ ، بۇلار پەقەت ئۇنىڭ تىككۈچىلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى ، باشقا تەرەپلەردە بولسا ئىمكانىيەت يوق ئىدى . ئاياللارنىڭ يىڭنە ئىشلىرىدىن تاپىدىغان لەززىتىنى ئەرلەر قىياس قىلالمايدۇ . خىستىر پرون ئۈچۈن ئېيتقاندا ، يىڭنە ئىشلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر تۇرتكە ئىدى . لېكىن ، مۇشۇ بىردىنبىر خۇشاللىقمۇ ئۇ گۇناھتىن تاشقىرى قاراشقا پېتىنالمايتتى . ۋىجدان بىلەن ئالاقىسىز ئىشلارنى ۋىجدانغا چېتىۋېلىش ھەقىقىي توۋىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ، بەلكىم . ئۇنىڭ كەينىدە گۇمان قوزغايدىغان ، بىمەنە نەرسىلەر بولسا كېرەك .

شۇنداق قىلىپ ، خىستىر پرون بۇ جاھاندا ئۆزىگە مەنسۇپ بىر مو ئۇچ پۇڭ يەرگە ئىگە بولدى . ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا قەتئىي ھەم قابىلىيەتلىك بولۇپ ، گەرچە كىشىلەر ئۇنىڭ ئاياللىق قەلبىگە نىسبەتەن پېشانىسىگە مۆھۈر بېسىپ قويغاندىنمۇ بەكرەك چىدىغۇسىز بەلگىنى تاقاپ قويغان بولسىمۇ ، ئۇ جەمئىيەت ئالاقىسىدە ھېچبىر مەزھەپ بىلەن كېلىشەلمەيتتى . ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقان كىشىلەرنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتى ، ھەتتا سۈكۈتى ئۇنى يەكلەشتىن بېشارەت بېرەتتى . ناتتۇۋان ھالىتى ئۇنىڭ باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقانلىقىنى ، كىشىلەر بىلەن باشقىچە بىر سەزگۈدە ئالاقىدە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى . ئۇ كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان ئەخلاقىي مەسىلىلەردىن ئۆزىنى تارتاتتى ، لېكىن كۆڭۈل بۆلمەيمۇ تۇرالمايتتى ، بۇ ھال گويا بىر ئەرۋاھنىڭ كونا تۇرالغۇسىغا قايتقانلىقى ، لېكىن ئائىلىسىدىكىلەرگە ئۆزىنى چاندۇرسا بولمايدىغانلىقى ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرەلمەيدىغانلىقىغا ئوخشايتتى . چەكلىمە ئىچىدىكى ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىگەن تەقدىردىمۇ ، بۇ يەنىلا باشقىلارنىڭ قورقۇنچى ھەم نەپرىتىنى قوزغايتتى . ئەمەلىيەتتە ، خىستىرنىڭ

بۇنداق ھېسسىياتى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان رەھىمسىز مەسخىرىلەر ئۇنىڭ باشقىلار قەلبىدىكى بىردىنبىر ئورنىدىن دېرەك بېرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى . ھېسسىيات ئانچە ئاۋۇكلىشىپ كەتمىگەن شۇ دەۋردە ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ تۇرغاندى ، بۇنى ئۇنتۇپ كېتىشكە زىنھار مۇمكىن بولمىسىمۇ ، ئەڭ ئاجىز يەرلىرىگە كىشىلەرنىڭ قوپاللىق بىلەن زەربە بېرىشى ئۇنىڭغا يېڭى ئازابلارنىڭ تەمىنى تەكرار ـ تەكرار تېتىتاتتى . باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، ئۇ بارلىقى بىلەن نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولدىيۇ ، ئېرىشكىنى يولسىزلارچە ھاقارەت بولدى . خىستېر قول ھۇنىرى تۇپەيلى بايلارنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەم باسقاندا ، يۇقىرى تەبىقە خانىملىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تۇز سېپەتتى . بەزىدە ئۇلار خىستېرغا چاندۇرماي سۇيىقەست قىلاتتى ، چۈنكى ئاياللار كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەرزىمەس ئىشلاردىن جانىنى ئالىدىغان ئوغا ياساشقا ئۇستا كېلىدۇ . بەزىدە بۇ ئېسىلزادە خانىملار بەئەينى زەردابلىق يارىغا ياغاچ سانجىغاندەك ، خىستېرنىڭ مۇداپىئەسىز روھىغا ئاشكارا ھۇجۇم قىلاتتى ، خىستېر ئۇزاقتىن بېرى بەخىرامان يۈرۈۋەردى . ئۇنىڭ قارشىلاشقۇدەك ھالى يوق بولۇپ ، تاتىراڭغۇ چىرايى ۋىللىدە قىزىرىپ ، روھىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى . ئۇ ھەممىگە سەۋر قىلاتتى ، ئۇ راستىنىلا ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن قۇربان بەرگۈچى ئىدى ، ئۇ دۈشمىنى ئۈچۈن دۇئا قىلمايتتى ، چۈنكى ، ئۇ ھەرقانچە كەڭ قورساق بولسىمۇ ، بۇ دۇئانىڭ ئىختىيارسىز قارغىشقا ئايلىنىپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى .

پروتېستانت دىنىي مەھكىمىسىنىڭ مەككارلارچە ئورۇنلاشتۇرغان جازاسى ھەربىر دەقىقىدە خىستېرغا چەكسىز ئازاب ھېس قىلدۇراتتى . باستېرلار كوچىدىلا تۇرۇپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلاتتى ، قىزىقسىنغان كىشىلەر ئۇلارنى ئورىۋالاتتى . بۇ گۇناھكار ئاجىزە كۆلۈپ ، تۈرۈلۈپ دېگەندەك تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى . ئۇ چېركاۋغا كىرىپ ، پەرۋەردىگارنىڭ تىلاۋەت كۈنىدىكى تەبەسسۇمىنى

ئـارزۇ قـىلغاندا ، دەرھاللا ئۆزىنىڭ تەنىبھ مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . ئۇ باللاردىنمۇ خۇدۇكلىنەتتى ، چۈنكى بـالـىلارمۇ ئاتا ـ ئـانـىلىرىدىن مـۇجـمـەل گەپ ـ سۆزلەرنى ئـاڭـلاشـقانىدى . بالىسىدىن باشقا ھەمراھى يوق ، كوچىدا تەنھا يـۈرگـەن بـۇ قورقۇنچلۇق ئايالنىڭ بىر يەرلىرىدە قورقۇنچلۇق نەرسىلەر بار ئىدى . باللار خىستېر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، كـەيـنـىـدىن ئەگىشىپ ، نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ چۇرقىرىشاتتى . باللارنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ قالايمىقان گەپلەر ئۆزلىرى ئۇچۇن مەنىسىز گەپلەر بولسىمۇ ، خىستېر ئۇچۇن قورقۇنچلۇق ئىدى . ئۇنىڭ نومۇسلۇق ئىشىنى كىشىلەر پىچىرلىشىپ دېيىشەتتى ، تېما بـولـسـىمۇ ، ھەممە يەرگە ياياتتى ، ئۇنى ھەتتا تەبىئەتمۇ بىلىپ كەتكەنىدى . ياز سەلكىنلىرى ھەممە يەرگە گەپ توشۇيتتى ، قىش شـىـۋىرغانلىرى ھۇۋلاپ تورۇپ جاكارلايتتى ، مانا بۇ خىستېرغا ئەلەم قىـلاتتـى . ئـۇنىڭدىـن باشقا ، قانداقتۇر ناتونۇش كۆزلەرنىڭ مـىختەك قادىلىشى ئۇنى بىئارام قىلاتتى . ھېلىقى كۈتۈلمىگەن مـېـھـمـان خىستېرنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتكە قىزىقسىنىپ قـارىغاندا ، بۇ خەت خىستېرنىڭ يۈرىكىگە قايتىدىن قىزدۇرۇپ بېسىلغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى . ئۇنىڭ ئېسى قاچسىمۇ ، ئاخىر يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ، مەيدىسىدىكى خەتنى قولى بىلەن توسۇۋالاتتى . ئـەمـەلـىيەتتە ، تونۇشلارنىڭ قاراشلىرىمۇ ئۇنى قىينايتتى . شۇ دائىمىي سوغۇق بېقىشلار چىدىغۇسىز ئىدى . ئومۇمەن ، خىستېر مـەيـدىـسىدىكى بەلگىگە كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن ئازاب ھېس قىلىپ تۇراتتى ، ئەسلىدە ئۇنىڭ يارىسى قاداققا ئايلىنىپ كەتسە بولاتتى ، لېكىن ئەكسىچە بارغانسېرى سېزىمچان بولۇپ كەتتى .

خىستېر بىر ئىنسان كۆزىنىڭ نەچچە كۈندە بىر قېتىم ياكى نـەچچـە ئـايـدا بـىـر قېتىم دىگۈدەك ئۇنىڭ نومۇس بەلگىسىگە چۈشۈۋاتقانلىقىنى سېزەتتى . بۇ كۆز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك يـاكـى ئازابىنى يەڭگىللىتىۋاتقاندەك ئىدى . شۇ ئەسنادا تېخىمۇ چوڭقۇر بىر ئازاب پەيدا بولاتتى . چۈنكى ، بۇ قاراشلاردىن كېيىن

www.uyghurkitap.com

خىستىر قايتىدىن گۇناھقا شېرىك بولاتتى ، ئۇ بۇ گۇناھنى ئۆزى يالغۇز سادىر قىلغانمىدى ؟

ئۆزگىچە ھەم تەنھا تۇرمۇش ئۇنىڭ كەيپىياتىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلغانىدى ، ئەگەر روھى ئاجىز ، پسىخىك جەھەتتە نازۇك بولغان بولسا ، بۇنداق تەسىر تېخىمۇ ئېغىر بولغان بولاتتى . يەرلىكلەر خىستىر بىلەن يۈزەكى ئالاقىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ تار ماكاندا ، تەنھا بېسىلىۋاتقان قەدەملەردە تاسادىپىي يۈز بەرگەن يېتىم قالدۇرۇش ھادىسىلىرىنىڭ جۇغلانمىسى ئۇلارنىڭ روھى ، ئەخلاق قىممىتى ۋە ھۆكۈملىرىنى بەلگىلەيتتى . خىستىر خىيالىي دۇنياغا چۆككىنىدە ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن كۆچىگە تەڭ كېلىشىنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلاتتى . ئۇ قىزىل خەت ئاتا قىلغان يېڭى كەچۈرمىشىنى سىزىپ تۇراتتى ياكى تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ئۇ تەشۋىشلىنەتتى ، ئەمما قىزىل خەتنىڭ باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى يوشۇرۇن گۇناھنى ھېس قىلدۇرۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنمەي تۇرالمايتتى . ئۇ بۇ تۇيغۇدىن چۆچۈپ كېتەتتى . بۇ تۇيغۇ يەنە نېمىدىن دېرەك بېرەر ؟ ئۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بولماي نېمە ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم قۇربانىغا ئايلىنىپ بولۇپ يەنە تىركىشىۋاتقان ئايالنى جان ـ جەھلى بىلەن ئەل قىلىشقا ئۇرۇناتتى : زاھىرى پاكلىق بىر خىل ئالدامچىلىق ، ئەگەر ھەقىقىي ئىشلارنى ئاشكارىلاشقا توغرا كەلسە ، خىستىر پروندىن باشقا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ مەيدىسىدە قىزىل خەت جىلۋە قىلغان بولاتتى . بەلكىم خىستىر ئاشۇ مۇجمەل ھەم ئېنىق تۇيغۇلارنى ھەقىقەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى كېرەكتۇ ؟ ئۇنىڭ بىتەلەيلىكلىرى ئىچىدە مۇشۇ تۇيغۇلاردىنمۇ بەك ئوسال قىلىدىغان ۋە چارچىتىدىغان نەرسە يوق ئىدى . بۇنداق تۇيغۇلار ھەمىشە ئەمەس چاغلاردا پەيدا بولۇپ ، ئۇنى گاڭگىرىتاتتى ۋە ئەندىشىگە سالاتتى . خىستىر بىرەر ئابرۇيلۇق ئەمەلدارنىڭ ئالدىدىن ياكى باستېرنىڭ قېشىدىن ئۆتكەندە ، مەيدىسىدىكى قىزىل خەت بىر خىل ئالاقزادىلىك پەيدا قىلاتتى ، بۇ ئادەملەر سەممىي ئىخلاس ۋە ئادالەتنىڭ نەمۇنىلىرى ، ئۆز

زامانىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر پەرىشتىلەر ئەمەسمۇ. ھەر قېتىم مۇشۇنداق پەيتلەردە خىستېر: «ئالۋاستىغا يولۇقتۇممۇ، نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئەمما، ئۇ كۆزىنى زورمۇزور ئېچىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل تىرىك ئەۋلىيادەك ئاشۇ ئادەملەر بولاتتى. خىستېر بەزىدە ئېسىلزادە خانىملارنى ئۇچرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھىي ئەمىنلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا باققىنىدا، قەلبىدە سىرلىق ئېگىچە ـ سىڭىللىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. لېكىن، ئۇ خانىملارنىڭ ئەلپازى مۇزدەك سوغۇق ئىدى. ئېسىلزادە خانىملارنىڭ مەيدىسىدىكى كۆن نۇرى كۆرمىگەن مۇز بىلەن خىستېر پروننىڭ مەيدىسىدىكى كۆيدۈرگۈ نومۇسنىڭ ئورتاق يەرلىرى بارمىدۇ؟ بەزىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى لەرزىلەر: «خىستېر، ئۇلار سېنىڭ ھەمراھلىرىڭ!» دەيتتى. خىستېر بىر سەبىي قىزنىڭ كۆزىنى كۆردى. بۇ كۆز قىزىل خەتكە ئۇيات بىلەن بىر تىكىلىپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالدى، سەبىي قىزنىڭ چېھرىدە خىجىللىقتىن سالقىن بىر قىزىللىق پەيدا بولدى، گويا ئۇنىڭ پاك ئىپپىتىدە ئاشۇ بىر قاراش بىلەن داغ پەيدا بولىدىغاندەك. ئەي، جان ئالغۇر سىمۋولنى ئۆزىگە تۇمار قىلىۋالغان ئالۋاستى، مەيلى سەن ياشلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بول، مۇشۇ ناتىۋان گۇناھكارغا ئاۋۇنغۇدەك ئازراق قەدرىيەت بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ئېتىقادنى بۇ دەرىجىدە يوقىتىپ قويۇش ئەزەلدىن گۇناھنىڭ ئەڭ پاجىئەلىك نەتىجىسى بولۇپ كەلدى. تەسەللىي شۇكى، خىستېر پرون ئۆزىنى كىشىلەر مەنچىلىك گۇناھكار ئەمەس، دەپ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى. بۇ ئۇقتىنى تونۇغان ھالدا، شۇنى دەلىللىگىلى بولىدۇكى، ئەرلەرنىڭ رەھىمسىز قانۇنىدا قۇربان بولغان بۇ ئاجىزە ئۆزۈل ـ كېسىل يولدىن چىقىپ كەتمىگەنىدى.

ئادەمىيلىك ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ئاشۇ يىللاردا، ئاددىي كىشىلەر ئۆزلىرى ھەۋەس قىلىدىغان ئىشلارغا بىمەنە ھەم قورقۇنچلۇق رەڭ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلار قىزىل خەت

ھەققىدە ھېكايە توقۇشقا ئۈلگۈرۈشتى، بىز بۇلاردىن پايدىلانساق ناھايىتى قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەرنى كۆچمەيلا يېزىپ چىقالايتتۇق. ئۇلار بۇ قىزىل خەت پانىي دۇنيانىڭ بۇياق ئىدىشىدا بويىلىپ چىققانلا بولماستىن، يەنە ۋەيلۇن دوزاخىنىڭ ئوتىدا سۇغىرىلغان، خىستېر پرون كېچىدە سىرتقا چىققاندىمۇ، ئۇ خەت پارلىنىپ كېتىدۇ، دەپ كەسكىن ئېيتىشاتتى. بىز دەيمىزكى، ئۇ قىزىل خەت خىستېرنىڭ مەيدىسىدە چوڭقۇر داغلارنى قالدۇرغاچقا، ئۇ رىۋايەتلەردە بىز بۇگۈن ئىشىنىۋاتقان ۋە ئىشەنمەيۋاتقاندىكىدىنمۇ كۆپ ھەقىقەتلەر بار ئىدى.

## 6 . گۆھەر

ھازىرغىچە بوۋاقتىن گەپ ئېچىپ باقمىدۇق . ئۇ مۇقەددەس تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە دۇنياغا كەلگەن پاك بىر ھايات ، ئۇ بىر قىبتىملىق جىنايى ھەۋەسنىڭ قۇترىتىشىدىن ئېچىلغان سۆيۈملۈك ھەم تورنماس گۈل . بىر جاپاكەش ئايال ئۇنى چوڭ قىلىۋاتاتتى ، ئانا قىزىنىڭ ئېچىلىۋاتقان چىرايىغا باققىنىدا ، مەسۇم چىرايىدا ئاپتاپتەك جىلۋىلىنىۋاتقان پاراسەتنى بايقىغاندا ھەيران قالاتتى . مانا بۇ ئۇنىڭ گۆھىرى ئىدى .

خىستىرىنىڭ قىزىنى گۆھەر (PearL) دەپ ئاتىشىدا ، ئۇنىڭ تاشقى ئالامەتلىرى ئاساس ئەمەس ئىدى ، بۇ يەردە ھەرگىزمۇ گۆھەردىكى ئىللىقلىق ، پاكلىق ۋە ئەمىنلىك كۆزدە تۇتۇلمىغانىدى . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى ، ئۇ خىستىرىنىڭ پۈتۈن ئىرشچانلىقى بىلەن ئېرىشىلگەن بىردىنبىر بايلىق ئىدى . تەڭرى سۆيۈملۈك بىر بالىنى بەردى ، بۇ بالا شەرەپسىز بىر قۇچاقتا چوڭ بولدى ، ئانىنى ئىنسانلار بىلەن ئەۋلادمۇئەۋلاد باغلاپ تۇرىدىغان رىشتىگە ئايلاندى ، ئۇنىڭ روھىنىڭ جەننەتتە بولۇشى تىلەندى . بۇلارنىڭ خىستىرغا ئېلىپ كەلگەنلىرى ئۈمىد ئەمەس ، غەم بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى بىلگەچكە ، قانداقتۇر بىر ياخشى ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىغىمۇ ئىشەنمەيتتى ، ئۇ بالىنى ئەندىشە بىلەن كۆزىتەتتى ، كۈنلەر ئۆتۈپ بالىدا ھەسرەت ياكى ياۋايى تەبىئەتنىڭ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ۋە گۇناھىنىڭ سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ ئەكس ئېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى .

— بالام ، سەن زادى كىم ؟ — دەيتتى ئانا .

— سىنىڭ گۆھىرىڭمەن ، — دەيتتى بالا .

ئانىنىڭ گۆھىرى سۆزلەيتتى ، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى ،

پەرىشتىدەك شوخ سەكرەيتتى، ئۇنىڭ ئورخۇنلاردىن ئۇچۇپ چىققۇسى كېلەتتى.

— سەن راستتىنلا مېنىڭ بالاممۇ؟ — سورايتتى خىستېر.

— ھەئە، مەن سېنىڭ گۆھىرىڭ، — دەيتتى بالا كەپسىزلىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— سەن مېنىڭ بالام ئەمەس، گۆھىرىم ئەمەس، — دەيتتى ئانا چاقچاق ئارىلاش. ئۇ ئازابلانغاندا، كۆڭلىنى ئازراق ئاچقۇسى كېلەتتى، — دېگىنە قېنى، سەن زادى نېمە؟ سېنى بۇ يەرگە كەلتۈرگەن كىم؟

— نەدىن بىلەي، ئاپا، — دەيتتى بالا خىستېرنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ، — سەن ماڭا دەپ بەرسەڭچۇ!

— تەڭرى سېنى ماڭا سوۋغا قىلغان، — دەيتتى خىستېر جاۋابەن.

خىستېرنىڭ بۇ گەپنى دېگەن ۋاقىتتىكى ئارسالدىلىقى بالىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بالا كىچىك بارماقلىرىنى چىقىرىپ، قىزىل خەتنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا سىلىدى.

— مېنى ئۇ سوۋغا قىلغان ئەمەس، — دېدى قىزچاق ئېنىق قىلىپ، — مېنىڭ تەڭرىم يوق.

— ئۇش، قوزام، ئۇنداق دېمە، — دېدى ئانا نادامەتتە، — ھەممىمىزنى تەڭرى ئەۋەتكەن. مېنى — سېنىڭ ئاپاڭنى ئۇ ئەۋەتكەن. سەنمۇ شۇ. بولمىسا سەن جىن نەدىن پەيدا بولاتتىڭ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى بالا تەكرارلاپ، بۇ نۆۋەت ئۇ ئۇنچە ئەستايىدىل بولماستىن، تېپىشلەپ تۇرۇپ دېدى، — ماڭا دەپ بەرگىنە!

بۇ سوئال خىستېرنى ئامالسىزلاندۇردى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ غۇۋا، سىرلىق قەسىردە تېنەپ يۈرەتتى. ئۇ قوشنىلىرىنىڭ غەيۋەتلىرىنى ئەسلىدى، قوشنىلار بالىنىڭ دادىسى تېپىلمىدى، بۇ بالىنىڭ قىلىقلىرى غەلىتە، قارىغاندا ئالۋاستىنىڭ پۇشتىدىن بولسا كېرەك دېيىشەتتى، كاتولىك دىنى دەۋرىدىن باشلاپ، بۇنداق بالىلار كۆپ



www.uyghurkitap.com

ئىدى، ئۇلار ئانىنىڭ گۇناھى تۇپەيلى بۇ دۇنياغا كېلىپ رەزىلىلىكنى ئاۋۇتۇۋەتتى. لۇتېرنىڭ دىنىي جەمئىيەتتىكى رەقىبلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇمۇ ئالۋاستىنىڭ ھارام پۇشتىمىش، يېڭى ئىنگلاندتىكى پروتېستانتلار ئارىسىدا ئۇرۇقى بۇزۇلغان باللار پەقەت بۇلا ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# 7 . گوبېرناتور زالى

بىر كۈنى خىستىر پرون بىللىڭخامنىڭ ئۆيگە ئۆزى تىككەن پەلەينى ئاپىرىپ بەرگىلى باردى . گۈل كەشتىلەنگەن ھەم چوڭ رەڭلىك زىغزىق چىقىرىلغان بۇ پەلەينى گوبېرناتور ئالاھىدە بۇيرۇتقانىدى . ئۇنى گوبېرناتور چوڭ بىر سىياسىي مۇراسىمدا كىيمەكچىدى . بۇ سابىق ھۆكۈمران بىر قېتىملىق ئومۇمىي سايلامدا ئەڭ ئالىي ئورۇندىن ئىككى دەرىجە چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن مۇستەملىكە مەمۇرىيىتىدە يەنىلا مۇھىم ئەرباب سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنەتتى .

ئۇنىڭ نوپۇزلۇق بۇ شەخسنى ئىزدىشىدە ، گۈل كەشتىلەنگەن پەلەينى يەتكۈزۈپ بېرىشتىنمۇ مۇھىم بىر سەۋەب بار ئىدى . خىستىر دىنىي ۋە سىياسىي پرىنسىپنى قاتتىق تەكىتلەيدىغان بىرنەچچە ئەربابلارنىڭ باش قوشۇشۇپ ، ئۇنىڭ بالىسىنى ئېلىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانىدى . باشتا ئېيتىلغاندەك ، «گۆھەر» ئالۋاستىنىڭ پۈشتى ئىكەن ، دېمەك ، بۇ ياخشى دىل جانابلار يوللۇق ھالدا مۇنداق تەكىتلەشكە ھەقلىق : خرىستىئان دىنىنىڭ بالىغا بولغان غەمخورلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ يېتىلىش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئەگەر بۇ بالا دىنىي ئەخلاق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلسا ھەمدە ئاداققى قۇتقۇزغۇچ ئامىللارغا ئىگە بولسا دەيدىكەنمىز ، ئۇنى خىستىر پروندىن ياخشىراق غەمگۇزارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك ، شۇنداق بولغاندا ، بالا ئۆزىدىكى بۇ شارائىتلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ، گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە بولىدۇ .

بۇ پىلاننى يولغا قويغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ، گوبېرناتور بىللىڭخام ئەڭ ئاكتىپ ئىدى . بۇ ئىش بىرقانچە يىل كېچىكسە ،

بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلاتتى. لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا، بۇنداق ئىشلار كۆپچىلىككە مۇزاكىرە قىلدۇرۇلۇپ، مۇھىم ئەربابلار قاتناشقان ئاساستا بېجىرىلەتتى، بۇ ھەقىقەتەن بىمەنە ۋە كۈلكىلىك ئىدى. ھېكايىمىز يۈز بېرىشتىن بۇرۇنقى ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىتتا، چوشقىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق مۇنازىرە يۈز بېرىپ، مۇستەملىكە رايونىنىڭ قانۇن ئاپپاراتلىرىدا بۇ مۇنازىرىنىڭ ئايىغى چىقمايلا قالماستىن، ئاپپاراتنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

خىستېر پروننىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشتا بىر تەرەپ ئاۋام، يەنە بىر تەرەپ پەقەت تەبىئىي ھېسداشلىقنى قالقان قىلغان غېرىب ئايال ئىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي كۈچىدە زور پەرق بولۇپ، سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا يالغۇز كەپىسىدىن يولغا چىقىپ ئامال ئىزدەۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، ئانىنىڭ گۆھىرى يېنىدا ئىدى. گۆھەر (ئەمدى بۇ قىزنىڭ ئىسمى پېرل دەپ ئېلىنىدۇ)① ئانىسىنىڭ قېشىدا پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ تىنىمسىز ئىدى، ئۇ خېلى ئۇزۇن يوللارنى پىيادە باسالىسىمۇ، ئانىسىنى كۆتۈرگۈزەتتى، ئۇ ماڭالماسلىقتىن ئەمەس، ئەركىلەپ شۇنداق قىلاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي چۈشىمەن دەيتتى. ئۇ خىستېرنىڭ ئالدىدا ئالدىرايتتى، تاقلايتتى، يۈگۈرەيتتى، ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن چىغىر يولدا سەنتۈرۈلەتتى. پېرلدا گۈزەللىك ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇ مېھرى ئىسسىق، تېتىك قىز ئىدى: ئۆڭى سۈپسۈزۈك، كۆزلىرى نۇرلۇق، چاچلىرى قوڭۇر بولۇپ، يەنە نەچچە يىل ئۆتسە قارىداشقا باشلايتتى، ئانىسى قىزىغا كىيىم لايىھىلىگەندە ئۆزگىچە لايىھىلەيتتى، قىپقىزىل مەخمەلدىن

---

① رومانىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە قىزنىڭ ئىسمى 珠儿 دەپ تەرجىمە شەكلىدە ئېلىنغان، ئىسمى ئەسەرنىڭ ئىنگلىزچىسىدە Pearl دېيىلگەن، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى «مەرۋايىت»، «گۆھەر» بولىدۇ. بىز ھازىرغىچە بۇ سۆزنى بالىنىڭ سۈپىتى شەكلىدە قوللاندۇق، ئەمدى بالىنىڭ ئىسمى ئىنگلىزچىسى بويىچە «پېرل» دەپ ئېلىنىدۇ. — ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

تىكىلگەن بەل پۇرمە كۆڭلەككە زەر يىپتىن ئالىيپتە گۈل كەشتىلەنگەن بولۇپ، پېرلىنىڭ ھۆسنىنى تېخىمۇ ئاچقانىدى، ئۇ گويا مىسلىسىز جۇلالىق ئوتقاش ئىدى.

كىيىم ۋە بالا ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى، بۇنداق ۋاقىتتا، كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا خىستېر پروننىڭ مەيدىسىدىكى بەلگىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. بۇ بالىنى يەنە بىر شەكىلدىكى قىزىل خەت، يەنى تىرىك قىزىل خەت دېيىشكە بولاتتى. بۇ قىزىل ھاقارەت خىستېرغا چوڭقۇر داغلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئۇقۇملىرى مۇشۇ شەكىلنى ۋاستە قىلاتتى، ئۇ ئاشۇ ھاقارەتنىڭ ماسلانمىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ياساپ چىقتى، ئۇ يېتەرلىك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، مېھىر ئوبيېكتى ھەمدە گۇناھ ۋە كۈلپەتنىڭ بەلگىسى بولغان بۇ ئەسەرنى بىنورمال ھالدا ياراتتى. پېرل راستتىنلا بۇ ئىككى نەرسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانىدى، دەل مۇشۇ پەيتتە خىستېر بالىسىنىڭ تاشقى قىياپىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىزىل خېتىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەشكە مۇۋەپپەق بولالىغانىدى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى بۇ بازارغا كەلگەندە، پروتېستانت مۇخلىسلىرىنىڭ بالىلىرى ئويۇنلىرىنى توختىتىپ، بويۇنداپ قاراشتى ھەم جىددىي تەرزدە غۇلغۇلا قىلىشتى:

— قارا، قىزىل بەلگىسى بار خوتۇن كەلدى، قىزىل بەلگىگە ئوخشايدىغان كىچىك مەخلۇقمۇ يېنىدا بار ئىكەن! ئوبدان بولدى، ئۇلارغا لاي ئاتايلى!

پېرل قەيسەر ئىدى، ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ۋەھىمە سالىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىۋىدى، بالىلار قاچتى. ئۇ خۇددى كىچىك ئالۋاستىدەك ياكى قانتى يېتىلمىگەن جازا پەرىشتىسىدەك غەزەپ بىلەن قوغلىدى. ئۇ شۇنداق سۈرەن سالدىكى، قېچىۋاتقان بالىلار چۆچۈپ كەتتى. پېرل غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىپ، ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇلار گوبېرناتور بىللىگخامىنىڭ تۇرالغۇسىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەلدى. بۇنداق ھەيۋەت ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۇسلۇبىنى كونا شەھەرلەرنىڭ رەستىلىرىدىن ھازىرمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئۆيلەرنى مۇخ قاپلاپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغانىدى، ئاشۇ گىرىمسەن خانىلاردا يۈز بېرىپ غايىب بولۇپ كەتكەن تۇرلۇك قىسمەتلەر ئۇنتۇلغان ياكى ساقلانغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىنى ئېچىندۇرمەي قالمايتتى. ئۆز زامانىسىدا بۇ ئۆيلەر يېڭى بولۇپ، كۆن نۇرى يالتىراپ تۇرغان دېرىزىلەردىن ئادەمزات مەئىشەتلىرى نامايان ئىدى. بۇ ئائىلىدە تېخى ئۆلۈم ـ يىتىم بولۇپ باقمىغان، تۇرالغۇدىن گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ سىرتى سۇۋالغان بولۇپ، سۇۋاقتا ئەينەك پارچىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغانىدى. قۇياش نۇرىنىڭ تامغا چۈشۈشى بىلەن تام خۇددى ئالماس چېچىلىۋەتكەندەك يالتىراپ كېتەتتى. بۇنداق جۇلالىق مەنزىرە بىر پروتېستانت مۇخلىسىغا ئانچە ماس كەلمەيتتى، بەلكى بۇ ئالاۋۇدۇننىڭ قەسرىگە يارىشاتتى. سارايىنىڭ ئالدى تەرىپى قەدىمكى ئېسىللىق چىقىپ تۇرىدىغان، غەلىتە، سىرلىق ئادەملەر ئوبرازى ۋە قىياپەتلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، بۇلار بىنا پۈتۈپ، سۇۋايدىغان ۋاقىتتا چۈشۈرۈلگەن، مانا بۇلار كېيىنكىلەر زوق ئالىدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

پېرل پارقىراق، ئالاھىدە بىنانى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئۇ ئانىسىغا تامدىكى نۇرنى سويۇپ بەر، ئوينايمەن، دېدى.

— ياق، قوزام، — دېدى ئانىسى، — نۇرۇڭنى ئۆزۈڭ تاپ، ساڭا نۇر بېرەلمەيمەن.

ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كەلدى، دەرۋازا ئەگمە بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ئىنچىكە مۇنار بار ئىدى. مۇنارنىڭ ئالدى تەرىپى بولسا ياغاچ پەنجىرىلىك ئىدى. خىستېر پرون دەرۋازىدىكى بولقىنى ئېلىپ ئۇردى، گوبېرناتورنىڭ مالىيى دەرھال پەيدا بولدى. ئۇ ئەسلىدە ئەنگلىيىنىڭ ئەركىن پۇقراسى بولۇپ، بۇ يەردە مالايلىق قىلغىلى يەتتە يىل بولغانىدى. مالاي بەئەينى خوجايىنىنىڭ

مۆلكىدەكلا ئىدى، ئۇنى كالا ۋە ئورۇندۇقلارغا ئوخشاش ئالماشتۇرغىلى هەم ساتقىلى بولاتتى. ئەينى دەۋر ئەنگلىيە جەمەتىنىڭ قورۇلىرىدىكى مالايلار كۆك رەڭلىك كىيىم كىيەتتى، بۇ مالايمۇ شۇنداق ئىدى.

— گۇبېرناتور بېلىڭخام بارمۇ؟ — سورىدى خىستېر.

— بار، ئۆيدە، — مالاي جاۋاب بەرگەچ كۆزلىرىنى قىزىل خەتكە تىكتى، ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى، مۇنداق بەلگىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، — خوجايىن بار، ئىككى باستېر ۋە بىر دوختۇر بىلەن بىللە، هازىر كۆرۈشەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— بىراق، مەن يەنىلا كىرىشىم كېرەك، — دېدى خىستېر پىرون. خىستېرنىڭ قەتئىي قىياپىتى ۋە ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى چاقناپ تۇرغان بەلگىنى كۆرۈپ، بۇ ئېسىلزادە خانىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغان مالاي قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

ئۇلار زالغا باشلاندى. گۇبېرناتور بېلىڭخام مۇستەملىكە زېمىنىدىكى بۇ تۇرالغۇسىنى يۇرتىدىكى بايلارنىڭ تۇرالغۇسىدەك قىلىپ لايىهەلەتكەنىدى، ئەمما ئىشلەتكەن ماتېرىياللارنىڭ سۈپىتى، كىلىمات ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ پەرقىگە ئاساسەن قۇرۇلۇشتا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى. سارايدىكى كەڭ ۋە مۇۋاپىق ئېگىزلىكتىكى زال پۈتۈن سارايىنى تۇتاشتۇرغان بولۇپ، ئومۇمىي پائالىيەت مەركىزى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى، سارايدىكى خانىلارغا مۇشۇ زال ئارقىلىق بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك هالدا ئۆتكىلى بولاتتى. زالنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئىككى مۇنارنىڭ دېرىزىسىدىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كىچىك چاسا شەكىللەنگەنىدى. زالنىڭ يەنە بىر تەرىپى پەردىلەنگەن كۆپۈنگۈ دېرىزە بىلەن بەكلا يورۇتۇۋېتىلگەنىدى. بۇنداق كۆپۈنگۈ دېرىزە تامنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى قەدىمكى كىتابلاردىن كۆرگىنىمىزدىكىدەك، ئۇنىڭدا سېلىنجىلىق ئورۇن بار ئىدى. ئۇ يەردە قېلىن بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى، بەلكىم ئۇ «ئەنگلىيە يىلنامىسى» دېگەنگە ئوخشاش يىرىك كىتابلار بولسا كېرەك. هازىر كىشىلەر زەر

تاشلىق كىتابلارنى ئۇستەللەرگە قويۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. مېھمانلار ئۇنى خالىغانچە ۋاراقلىسا بولاتتى. زالدىكى جاھازلار، يۆلەنچۈكىگە نەپىس قىلىپ دۇب گۈللىرى ئويۇلغان بىرقانچە ئېغىر ئورۇندۇقلار، يەنە بىر يۇرۇش ئۇستەل ھەمدە ئېلىزابېت دەۋرىدىكى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى دەۋردىن قالغان تولۇق بىر يۇرۇش ئەسلىھەلەرنى گوبېرناتور يىراق ئەنگلىيىدىن ئەكەلگەن بولۇپ، ئۇستەلدە ئىنگلىزلارنىڭ مېھماندوستلۇقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۇنقۇچلۇق يوغان رومكا قويۇقلۇق تۇراتتى. مۇبادا خىستېر بىلەن پېرل قارايدىغان بولسا، رومكىنىڭ تېگىدىكى قېلىپ قالغان پېۋا كۆپۈكلىرىنى كۆرگەن بولاتتى.

تامدا بىر قاتار سۈرەت بولۇپ، بۇلار بېللىڭخام جەمەتىنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى، بەزىلىرىنىڭ ئۈچىسىدا ساۋۇت بار ئىدى، بەزىلىرى تىك پۈرمە ياقىلىق ئاق يەكتەك كىيىۋېلىشقان بولۇپ، ئەلپازى سۈرلۈك ئىدى. بۇ شۇ دەۋر سۈرەتچىلىكىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى، بەجايىكى، بۇلار مۇھىم ئەربابلارنىڭ روھىنىڭ ئۆزى بولۇپ، تىرىكلەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا ئۆتكۈر تەنقىدىي نەزەر بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.

زالنىڭ تاملىرىغا دۇب شاللىرى مىخلانغان، مەركىزىگە بىر يۇرۇش ساۋۇت - دۇبۇلغىلار ئېسىقلىق ئىدى. بۇلار رەسىمدىكىدەك كونا ئەمەس، بەلكى يېڭى ئىدى. بۇلارنى گوبېرناتور بېللىڭخام يېڭى ئىنگلاندقا كەلگەن يىلى لوندوندىكى بىر ئۇستا ياساپ بەرگەنىدى. بۇلار دۇبۇلغا، كۆكرەكلىك، بويۇنلۇق ۋە خەنجەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قوراللار، بولۇپمۇ دۇبۇلغا بىلەن كۆكرەكلىك سۈرتۈپ پارقىرىتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن قايتقان شولىلار تاختاينى يورۇتۇۋەتكەنىدى. بۇ نەرسىلەر ھەرگىز تىزىپ قويۇلىدىغان نەرسىلەر ئەمەس ئىدى، جانابىي گوبېرناتور ئۇلارنى كىيىپ، نۇرغۇن ھەربىي پاراتلاردا سۆلەت كۆرسەتكەنىدى، مۇھىمى ئۇ بۇلارنى كىيىپ پىكور ئۇرۇشىدا ئاتاكىغا ئۆتكەنىدى. گوبېرناتور بېللىڭخامنىڭ ئەسلىي كېلىپ چىقىشى گەرچە ئادۋوكات بولسىمۇ، ئەمما بىكون، كوك، نوي ۋە فىنچلارنىڭ گېپىنى

www.uyghurkitap.com

قىلغاندا ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سەپدىشىدەك كۆرسەتتى . يېڭى دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتى ئۇنى سىياسىيون ، ھۆكۈمدار ۋە ھەربىي خادىمغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى .

پېرل سىرتتىكىدەكلا خۇشال ئىدى ، پارقىراپ تۇرغان ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى ، ئۇ چاقناپ كەتكەن كۆكرەكلىككە ئۇزاق قارىدى .

— ئاپا ، — دېدى ئۇ ، — مەن بۇ يەردىن سېنى كۆرۈۋاتىمەن ، قارىغىنا !

بالىسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ، خېستېر كېلىپ قاراپ قويدى . كۆپۈنكۈ ئەينەك ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنى چوڭايتىپ ، ئۇنىڭ بەستىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى . خېستېر گوياكى قىزىل خەت تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغانىدى . پېرل قالپاقتىكى ئوخشاش سىيمانى كۆرسىتىپ ، ئانىسىغا قاراپ ھىجىياتتى ، چىرايىدىن شەيتانلىق ، بالىلارچە كەپسىزلىك چىقىپ تۇراتتى ، ئەينەك بۇ ھالەتنىمۇ كۆرسىتىپ تۇراتتى . مۇبالىغە ۋە دىققەت قىلىشلار خېستېر پرونغا ئۇنى ئۆز بالىسى ئەمەس ، بەلكى شەيتاندەك ھېس قىلدۇردى .

— يۈر ، پېرل ، — دېدى خېستېر ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ، — ئاۋۇ چىرايلىق باغنى كۆرۈپ كېلەيلى ، بەلكىم بىز ئۇ يەردىن ھەر خىل گۈللەرنى ، ئورمانلىقتىكىدىنمۇ چىرايلىق گۈللەرنى كۆرەلەرمىز .

پېرل زالنىڭ بىر چېتىدىكى كۆپۈنكۈ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئەتىرگۈللەرنى كۆردى . ئۇ قىزىل ئەتىرگۈلنى ئۈزىمەن ، دەپ ۋارقىرىدى ، ھاي دېگەنگىمۇ ئۇنىمىدى ، — بوشراق ، بالام ، بوشراق ، — دېدى ئانا جىددىي تۇستە ، — ۋارقىرىما ، سۆيۈملۈك قوزام ! باغدا باشقىلار پاراڭلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ ، گوبېرناتور كەلدى ، باشقىلارمۇ باردەك قىلىدۇ .

باغدىكى باراقسان يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرقانچە ئادەم ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتاتتى ، پېرل ھاي دېگەنگە ئۇنىماي ۋىچىرلاپ ، ئاخىر تىنچىدى .

# 8 . گۆدەك بىلەن باستېر

ئۇچىسىغا كەڭ يەكتەك، بېشىغا ياشانغانلارنىڭ ئۆي ئىچلىك شەپكىسىنى كىيىۋالغان گوبېرناتور بېللىڭخام ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ روزغارىدىن ماختىنىۋاتقاندەك قىلاتتى، ھەدەپ پىلان ۋە لايىھىلىرى ئۈستىدە سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاقارغان ساقىلىنىڭ ئاستىدا پادىشاھ جامىس دەۋرىدىكىدەك تىك پۈرمە ياقا تۇراتتى، ئۇنىڭ بېشى بەئەينى يۇيۇندۇرغۇچى جونىنىڭ پەتنۇسقا ئېلىنغان بېشىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئەپتى قاتمال، سۇرلۇك ئىدى، بۇنىڭغا قېرىلىق قوشۇلۇپ، بار ئاماللار بىلەن مەئىشەت ئىزدەپ يۈرگەن ھالىتىگە ماس كەلمىگەن بىر تەسىراتنى بەخش ئېتەتتى. ئەستايىدىل كىشىلەر شۇنداق دەيدۇ ھەم شۇنداق ئويلايدۇ: ئىنسانلارنىڭ ھاياتى سىناق ۋە كۈرەشلەرگە دۇچ كېلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ۋە مېلىنى بەدەل قىلىشقا ھەر زامان تەيياردەك ئويلىشىدۇ، لېكىن ئىشرەت ۋە مەئىشەتنى رەت قىلىشتىن ئىبارەت ئەقىدە مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدۇ دەپ ئويلىساڭ، خاتا قىلغان بولىسەن. مەسىلەن، ماختاشقا ئەرزىيدىغان باستېر جون ۋىلسون بۇ ئەقىدىنى تىلغا ئېلىپ باقمىغان. ئۇ گوبېرناتور بېللىڭخامنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. گوبېرناتورنىڭ مۇرىسىدىن ئۇنىڭ چار ساقاللىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ نەشپۈت ۋە شاپتۇللارنى يېڭى ئىنگلاندىنىڭ كىلىماتىغا ئۆزلەشتۈرگىلى بولغانىكەن، قىزىل ئۈزۈمنىمۇ تاملارغا ئارتىپ ئوبدان ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، دەپ تەكلىپ بېرەتتى. ئەنگلىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ قوينىدا يېتىلگەن بۇ قېرى باستېر گۈزەل ھەم ياخشى نەرسىلەرگە بولغان شەيدالىقنى ئاللىبۇرۇنلا

يېتىلدۈرگەنىدى . ئۇ ۋەز سۆزلىگەندە خىستىر پروننى تەسۋىرلىگەندە شۇ قەدەر كەسكىن بولسىمۇ ، تۇرمۇشتىكى مۇلايىملىقى ھەم كەڭ قورساقلىقى بىلەن باشقا باستىرلارغا قارىغاندا كۆپ ھۆرمەت قازانغانىدى .

گوبېرناتور ۋە جانابىي ۋىلسوننىڭ كەينىدىن يەنە ئىككى مېھمان كېلىۋاتاتتى : بىرى ، خىستىر پرون سازايى قىلىنغان مەيداندا ئۆزى خالىمىغان ھالدا قىسقا رول ئالغان باستىر ئارتور دىمىسدېل ئىدى ، يەنە بىرى بولسا روج چىلىڭۋورس ئىدى . داۋالاشقا ماھىر بۇ ئادەمنىڭ بازاردا تۇرۇپ قالغىنىغا ئىككى ـ ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى . ياش باستىر دىنىي جەمئىيەتتە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي بېرىلىپ ئىشلەپ ، سالامەتلىكى كاردىن چىقاي دېگەنىدى ، شۇڭا بۇ تېۋىپنىڭ ياش باستىرنىڭ دوستى ۋە دوختۇرى بولۇپ قېلىشى چۈشىنىشلىك ئىدى .

ئالدىدا كېلىۋاتقان جانابىي گوبېرناتور پەشتاقتا چىقىپ ، زالنىڭ دېرىزىسىنى ئاچتى ـ دە ، پەرلنى كۆردى ، خىستىر پرون پەردە كەينىدە توسۇلۇپ قالغانىدى .

— بۇ نېمە ئىش ؟ — گوبېرناتور بېلىڭخام ئوتقاشتەك قىز بالىنى كۆرۈپ ، ھەيرانلىق بىلەن سورىدى ، — راستىنى دېسەم ، پادىشاھ جامېس دەۋرىدە شەرەپكە نائىل بولۇپ ئوردىدىكى نىقابلىق تانسىلاردا ئۆزۈمنى نامايان قىلغاندىن بېرى ، بۇنداق قىز بالىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن ، ئۇ قانداقسىگە بۇ زالدا پەيدا بولۇپ قالدىكىنە ؟

— ھە ، راست ! — دېدى باغرى يۇمشاق ۋىلسون جانابلىرى ، — قىزىل پەيلەك بۇ قۇش قانداق قۇشكىنە ؟ قۇياش نۇرى رەڭدار دېرىزىدىن ئۆتۈپ ، پول ئۈستىدە زەر ۋە ھال رەڭ سىياقلارنى پەيدا قىلغاندا مۇشۇنداق ئىنساننى كۆرگەندەك قىلىمەن ، لېكىن ئۇ يۇرتتىكى ئىش ئىدى . قىزچاق ، سىز كىم ؟ ئاپىڭىز نېمىشقا سىزنى بۇنداق ياساپ قويىدى ؟ سىز خرىستىئان بالىسىمۇ ؟ سىز «دىنىي تەلىمات دەستۇرى»نى بىلەمسىز ؟ سىز



www.uyghurkitap.com

جىننىنىڭ پۇشتىمۇ ياكى پەرىشتىنىڭ؟ بىز تېخى رىم كاتولىكلىرىنىڭ بارلىق مىراسلىرىنى كونا ئىنگلاندتا قالغان چېغى دەپ ئويلاپتۇق.

— مەن دېگەن ئاپامنىڭ بالىسى، — دېدى بۇ قىزىل سايە جاۋابەن، — مېنىڭ ئېتىم پېرل.

— پېرل؟ قىزىل ياقۇت دېگەن تۇزۇك ئەمەسمىدى ياكى قىزىل كەھرىۋا، قىزىل ئەترگۇل دېسە قاملاشاركەن، — دېدى قېرى باستېر، ئۇ پېرلنىڭ يۈزىنى سىلىماقچى بولدى، — ئاپىڭىز قېنى؟ ھە، چۈشەندىم، — دېدى ئۇ تولۇقلاپ، ئاندىن گوبېرناتورغا بۇرۇلۇپ پىچىرلىدى، — بىز گېپىنى قىلغان ھېلىقى بالا شۇ، قاراڭ، بەختسىز خىستېر پىرون ئۇنىڭ ئانىسى بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى گوبېرناتور، — ياق، بىز شۇنداق قارىيالايمىزكى، بۇنداق بالىنىڭ ئانىسى ئەسلىدە بابىلونچە قالتىس ئاياللاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ ئۇ ئايال ۋاقتىدا كەلگەندەك قىلىدۇ، ئىشنى ھەل قىلىۋېتەيلى.

گوبېرناتور بېللىڭخام زالغا كىردى، كەينىدىن ئۈچ جانابمۇ كىردى.

— خىستېر پىرون، — دېدى ئۇ سۇرلۇك كۆزلىرىنى قىزىل خەتلىك ئايالغا تىكىپ، — يېقىندىن سېنىڭ ئىشىڭ ھەققىدە كۆپ كېڭەشتۇق، ئەركىنلىك توغرىسىدىمۇ ئەستايىدىل توختالدۇق. ئەمدى نەق گەپنى قىلساق، ئۆلمەس روھقا ئىگە بىر بالىنى تېيىلىپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆڭلىمىز ئارام تاپارمۇ؟ قېنى، ئويلاپ باققىن، ئۇنى سەندىن ئايرىپ ئاددىي ـ ساددا كىيىندۈرۈپ، مۇنتىزىم تەربىيىلەپ، پانىي ۋە باقىينىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلدۈرسەك، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر زامان ياخشى بولىدۇغۇ دەيمەن؟ بۇ جەھەتتە، بالاڭغا نېمە قىلىپ بېرەلەيسەن؟

— مەن بۇ يەردە ئۆگەنگەنلىرىمنى بالامغا ئۆگىتەلەيمەن، — دېدى خىستېر قولىنى قىزىل خەتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

— ھەي خوتۇن ، ئەنە ئاۋۇ سىنىڭ ئۇياتلىق بەلگەڭ ! — دېدى ئەمەلدار جاناب كەسكىن قىلىپ ، — دەل شۇ خەتنىڭ كاساپىتىدىن بالاڭنى باشقىلارنىڭ تەربىيىسىگە بەرمەكچى بولۇۋاتىمىز .

— بىراق ، — ئانىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئېيتتى ، — قىزىل خەت مېنى تەربىيىلىدى . ھەر دەقىقە مېنى تەربىيىلەۋاتىدۇ . مەن ساۋاق ئېلىپ ، بالامنى زېرەك ، ياخشى قىلىپ تەربىيىلەيمەن ، گەرچە بۇلارنىڭ مەن ئۇچۇن پايدىسى بولمىسىمۇ .

— بىز ئىنچىكە ئويلاپ قارار چىقىرىمىز ، — دېدى بىللىڭخام ، — تەدبىرىمىز ھەققىدىمۇ ئەستايىدىل ئويلىشىمىز . مەرھەمەتلىك ۋىلسون ئەپەندى ، پېرلنى بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ . بىز ھازىرچە ئۇنى شۇنداق چاقىرىپ تۇرايلى ، بۇ بالىدا مۇشۇ يېشىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىرىستىئان تەربىيىسى بارمۇ ، يوق ؟

قېرى باستېر ساپادا ئولتۇرۇپ پېرلنى تىزىدا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى ، پېرل ئوچۇق دېرىزىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى - دە ، ئېگىز پەشتاختا تۇرۇۋالدى . ئۇ خۇددى رەڭلىك ئىسسىق بەلۋاغ قۇشىدەك ئۇچۇپ كېتىشكە تەييارلا ئىدى . ۋىلسون ئەپەندى تەئەججۇپلەنگەن بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ سىناقلىرىنى داۋام قىلدۇردى :

— پېرل بالام ، سىزنى كىم ياراتقان ؟

پېرل كىمنىڭ ياراتقانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى ، خىستېر پرون تەقۋادار دىنىي ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا ، پېرلگە پەرۋەردىگار ھەققىدىكى ھەقىقەتلەرنى بىلدۇرۇشكە باشلىغانىدى . ئىنسان روھى ھەرقانچە خام بولسىمۇ ، ھىدايەتكە دائىر ھەقىقەتلەرنى قىزغىن قوبۇل قىلالايدۇ . پېرل ئۈچ ياشتا بولسىمۇ ، زېرەك ئىدى ، «يېڭى ئەنگلاند قوللانمىسى» ، «دىنىي تەلىمات دەستۇرى»غە دائىر دەسلەپكى سىناقلاردىن ئۆتەلەيتتى ، گەرچە بۇ ئىككى كىتابنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ كەتمىسىمۇ . لېكىن ، ئادەتتىكى بالىلاردىكى بەڭۋاشلىق پېرلدا ئون ھەسسە بار ئىدى . لايىقىدا بولمىغان مۇشۇ

پەيتتە ، بەخۇۋاشلىق ئۇنى راسا ئىلكىگە ئالغان بولۇپ ، بىر بولسا جىم بولۇۋالاتتى ، بىر بولسا باشقا بىرنېمىلەرنى دەيتتى . بۇ بالا قوللىرىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ ، مۇرۇۋۋەتلىك ۋىلسون ئەپەندىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدى ، ئاخىرىدا ئۇ : مەن يارىتىلغان ئەمەس ، بەلكى ئاپام مېنى تۇرمىنىڭ قېشىدا ياۋا ئەتىرگۈللۈكتىن ئۈزۈۋالغان » دەپ جاۋاب بەردى .

قېرى روج چىللىكۇۋرس كۆلۈمسىرىگەن هالدا ياش باستېرغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى . خىستېر پرون چىللىكۇۋرسقا قارىدى . مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ، ئۇ ئۇنىڭغا هەيرانلىق بىلەن دىققەت قىلماي تۇرالمىدى ، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولغانىدى . خىستېر ئۇنىڭ بىلەن بىلىشكەندىن بۇيان ، ئۇنىڭ رەڭگى سەت قارىداپ ، قامىتىمۇ بەك پۈكۈلۈپ كېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ كۆزلىرى دوقۇرۇشۇپ قالدى ، بىراق خىستېر دەرهال نەزىرىنى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا يۆتكىۋالدى .

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ، — دېدى گوبېرناتور ، ئۇ پېرلىنىڭ جاۋابىدىن پەيدا بولغان ئەندىكىشتىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلغانىدى ، — ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغان بالا تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى دەپ بېرەلمىدى . شۈبهىسىزكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ روهى ، ئازغۇنلۇقى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى هەققىدە هېچنېمىنى ئۇقمايدىكەن ! جانابلار ، ئەمدى باشقا نەرسىلەرنى سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى قالمىدى .

چىرايى دۈشمەنلىك تۈس ئالغان بۇ پروتېستانت ئەمەلدارغا قارىغىنىچە خىستېر پېرلنى ئالدىغا تارتىپ ، چىڭ قۇچاقلىۋالدى . ئۇ بۇ دۇنيا تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنىدى ، شۇ قەدەر غېرىب ئىدىكى ، ئۇنىڭ روهىي هاياتىنى پەقەت پېرللا هىمايە قىلىپ تۇراتتى . ئۇ تارتقۇزۇپ قويۇشقا زادى بولمايدىغان هوقۇقىنى ئېلىۋالمەن دەۋاتقان بۇ دۇنيا بىلەن تىركىشىۋاتقانلىقىنى ، ئۆلگۈچە قارشىلىق قىلىش لازىملىقىنى هېس قىلىپ يەتتى .

— پەرۋەردىگار سىلەر تارتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى

تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ماڭا بۇ بالىنى بەردى، — دېدى خىستىر ۋارقىراپ، — ئۇ مېنىڭ ئامىتىم ھەم ئاپىتىم، ئۇ مېنى ھايات قالدۇردى، جازانى قوبۇل قىلىشىمغا سەۋەبچى بولدى. كۆرۈۋاتامسىلەر، ئۇنىڭ ئۆزىلا قىزىل خەت! ئۇ جەلپكارلىقتا ئىگە، ئۇ مىليون ھەسسە جىق كۈچ بىلەن مەن تارتىۋاتقان جازاغا كەپارەت بولالايدۇ. مەن ئۆلمىگۈچە سىلەر ئۇنى تارتىۋالالمايسىلەر.

— ناتىۋان ئايال، — دېدى دىيانەتلىك قېرى باستېر، — پېرل غەمخورلۇقتا ئېرىشىدۇ، سەن يەتكۈزگەن مېھرىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە جىق شەپقەتكە ئېرىشىدۇ.

— خۇدا بۇ بالىنى ماڭا تاپشۇرغان، — تەكرارلىدى خىستىر، بۇ سۆز ئاۋازىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن يىغلىغاندەك چىقىپ كەتتى، — پېرلىنى بەرمەيمەن! — بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇ ھاياجانلىنىپ كېتىپ، باياتىن بېرى قاراپمۇ قويمىغان ياش باستېر دىممىسدېل ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ قاردى، — مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويۇڭ، سىز مېنىڭ روھىمغا مەسئۇل باستېرغۇ، مېنى بەكرەك چۈشىنىسىز، ماڭا پېرل بولمىسا بولمايدۇ، مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويۇڭ. سىز مېنى چۈشىنىسىز، ئۇلاردا كەم بولغان ھېسداشلىق سىزدە تېپىلىدۇ، سىز مېنىڭ قەلبىمنى چۈشىنىسىز ھەم بىر ئانىنىڭ ھوقۇقىنى چۈشىنىسىز.

خىستېر پرويننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۇنى ساراڭ قىلىۋېتەي دېگەندى. ياش باستېر ئالدىغا ئۆتتى، چىرايى تاتىرىپ، مەيدىسىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ جىددىيلەشسىلا مۇشۇنداق قىلىقلارنى قىلاتتى، شۇ تاپتا ئۇ خىستېر سازايى بولغان چاغدىكىدىن بەكرەك ھارغىن ۋە ئاجىز كۆرۈنەتتى، كۆنسېرى ناچارلىشىۋاتقان سالامەتلىك تۇپەيلىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە غەم، ھەسرەتتىن باشقا يەنە پاجىئەلىك بىر مەنزىرە تۇراتتى.

— ئۇنىڭ گېپى دۇرۇس، — ياش باستېر ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ شېرىن، يۇمشاق ئاۋازى تىترىگەندەك قىلسىمۇ، زالدا ئەكس

سادا پەيدا قىلىپ ، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلارنى جىرىڭلىتىۋەتتى ، — ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ، ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇۋاتقان ھېسسىياتىمۇ ئەيىب يوق ! خۇدا ئۇنىڭغا بالا بەردى ، شۇنىڭدەك بالىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئېھتىياجىنى چۈشىنىدىغان تۇغما تالانت بەردى . بۇ بالىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئېھتىياجى شۇ قەدەر ئالاھىدىكى ، ئانا بولۇش تۇپەيلى ئېرىشكەن ئىقتىدارغا باشقىلارنىڭ ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا كىشىنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدىغان ئورتاقلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟

— نېمە بولدىڭىز ، ئاق كۆڭۈل دىمىسدىل ئەپەندى ؟ — دېدى گوبېرناتور سۆزنى بۆلۈپ ، — گېپىڭىزنى ئېنىقراق قىلىڭ !

— بولۇپمۇ ، — دېدى ياش باستىر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — باشقا نۇقتىدىن قارىغاندا ، ھەممىنى ياراتقۇچى خۇدا ، بىر قېتىملىق گۇناھقا ئازراق مەغپىرەت كۆزى بىلەن قاراپ ، شەھۋانىيەت بىلەن مۇھەببەتنىڭ پەرقىگە قاتتىق ئېتىبار بېرىپ كەتمىگەن ئەھۋاللارنىڭ بولۇشىنى نەزەرگە ئېلىپ باقساق بولامدۇ ؟ بۇ بالا ئانىسىنىڭ نومۇسسىزلىقى ۋە دادىسىنىڭ گۇناھىدىن بولغان بالا ، ئۇ ئەلۋەتتە خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش ، خۇدا ئۆزىگە ئايان ئۇسۇل بىلەن ئانىنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىدۇ ، شۇڭا ئانا زور سەممىيەت ۋە قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ئۆز بالىسىنى ئۆزى تەربىيىلەش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ . ئۇ بالىغا ھاياتلىق بەرگەن خۇدادىن بەخت تىلەۋاتىدۇ ! خۇددى ئانا ئۆزى ئېيتقاندەك ، ئۇ ئۆز جازاسىغا كەپارەت تىلەۋاتىدۇ . ئۇ ئۆز جازاسىنى ھەرقاچان بىلىپ تۇرۇشنى ، قاتتىق ئازابنىڭ تىكەندەك سانجىلىپ تۇرۇشنى تىلەۋاتىدۇ ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى بىتچىت قىلىدىغان ئازابنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ .

— سىز يەنىلا ياخشى ئېيتتىڭىز ، — دېدى ئاق كۆڭۈل ۋىلسون ئەپەندى ، — مەن تېخى بۇ ئايالنىڭ ئۆز بالىسىنى باھانە قىلىشتىن باشقا ئوي ـ پىكىرلىرى يوق دەپتىكەنمەن .

— ئۇنداق ئەمەس ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ، — دىمىسدىل

ئەپەندى گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — ئىشىنىڭلاركى ، خۇدانىڭ بالىنى ئاپىرىدە قىلىشتىكى مۆجىزىسىگە ئۇ ئىشەندى ! شۇنداق ئويلايمەنكى ، خۇدانىڭ ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىگە ياردەم بېرىش ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشەندى . بۇنداق بولمىغاندا ، ئۇ گۇناھ پاتقاقلىرىغا يەنە پېتىشتىن ، شەيتاننىڭ قايتا ئازدۇرۇشىدىن ساقىت بولالمايتتى . مەڭگۈلۈك شادلىق ياكى ھەسرەت ئېلىپ كېلىدىغان بۇ بالىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇش ئايال ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق . ئۇ بالىسىنى باقسۇن ، ھىدايەتكە باشلىسۇن . شۇنداق قىلسا ، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە ساقلايدۇ ، مانا بۇ خۇدا ئالدىدىكى مۇقەددەس قەسەم ، بۇ قەسەم ئايالنى تەربىيىلەيدۇ ، ئەگەر ئۇ بالىسىنى جەننەتكە ئېرىشتۈرەلىسە ، بالىمۇ ئۇنى جەننەتكە ئېرىشتۈرىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، گۇناھكار ئانا گۇناھكار دادىدىن تەلەيلىكرەك ، شۇڭا خىستىير پرون ۋە بىچارە بالا ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلايلى ، باشقا ئىشقا مەجبۇرلىمايلى !

— دوستۇم ، سۆزلىرىڭىز نەقەدەر سەمىمىي ، — دېدى روج چىلىنگۇورس كۈلۈپ تۇرۇپ .

— شۇنداق ، مېنىڭ بۇ ياش بۇرادىرىمنىڭ گېپىنىڭ خېلى سالمىقى بار ، — دېدى ۋىلسون ئەپەندى تولۇقلاپ ، — قانداق قارايسىزكىن ، مۆھتەرەم بىللىڭخام ؟ ئۇنىڭ بۇ بىچارە ئايال ھەققىدىكى ئۆتۈنۈشلىرى قالتىسمىكەن ؟

— شۇنداق ، — دېدى ئەمەلدار ، — ئۇ دەلىللىدى ، شۇنداق قىلماي بولمىدى . باشقىلار كوتۇلدىمىسىلا بولدى . بەلگىلىمە بويىچە ، بۇ بالىدىن «دىنىي تەربىيە دەستۇرى»دىن سىناق ئېلىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك . بۇ ئىشنى دىمىسدىل ئەپەندى ئىككىڭىزلەرگە تاپشۇردۇق . مۇۋاپىق پەيتتە ئۇنبېشى بۇ بالىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرسۇن ، ئۇ ئىبادەتنى ئۆگەنسۇن .

ياش باستىر گېپىنى تۈگىتىپ ، كىشىلەردىن يىراقلىدى ، ئاندىن كەينىگە بىرقانچە قەدەم يېنىپ ، دېرىزىنىڭ قېلىن پەردە

پەردىسى بىلەن يۈزىنىڭ بىر يارىسىنى توسۇۋالدى. شەيتان قىز پېرىل پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ قولىنى تۇتتى ھەم يۈزىگە ياقتى.

— بۇنىڭغا جىن تېگىپتۇ زادى، — دېدى ۋىلسون ئەپەندى دىمىسىدېل ئەپەندىگە، — ئۇ ئايال پېرىخونىنىڭ سۈپۈرگىسىگە مىنمەيمۇ ئۇچالىغۇدەك.

— بۇنداق بالىنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن! — دېدى روج چىللىڭۋورس، — ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانىسىنىڭ ساپاسىنى كۆرۈپ يەتمەك تەس ئەمەس، جانابلار، ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ بالىنىڭ تەبىئىتىنى. ئۇنىڭ جۇغى ۋە مىجەزىدىن ئۇنىڭ دادىسى توغرۇلۇق ئاقىلانە قىياس قىلىپ بېقىش پەلسەپە دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەرمۇ؟

— ياق، بۇنداق ئىشتا دىنىسىز پەلسەپە بېشارەتلىرىنى قوغلىشىش گۇناھ بولىدۇ، — دېدى ۋىلسون ئەپەندى، — ئەڭ ياخشىسى، روزا ۋە ئىبادەتلەر بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلايلى، بۇ سىر بىلەن ئېيتىشماي، خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە تەبىئىي ئاشكارىلىنىشقا قالدۇرايلى. شۇنداق، ھەربىر ئىخلاسمەن ئەر بۇ تاشلاندۇق بالىنى تەربىيىلەسە بولىدۇ.

ئىش ياخشى ھەل بولدى، خىستېر پرون بالىسىنى ئېلىپ قايتتى. ئۇلار پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، كىچىك بىر ئۆينىڭ دېرىزىسى ئېچىلدى ـ دە، ھىببىنس خانىم بېشىنى چىقاردى، ئۇ گوبېرناتور بېللىڭخامنىڭ ئاچىسى بولۇپ، غەلىتىلىكى ۋە تاش يۈرەكلىكى بىلەن داڭلىق ئىدى (ئۇ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن پېرىخون دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى).

— ۋەي، ۋەي! — دېدى ھىببىنس خانىم، ئۇنىڭ شۇم ئەپتى بەئەينى بۇ ئاۋات ماكانغا چۈشكەن كۆلەڭگىدەك ئىدى، — ئورمانلىقتا كۆڭۈل ئېچىش بولماقچى، مەن ھېلىقى نېگىر ئەرگە دەپ قويدۇم، بۇگۈن ئاخشام بىز بىلەن بىرگە بېرىشنى خالامسىلەر؟ خىستېر پرونمۇ قاتنىششى كېرەككۇ!

— ئۇنىڭغا ئۆزرەمنى دەپ قويۇڭ، — دېدى خېستېر كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن ئۆيدە بالىغا قارايمەن. ئەگەر ئۇلار بالامنى ئېلىۋالغان بولسا، سىز بىلەن ئورمانلىققا بېرىپ، ئېگىز ئەرنىڭ تىزىملىكىگە ئىسمىمنى يېزىپ، قېنىم بىلەن ئىمزا قوياتتىم.

— ئۇنداق بولسا، كېلەر قېتىم ئۇ يەردە كۆرۈشەيلى! — پېرىخون ئايال قاپىقىنى تۈرۈپ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، بېشىنى دېرىزە ئىچىگە ئالدى.

# 9 . دوختۇر

ئوقۇرمەننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك . روج چىلىڭۋورس دېگەن نامنىڭ كەينىگە يەنە بىر نام يوشۇرۇنغانىدى . بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىسمىنىڭ تىلغا ئېلىنىشىنى قەتئىي خالىمايتتى . خىستېر پروننىڭ سازايىسىنى كۆرۈۋاتقان توپنىڭ ئارىسىدا يول ئازابىنى تارتقان بىر قېرى ئەر تۇراتتى . ئۇ باياۋاندىن قۇتۇلۇپ چىقىپلا ، ئۇ ئارزۇ قىلىدىغان ئائىلىۋى ئىللىقلىقتىن دېرەك بېرىدىغان ئايالىنىڭ گۇناھىنىڭ ئۇلگىسىگە ئايلىنىپ ، سازايى سۈپىتىدە تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . ئايالىنىڭ شان - شەرىپى پايمال بولۇۋاتاتتى ، بازارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنىڭ ناشايان قىلىقلىرى سۆز - چۆچەك ئىدى . بۇ سۆز - چۆچەكلەر ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ياكى ئۇنىڭ پاك مەزگىلىدىكى يارەنلىرى ئارىسىغا تارالسا ، كاساپىتى يۇقماي قالمايتتى ، بۇنداق كاساپەت ئۇنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ۋە يىراقلىقىغا مۇناسىپ رەۋىشتە ئوخشىمىغان نورمىدا تېگەتتى . بۇ بۇزۇق ئايال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ ۋە مۇقەددەس بولغان بۇ ئەرگە نىسبەتەن تاللاش ئىمكانىيىتى بولۇپ تۇرۇقلۇق ، ئاشكارا ھالدا شەرەپ - نومۇسىنى تاللاشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ئۇ ئايالى بىلەن نومۇس سەھنىسىدە بىللە تۇرماسلىقنى تاللىدى . ئۇنى خىستېر پروندىن باشقا ھېچكىم تونۇمايتتى . ئۇنىڭ خىستېرنىڭ ئاغزىنى قۇلۇپلاپ قويالايدىغان تەرىپىمۇ بار ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نامىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىسىم دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈۋېتىش ، بۇرۇنقى پايدا - زىياننى كۆزدە تۇتقان تەقدىردىمۇ ، ئۆزىنى تۇرمۇشتىن يوق قىلىپ ، خۇددى ئىلگىرىكى مىش - مىش پاراڭلار يوق قىلىۋەتكەندەك يوق قىلىۋەتمەكچى بولدى . بۇ مەقسەتكە يەتكەن ھامان يېڭى نىشان پەيدا بولدى ، يەنى يېڭى نىشانى بار بولدى . بۇ نىشان گۇناھلىق

بولمىسىمۇ، دېگەندەك دۇرۇس ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان كۈچ پۈتۈن قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى ھەرىكەتكە سالالايتتى.

ئۇ ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روج چىللىڭگۇورس دېگەن ئىسىم بىلەن پروتېستانتلارنىڭ بۇ كىچىككىنە بازىرىدا تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭغا باشقا دەستەك كەتمەيتتى، ئۇنىڭدىكى ئۆزگىچە بىلىملەرنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ يېرىمى تېببىي ئىلىم بىلەن ئۆتتى. ئۇ دوختۇر دېگەن نام بىلەن بۇ يەردە پەيدا بولغاندا، دەرھال قىزغىن قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشتى. ئەينى دەۋردىكى مۇستەملىكىدە ئىچكى ـ تاشقى تېببىي ئىلىملەرگە پىششىق ئادەملەر ئاز ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن، دوختۇرلارنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىمۇ ئوكيان ھالقىپ ئۆتۈشكە پايلىمايتتى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ تېنىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ياكى بارلىق قابىلىيىتىنى ماددىي قاتلامدا ئىپادىلىگەندە، مۇرەككەپ ئىنسان جىسمى ئۇلارنى تاڭ قالدۇراتتى. گويا ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمى ھەممە ھاياتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك ھەمدە تەلتۆكۈس سەنئەت ئادەمنىڭ بەدىنىدىلا بولىدىغاندەك، ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى ئەڭ يۈكسەك پىكىرگە ئىگە ئەمەس ئىدى. قانداقلا بولسۇن، بوستوندىن ئىبارەت بۇ گۈزەل بازارنىڭ سالامەتلىك ئىشلىرى، يەنى تېبابەتكە ئائىت بارلىق ئىشلىرى، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى ۋە دورىگىرى بولمىش بىر قېرىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىشلاردىكى كارامىتى بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىپ بېرىلگەن دورىغا قارىغاندا كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىگە بەكرەك ئىگە ئىدى. بىردىنبىر تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ساتىراشلىق بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستۇن ھۈنىرىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەت يوق ھېسابتا ئىدى. بۇ ئىككىسىگە نىسبەتەن روج چىللىڭگۇورس كۆزنى چاقنىتىدىغان يېڭى چولپان بولدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ كلاسسىك تېبابەتتىكى مول بىلىمىنى نامايان قىلدى، ھەربىر رېتسېپتا تۆرلۈك تەركىب بار

بولۇپ ، دورا ياساش تەرتىپلىرىمۇ كارامەت ئىدى ، كىشىگە خۇددى ئۆلـمەسلىكنىڭ دورىسىنى ياساۋاتقاندەك تەسىرات بېرەتتى . ئۇ ئىندىئانلار تەرىپىدىن تۇتقۇن بولغاندا ، يەرلىك دورا گىياھلىرىنىڭ خـۇسـۇسـىيىتىنى ياخشى ئىگىلىگەنىدى . ئۇ قىلچە ئايانماستىن بىمارلارغا شۇنداق دەيتتىكى ، تەبىئەت ياۋايىلارغا ئاتا قىلغان بۇ دورىلار بىلىملىك دوختۇرلار ئەسىرلەردىن بۇيان تەجرىبە قىلىپ توپلاپ چىـقـقـان ياۋروپا كـلاسـسـىـك دورىـگەرلىكى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە .

كـىـشـىـلـەر بـۇ نـاتـونۇش ئالىمنى دىنىنىڭ بەزى يۇزەكى تـەرەپلىرىدە بىزگە ئۇلگە بولالايدۇ دەپ قارايتتى ، ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا باستېر دىمىسدېلنى ئۆزىگە دىنىي ئۇستاز قـىلىپ تاللىدى . بۇ ياش باستېر ئوكسفوردتا ئۆلىمالارغا خاس ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى ، ئۇنىڭ قىزغىن ئىخلاسمەنلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئـۇ قـەدىـمـكى ئەۋلىيالار خرىستىئان ئەقىدىسى ئۈچۈن قىلغان خـىزمەتلەرنى ھازىر ئانچە كۆچى بولمىغان يېڭى ئىنگلاند دىنىي جەمئىيىتىگە قىلسا ، گەپ - سۆزسىز ھالدا خۇدا ئالدىدا ئاشۇلارغا بـاراۋەر ئـەجـىـرگە ئىگە بولارمىش . لېكىن ، ھازىر دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ سالامەتلىكى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ كۈندىلىك تـۇرمۇشىنى پىششىق بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇنىڭ چـىـرايـىـنىڭ تاتىراڭغۇ بولۇشى ئۇنىڭ ئىلىمگە زىيادە چۆكۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىدى . ئۇ دىنىي رايوننىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلاتتى ، چاكىنا جاھانسازلىق مۇھىتىدا روھىيەت چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ، كېچىلىرى بىدار ھالدا روزا تۇتاتتى . بـەزىـلـەرنـىڭ قارىشىچە ، ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە ، بۇ ھال بۇ جاھاننىڭ ئۇنىڭ ئايىغىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئەرزىمىگەنلىكىدىن ئـىـدى . ئەكسىچە ، ئۇ ئەقىدىسىنى ئالاھىدە كەمتەرلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك ئارقىلىق نامايان قىلاتتى : ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قـېـلىشى ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك بۇرچىنىمۇ ئۆتەش لاياقىتىگە ئىگە بـولالـمـىـغانلىقىدىن بولاتتى . ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ كۈنسايىن

ناچارلىشىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كىشىلەر ھەر خىل چۈشەندۈرسىمۇ، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلاشماقتا ئىدى، ئاۋازى يېقىملىق بولسىمۇ، زەئىپلىشىپ بارماقتا ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۇ بىرەر ئىشتىن چۆچۈپ كەتسە، مەيدىسىنى تۇتۇۋالاتتى، چىرايى گاھ قىزىرىپ، گاھ تاتىراتتى، بەك ئازابلىنىپ كېتەتتى.

ياش باستېرنىڭ سالامەتلىكى ئاشۇنداق. روج چىللىڭۇورس بۇ بازارغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەھۋالى خېلىلا خەتەرلىك ئىدى. بۇ ياشنىڭ ئۇمىد نۇرى ئۆچۈپ قالايلا دېگەنىدى. چىللىڭۇورسنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچكىم بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى، ئۇ ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى جەھەننەمدىن ئۈندىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ بۇ سىرلىق ئىش كىشىلەر تەرىپىدىن مۆجىزە قاتارىدا سۆيەتلەندى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ دوختۇرلۇقى ھەممىگە ئايان ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ گىياھ يىغىۋاتقانلىقىنى، ياۋا گۈللەرنى تېرىۋاتقانلىقىنى، يىلتىز كولاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى، ئادەتتىكى كىشىلەرگە كېرەكسىز بىلىنىدىغان بۇ نەرسىلەرنىڭ يوشۇرۇن قىممىتى ئۇنىڭغا پىششىق تونۇش ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاقسۆڭەك كەنەم دېگىبى قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇلارنىڭ پەن ساھەسىدىكى پەللىسى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئۇ بۇلارنى قەلەمداشلىرى ياكى يېقىن ھەمراھلىرىدەك تىلغا ئالاتتى. ئۇنىڭ ئىلمىدىكى مەرتىۋىسى شۇنچە يۇقىرى تۇرۇپ قانداقسىگە بۇنداق يەرگە كېلىپ قالدىكىنە؟ ئۇ چوڭ شەھەرلەردە پەرۋاز قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇ قاقاس يەرگە نېمىدەپ كەلگەندۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل پىتنە ـ پاسات ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاندىكى، بۇلارنىڭ شۇنچە تۇتامسىز بولۇشىغا قارىماي، بەزى ئاقىللارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى: پەرۋەردىگار بىر مۆجىزىنى ئايان قىلىپ، گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر تېببىي دوختۇرنى دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ كىتابخانىسى ئالدىدا پەيدا قىلدى. بەزى پاراسەتلىك تەقۋادارلار خۇدانىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن مۆجىزىگە مۇراجىئەت قىلىپ يۇرمەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتىيۇ، لېكىن روج چىللىڭۇورسىنىڭ پەرۋەردىگار تەرىپىدىن دەل ۋاقتىدا ئەۋەتىلگەنلىكىنى كۆرۈشنى ئىستىشەتتى.

باشتا دوختۇر ياش باستىرغا كۆچلۈك ھېرىسمەنلىك كۆرسەتتى، شۇبھىسىزكى، بۇ يۇقىرىقىدەك ئويلارنى جانلاندۇرۇۋەتتى. دوختۇر بىر ئۇممەت سۆپىتىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتى، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى زەكىيلىك ۋە زىيادە سەزگۈرلۈكنى يېڭىپ ئۇنىڭ دوستلۇقى ۋە ئىشەنچىگە ئېرىششنى ئويلايتتى. ئۇ باستىرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال داۋا قىلىشقا ئالدىرىدى. ئۇ بالدۇرراق داۋالىغانىنىڭ ئۇنۇمى بولماي قالمايدۇ دەپ ئويلايتتى. دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ دەرىنكىدىكى ئاقساقاللار، ئىشدارلار، موناخلار ۋە نازاكەتلىك قىزلار ئۇنىڭدىن دوختۇرنىڭ خالىس داۋالىشىنى قوبۇل قىلىپ، كۆرۈپ بېقىشنى قايتا - قايتا تەلەپ قىلىشتى، لېكىن ئۇ بۇ تەلەپلەرنى چىرايلىق رەت قىلدى.

— ماڭا داۋا كېرەك ئەمەس، — دەيتتى ئۇ.

ياش باستىر نېمىشقا شۇنداق دەيدۇ؟ ھەربىر ئىبادەت كۈنىدە ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولاتتى، ئاۋازى تېخىمۇ تىترەيتتى، مەيدىسىنى تۇتۇۋېلىشلىرىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھەرىكەت بولۇپ قالدى. ئۇ خىزمىتىدىن زېرىكتىمۇ ياكى ئۆلۈشنى ئىستەۋاتامدۇ؟ دىمىسدېل ئەپەندى بوستون ئاقساقاللىرىنىڭ سوئاللىرىنى ۋە چېركاۋدىكى ئىنجىراچىلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئىشتىپ كەلدى: پەرۋەردىگار ئىرادە قىلىپ، ھىممەت قولىنى سۇنۇۋاتسا، ئۇنى رەت قىلىشنىڭ ئۆزى گۇناھتۇر. ئۇ سۈكۈت بىلەن ئاڭلاپ، ئاخىر دوختۇر بىلەن كۆرۈشۈشنى قوبۇل قىلدى.

— ئەگەر بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى بولسا، — دېدى دىمىسدېل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇش ئۇچۇن روج چىللىڭۇورستىن مەسلىھەت سورىغاندا، — سىزنىڭ مەن توپەيلى يۇكسەك

دوختۇرلۇق ماھارىتىڭىزنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىڭىزنى خالىمايمەن. تارتقان كۈلپەتلىرىم، مېھنەتلىرىم، قايغۇ ۋە گۇناھلىرىمنىڭ مەن بىلەن ئاخىرەتكە كېتىشىنى، پانىي دۇنياغا مەنسۇپ قىسمىمنىڭ گۆرگە كىرىپ كېتىشىنى، روھىمنىڭ مەڭگۈلۈك دۇنياغا كېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

— ئاھ، — دېدى روج چىلىڭگۇورس، ئۇنىڭ قىلىقلىرى سۇنئىيمۇ ياكى تەبىئىيمۇ بىلگىلى بولمايتتى، لېكىن شۇ قەدەر بىمالال ئىدىكى، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمايتتى، — ياش باستېر مۇشۇنداق گەپ قىلىشقا ئامراق ئىكەن. يىگىت، ھاياتقا تۇزۇك يىلتىز تارتمايلا كېتىپ قالسىڭىز بولامدۇ؟ كىشىلىك دۇنياسىدا پەرۋەردىگارنىڭ يولىنى تۇتۇپ كېتىۋاتقان ئەۋلىيالارمۇ يېگى يىرۇسالىمنىڭ ئالتۇن رەڭ كوچىسىدا مېڭىشنى خالايدۇ ئەمەسمۇ.

— ياق، — دېدى ياش باستېر گەپ قىستۇرۇپ، ئۇنىڭ قولى مەيدىسىدە ئىدى، پېشانىسىدە ئازابلىق قىزىل جىلۋە كۆرۈنۈپ يوقاپ كەتتى، — ئۇ يەرگە بارغۇدەك لاياقىتىم بولغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇ يەردە ئازاب تارتىشنى خالايمەن.

— ياخشى نىيەت ساھىبلىرى ئۆزىنى ھەمىشە پېقىر تۇتىدۇ، — دېدى دوختۇر.

شۇنداق قىلىپ، سىرلىق قېرى روج چىلىڭگۇورس باستېر دىمىسدېلنىڭ ساغلاملىق مەسلىھەتچىسىگە ئايلاندى. ئۇ ئۇنىڭ كېسىلىگە قىزىقىپ قالماي، پەزىلىتى ۋە خاراكتېرىنى نازارەت قىلاتتى. ئىككىسىنىڭ ياش پەرقى چوڭ بولسىمۇ، بىللە ئۆتكۈزىدىغان ۋاقتى كۆپ ئىدى. باستېرنىڭ سالامەتلىكى ۋە دوختۇرنىڭ ئالاھىدە ئۇنۇملۇك دورا گىياھلىرىنى يىغىشى ئۈچۈن، ئۇلار دېڭىز ساھىلى ۋە ئورمانلىققا بىرىپ ئايلىناتتى، دېڭىز دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنلىرىغا ۋە دەرەخلەرنىڭ شۇۋىرلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى، بىر ـ بىرىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى زىيارەت قىلاتتى. باستېرنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئالىمدا بىر خىل جەلپكارلىق بار ئىدى،

ئۇنىڭدىن مول بىلىم ۋە پايانسىز ئەركىنلىك خاھىشىنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىنىڭ ھەمكارلىرىدىن تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ دوختۇردىن بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى بايقىغاندا، چۆچۈپ كەتتى دېمىگەندىمۇ ھەيران بولماي تۇرالمىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ ئىخلاسى چىن بولۇپ، ئۇنىڭدا يۈكسەك تەقۋادارلىق ۋە ئېتىقادقا مايىل قەلب بار ئىدى، بۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانداق بىر جەمئىيەت فورمىسىدا ئەركىن پىكىرلىك ئادەمگە ئايلىنالمايتتى. ئۇ ئېتىقادنىڭ بېسىمى ئارقىلىق ئەمىنلىك تاپاتتى، بۇ ئېتىقاد ئۇنى يۆلەيتتى ھەم ئۆزىنىڭ قەپىسىگە ئالاتتى. ئۇ دائىم قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىلىش ئۇسۇلىنى تەرك ئېتىپ، دۇنيانى باشقىچە بىر نۇقتىنەزەر بىلەن كۆزەتكەندە، بىر خىل ئەندىكىشلىك تاسادىپىي راھەتنى ھېس قىلىپ قالاتتى، گويا يېڭى بىر دېرىزە ئېچىلىپ، تېخىمۇ ئەركىن ھاۋا تىنجىق كۇتۇپخانىغا كىرگەندەك بولاتتى. ئۇ بۇ يەردىكى ۋاقىتنى چىراغنىڭ ئاستىدا دىنىي كىتابلاردىن چىققان قاڭسىق پۇراقلارغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزەتتى، سەزگۈ ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئۇ بۆسۈلگەن روجەكتىن كىرگەن سالقىن ھاۋانى دادىل سۈمۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئاخىرىدا باستېر ۋە ھەمراھ بولۇۋاتقان دوختۇر ئىككىسى دىنىي جەمئىيەت رۇخسەت قىلغان خىلۋەت چېگرىلىرىغا قايتىشاتتى.

روج چىلىڭۋورس ئۆزىنىڭ بىمارىنى ئېھتىيات بىلەن تەكشۈرەتتى. بىر تەرەپتىن، ئۇ باستېرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە تەپەككۇر ئادىتىنى كۆزىتەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ باشقا بىر ئەخلاقىي مۇھىتتىكى كونكرېت ئىپادىلىرىنى كۆزىتەتتى، بۇ مۇھىت ھەر زامان ئۇنىڭدا يېڭى نەرسىلەرنى ئويغىتىپ، كۆزگە چېلىقتۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. دوختۇرنىڭ قارىشىچە، ئادەمنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن داۋالىغىلى بولاتتى، قەيەردە قەلب ۋە ئىدراك بولىدىكەن، بەدەندىكى ئىللەتلەرنىڭ يىلتىزى ئەنە شۇ قەلب ۋە ئىدراكتىن تېپىلاتتى، دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ تەپەككۇر ۋە

تەسەۋۋۇرلىرى ئۆتكۈر ، ھېسسىياتى كۈچلۈك بولۇپ ، تېشىدىكى ئىللەتلەرمۇ شۇنىڭدىن ئىدى . قابىل ۋە دوستانە روج چىللىڭغۇورس ئۆز بىمارىنىڭ قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ خاتىرىسىنى قازاتتى ، خۇددى قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە گۆھەر ئىزدەۋاتقان ئادەمدەك ھەربىر نەرسىنى پەخەسلىك بىلەن سىلايتتى . مۇشۇنداق پۇرسەتكە نائىل بولغان ، بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ گۆھەر ئىزدەۋاتقان بۇنداق ئادەمگە نىسبەتەن پىنھان قالىدىغان سىر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، قەلبىگە سىر يوشۇرغان ئادەم دوختۇردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى كېرەك ئىدى .

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىككى زەكىي ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى ، ئۇلار ئىنسان تەپەككۇرىغا ۋە تەتقىقاتقا دائىر ھەرقانداق ساھەدە كەڭ دائىرىلىك ئالماشتۇرۇش قىلىشالايتتى ، ئۇ دىنىي ئەخلاق ، ئاممىۋى ئىشلار ۋە خۇسۇسىي خاراكتېرلەرنى تىما قىلاتتى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن دېيىشەتتى ، بىراق دوختۇر چوقۇم مەۋجۇت دەپ قارىغان ھېلىقى سىرلار ئىزچىل باستېرنىڭ مەنئۇيىتىدىن قاڭقىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئىلىنمىدى . دوختۇر دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ كونا كېسەللىكىنىڭ زادىلا ئاشكارىلانمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى . بۇ ھال شۇنچە غەلىتە !

ئۇزاق ئۆتمەي روج چىللىڭغۇورسنىڭ بېشارىتى ، دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ دوستلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىككىسى بىر ئۆيگە كۆچۈپ كىردى . شۇنداق قىلىپ ، باستېرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەربىر ئىنچىكە مەزمۇن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بولىدىغان بولدى . كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولغان بۇ ئىش ھەممىنى خۇشال قىلدى . كىشىلەر بۇ ياش باستېرغا پايدىلىق ئەڭ ياخشى چارە بولدى ، دېيىشتى . بۇ خۇددى بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەر دالالەت قىلغاندەك دىمىسدېل ئەپەندىگە روھىي جەھەتتىن چوقۇنىدىغان گۈلدەك زىبا قىزلاردىن بىرەرىنى تاللاپ ساداقەتمەن ئايالغا ئايلاندۇرۇشتىن تاشقىرى ھالدا بولىدىغان چارە ئىدى . ئەمما ،

دىمىسدىلىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ رايى بويىچە مەزكۇر قەدەمنى دادىل باسىدىغانلىقىدىن ھېچقانداق بېشارەت يوق ئىدى. ئۇ بۇنداق تەكلىپلەرنى رەت قىلاتتى، تەنھالىق خۇددى ئۇنىڭ دىنىي مىزانلىرىنىڭ مۇھىم بىر ماددىسىدەكلا ئىدى. ئەمدى دىمىسدىل ئەپەندى ئېنىق ھالدا شۇنى تاللىدىكى، ئۇ ئەمدى باشقىلارنىڭ داستىخىنىدىكى بەتتەم تائاملارغا ئېغىز تېگىش، باشقىلارنىڭ ئۇچىقىدىن ئوتسىنىشتىن ئۆزگە سوغۇق ھاياتىغا سەۋر قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ھەممىنى كۆزىتەلەيدىغان، تەجرىبىسى مول، مېھرىبان، قابىل دوختۇرنىڭ قېرىنداشلارچە غەمخورلۇقى ۋە ئۇممەتلەرچە ئىخلاسى بىلەن ياش باستېرنى كۇتۇشى ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئەڭ ياخشى تاللاش بولغانىدى.

بۇ بىر جۈپ دوستنىڭ يېڭى تۇرالغۇسى تەقۋادار بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيى ئىدى، بۇ ئايالنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يامان ئەمەس ئىدى، ئۆيىمۇ چېركاۋغا يېقىن ئىدى. يېنىدىلا قەبرىستانلىق بار بۇ ئۆي ئەسلىدە ئىساك جونسوننىڭ خاندانى ئىدى، بۇ يەر ئاسانلا ئېغىر ئەسلىملەرنى قوزغاپ قوياتتى. بۇ ھال بۇ ئىككى ئەپەندىنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا بەك ماس كېلەتتى. بۇ ئايال مېھرىبان ئانىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزۈپ، دىمىسدىل ئەپەندىنى ئالدىدىكى خانىغا ئورۇنلاشتۇردى، بۇ خانىغا تولۇق ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان بولۇپ، قېلىن پەردە تارتىلغانىدى. خالىسا، چۈشتىمۇ ئۆينى خىرە ساقلىغىلى بولاتتى. تاملاردىكى زىلچا گوبىلىن ماشىنىسىدا توقۇلغانىكەنمىش. راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، زىلچىغا «ئىنجىل»دىكى داۋۇت قىسسىلىرى، بەسشىبا، بېشارەتچى ناتان قاتارلىقلارنىڭ ھېكايىلىرى كەشتىلەنگەنىدى. ئۇنىڭ رەڭگى تېخى ئۆڭۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، رەسىمدىكى گۈزەل خانىمنىڭ ئەپتى مەھشەر جاكارچىسىدەك ۋەھىمىلىك ئىدى. تاتىراڭغۇ باستېر مۇشۇ يەردە كىتاب كۆرەتتى. ئۇ كۆرىدىغان كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئۇجمە قوۋزىقىدىن ياسالغان قەغەزدە مۇقاۋىلانغان كىتابلار، رابى خاتىرىلىگەن رىۋايەتلەر ۋە باشقا تەپسىرلەر بار ئىدى. بۇ ۋەسىقىلەر

دىنـدارلار تـەرىـپىدىن ئەيىبلەنسىمۇ ، لازىملىق ئۈچۈن تەخلەپ قـويـۇلـغـانـدى . تـۇرالـغـۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قىرىق رۇج چـىلـلىڭـۋورس ئۆزىنىڭ كىتابلىرى ۋە تەجرىبە ئەسلىھەلىرىنى ئـورۇنـلاشـتـۇرۇۋالغانىدى . بۇ زامانىمىز ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە تەجرىبىخانا دېگۈدەك نەرسە ئەمەس ئىدى . ئەمما ، بۇ يەردە بىر دىستىلەش ئاپپاراتى ، خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئەسۋابى بار بولۇپ ، بـۇ نەرسىلەر قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدىغان كىمياگەر ئۈچۈن ئـوبـدان نـەرسىلەر ئىدى . بۇ ئازادە مۇھىتتا ئىككى ئالىم ئۆز خـانـىـلـىـرىـدا ئـولتۇراتتى ، قورۇنمايلا بىر ـ بىرىنىڭ يېنىغا كىرىشەتتى ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىنى قىزىقىپ كۆزىتىشەتتى .

ئېيتقىنىمىزدەك ، باستېر دىمىسدېلنىڭ ئەقىللىق دوستلىرى بۇ ئىشلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى ۋە ئاۋامنىڭ دۇئاسى بىلەن جـايـىنى تاپتى ، ئەمدى ياش باستېرنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولىدىغان بولدى ، دەپ ئويلاشتى . شۇنى ئېنىق ئېيتماي بولمايدۇكى ، كېيىن يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر دىمىسدېل ئـەپـەنـدى بـىـلەن دوختۇر ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتكە باشقىچە قارايدىغانمۇ بولۇپ قالدى . تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەر مەسىلىنى كۆزەتكەندە ئاسانلا قايمۇقىدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ، ئىللىق قەلبىنىڭ بىۋاسىتە تۇيغۇسىدا ھۆكۈم چىقارسا ، ئۇ توغرا ھەم تەبىئىي ھالەتتىن تاشقىرى ھەقىقەت بولۇپ چىقىدۇ . بـۇ كـىـشـىلەرنىڭ روج چىللىڭۋورس ھەققىدىكى بىر تەرەپلىمە قارىشىغا رەددىيە بېرىپ يۈرۈشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى . ياشىنىپ قالغان بىر ھۈنەرۋەن بار بولۇپ ، ئۇ ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ، يەنى توماس ئوۋېر بۇرى قەستلەنگەن مەزگىللەردە لوندوننىڭ شەھەر پۇقراسى ئىدى . ئۇ : «مەن بۇ دوختۇرنى كۆرگەن ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ باشقا بىر ئىسمى بار ئىدى ، ھازىر ئۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن . ئۇ مەشھۇر مۇنەججىم فورمان دوكتورنىڭ كەينىدىن يۈرەتتى ، ئوۋېر بۇرىنىڭ قەستلىنىشىدە ئاشۇ دوكتورنىڭ قولى بار ئىدى» دەپ گۇۋاھلىق بەردى . يەنە بەزىلەر دەيتتىكى ، ئۇ دانىشمەن

ئادەم ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈتۈپ كېتىلگەندە ، ئۇ ياۋايىلارنىڭ جادۇگەرلىك مۇراسىملىرىغا قاتنىشىپ يۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ تېببىي بىلىمىنى ئاشۇرغانىكەن . ئىنسانلار پىرىخونلىرىنىڭ قۇدرىتى چەكسىز بولۇپ ، بۇ ھەممىگە ئايان ئىدى ، ئۇلار بىدئەت ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىپ ، بىمارلارنى مۆجىزىدەكلا ساقايتاتتى . يەنە بىر تۈركۈم سوغۇق قان كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىدى . ئۇلار روج چىللىغۇورس بۇ بازاردا تۇرۇپ قالغاندىن بېرى ، بولۇپمۇ دىمىسدىل ئەپەندى بىلەن بىللە تۇرغاندىن بېرى قىياپىتىدە ئۆزگىرىش بولدى ، دەپ مۇئەييەنلەشتۇرەتتى . راست ، باشتا ئۇ ئالىمدەك ۋەزمىن ئىدى ، ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدا مىسلىسىز خۇنۇكلۇك ھەم رەزىللىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . بۇ ئالامەتلەر قارىغانسېرى روشەنلىشەتتى . قوپال ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ تەجرىبىخانىسىدىكى ئوت دوزاختىن كەلگەن بولۇپ ، ئوتۇنلىرى ۋەيلۇن دوزاخنىڭ ئىدى ، ئۇنىڭ چىرايىمۇ شۇ ئوتنىڭ ئىسلىرىدىن قارىداپ كەتكەنىدى .

شۇ قاراشلار ئورتاقكى ، خىرىستىئان دۇنياسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرىدىكى پاك كىشىلەرگە ئوخشاشلا ، باستېر دىمىسدىلنىڭ كاللىسىدا ئەگىپ يۈرگىنى شەيتاننىڭ ئۆزى بولماستىن ، بەلكى روج چىللىغۇورستەك شەيتاننىڭ ئەلچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . ئالۋاستىنىڭ بۇ ۋەكىلى مۇقەددەس ئىمتىيازغا ئېرىشىپ ، بۇ مۇخلىسىنىڭ روھىغا كىرىپ ئۇنى بوزماقچى بولاتتى . ئاقىل ئادەم قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىشىغا يەڭگىللىك بىلەن ھۆكۈم قىلمايدۇ ، كۆپچىلىك باستېرنىڭ مۇقەررەر غەلىبە بىلەن جەڭنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ غەلىبە ئۈچۈن تىركىشىپ قىينىلىۋاتقانلىقى كىشىنى ئېچىندۇراتتى .

ئەي ، پەرۋەردىگار ! بۇ بىچارە ياش باستېرنىڭ كۆزىدىكى ئەلەم ۋە ۋەھىمىدىن قارىغاندا ، بۇ جەڭ شۇ قەدەر پاجىئەلىككى ، غەلىبىدىن يىراق ، بەكمۇ يىراق !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 10 . دوختۇر ۋە بىمار

قېرى روج چىللىڭۋورس ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىدى ، گەرچە ئۇنىڭ ئىللىق مۇھەببىتى ۋە ئائىلىسى بولمىسىمۇ ، كۆڭلى يۇمشاق بولۇپ مۇناسىۋەتلەردە ئادىل ئىدى . ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ بىر سوتچىغا خاس قەتئىيلىك ۋە ئادىللىق بىلەن بۇ نۆۋەتلىك تەكشۈرۈشنى باشلىغانىدى . ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت ھەقىقەتلا بار ئىدى ، مەسىلىلەرگە خۇسۇسىي ھېسسىيات ۋە ئۇۋالچىلىقلارنى ئارىلاشتۇرمايتتى ، ئابستراكت گېئومېتىرىيىلىك مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئىش كۆرەتتى . تەكشۈرۈش داۋامىدا بىر خىل قورقۇنچلۇق تەسىر — تىنچ ھەم ۋەزمىن مۇقەررەرلىك ئۇنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان بولۇپ ، مەقسەت ئىشقا ئېشىشتىن ئاۋۋال بوشاتمايدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ بەئەينى بىر كان ئىشچىسىدەك بىچارە باستېرنىڭ روھىنى قازماقتا ئىدى . تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ، ئۇ بىر گۆركاردەك گۆر قېزىپ بايلىق ئىزدەيتتىيۇ ، مۇردىدىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتى . ئەگەر ئۇ يەردىن ئۇ ئىزدىگەن نەرسە چىقىپ قالسا ، پەرۋەردىگار بىزنى ئۇنىڭ روھى ئۈچۈن ھازىدار قىلغىن !

بەزىدە دوختۇرنىڭ كۆزىدە نۇر ئەگىپ قالاتتى ، بۇ نۇر ئۇچاقتىكى ئوتنىڭ ئۇچقۇنىغا ئوخشايتتىكى ، شۇملۇقنىڭ شولىسى ياناتتى . چۈنكى ، ئۇ قېزىۋاتقاندا ، ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرىدىغان بەزى ئىزنالار غۇۋا ئاشكارا بولۇپ قالاتتى .

«بۇ ئادەم ، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ، — كۆپچىلىكنى پاكلىقتا ئىشەندۈرسىمۇ ، قارىماققا شۇنچە ئالىيجاناب ، مۇقەددەس بولسىمۇ ، ئاتا - ئانىسىدىكى كۈچلۈك ھايۋانىيلىقتا ۋارىسلىق قىلغانىكەن ، بىز ئەمدى مۇشۇ يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلەيلى !»

ئۇ باستىرنىڭ خىرە روھىنى ئۇزاق مۇددەت قىدىرىپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى تاپتى ، بۇلار ئىدىيە ۋە ئىجتىھات تەرىپىدىن كۆچلەنگەن ، ۋەھىي بىلەن جۇلالاندۇرۇلغانىدى ، بۇلار روھىيەتكە بولغان مۇھەببەت ، سەمىمىي ھىسسىيات ، تەبىئىي ساداقەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئىنسانىيەتكە بېغىشلانغان بەخت ، ئالىيجاناب غايە دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ پوستىغا ئايلاندۇرغانىدى . ئەمما ، بۇ بىباھا نەرسىلەر كانچىغا نىسبەتەن بىر دۆۋە ئەخلەت ئىدى ، ئۇ ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا بۇرۇلۇپ ، باشقا بىر نىشاننى ئىزدەيتتى . ئۇ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ، يانلىرىغا پەخەسلىك بىلەن قاراپ ، پەم بىلەن ئىلگىرىلەيتتى ، ئۇ ھال بەئەينى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان خاراموش ئۆي ئىگىسىنىڭ ئالدىدا قىممەتلىك نەرسە ئاختۇرۇۋاتقان ئوغرىنىڭ قىلىقلىرى ئىدى . پىلان پۇختا بولسىمۇ ، پول غىچىرلاپ كېتەتتى ، كىيىملەر شىلدىرلاپ كېتەتتى ، سايە ئۆي ئىگىسىگە تۇتىشىپ قالاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە دىمىسدېل ئەپەندى ئۆزىنىڭ تەبىئىي سەزگۈسى بىلەن يامان نىيەتلىك بىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلاتتى . ئەلۋەتتە ، قېرى روج چىللىڭۋورستىمۇ بۇنداق بىۋاستە سېزىم بولۇپ ، باستىرنىڭ كۆزىدە ئەنسىزلىك كۆرۈلگەندە ئۇ يېقىن كېلىپ ھېسداشلىق ۋە دوستانىلىكنى چاندۇرماي يەتكۈزۈۋاتقان بولاتتى .

دىمىسدېل ئەپەندە بىمارلاردا بولىدىغان نورمالسىز ھالەت يوق بولۇپ ، ئىنسانلارغا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئەتراپلىقراق كۆرگىلى بولاتتى ، ئۇ بىرەر كىمنى ئىشەنچلىك دوست دەپ قارىمىغاچقا ، دۇشمەن كۆرۈنگەندىمۇ بايقاپ كېتەلمەيتتى . ئۇ دوختۇر بىلەن بىمالال پاراڭلىشىۋېرەتتى ، كۇتۇپخانىسىدا كۇتەتتى ياكى ئۇنىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ دورا ياسىشىنى كۆرەتتى .

بىر كۈنى ئۇ پېشانىسىنى تىرەپ ، جەينىكىنى قەبرىستان تەرەپكە ئېچىلغان دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ روج چىللىڭۋورس

بىلەن پاراڭلاشتى، ئۇ غەلىتە بىر ئۆسۈملۈكنى كۆرۈۋاتاتتى.

— قەيەردىن تاپتىڭىز؟ — سورىدى باستىر ئۆسۈملۈككە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، باستىر ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئۇدۇل ئەمەس، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارايدىغان بولۇۋالغانىدى، — دىيانەتلىك دوستۇم، بۇ ئۆسۈملۈكنى نەدىن تاپتىڭىز؟ يوپۇرمىقى نېمىدېگەن قارا ۋە يۇمشاق؟

— ئاۋۇ قەبرىستانلىقتا بار، — دېدى دوختۇر ئىشىنى قىلغاچ، — ئىلگىرى بۇنداق گىياھنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، بۇ گىياھ ئۆسكەن قەبرىدە خاتىرە تېشى يوق بولۇپ، ئۆلگۈچىنىڭ خاتىرىسى ئۇچۇن مۇشۇ كۆرۈمسىز ياۋا گىياھتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىكەن. بۇ گىياھ بەلكىم مەرھۇمنىڭ قەلبىدىن ئۆسۈپ چىققان، ئۇنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەن سىرلىرىنى پاش قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە ئۇ تىرىكلىكىدە ئىقرار قىلسا بولار ئىكەن.

— بەلكىم، — دېدى دىممىسدېل ئەپەندى، — ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان بولغىيدى، لېكىن ئۇنداق قىلالماپتۇ.

— نېمە ئۇچۇندۇ؟ — دېدى دوختۇر ئۇلاپلا، — تەبىئەتتىكى ھەممە كۈچ توۋا قىلىدۇ، مۇشۇ تايىنى يوق قارا گىياھ جىنىدا مەرھۇمنىڭ يۈرىكىدىن كۆكلەپ چىقىپ، تىنىلمىغان سىرلارنى ئاشكارىلاۋاتسا، ئۇ نېمە ئۇچۇن ئۇنداق قىلالمايدۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى باستىر جاۋابەن، — بىراق، بۇ سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىز. سەزگۈم خاتا بولمىسا، پەرۋەردىگار ھىممىتىدىن باشقا ھېچقانداق بىر كۈچ مەرھۇمنىڭ قەلبىدىكى سىرلارنى گەپ ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن ئاشكارا قىلالمايدۇ. سىر ساقلاش تۈپەيلى گۇناھ ھېس قىلغان قەلب تاكى سىرلار ئاشكارا بولىدىغان شۇ كۈنگە قەدەر سىرىنى ساقلايدۇ. «ئىنجىل» دىن مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ ئوي ۋە قىلمىشلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىسا بولمايدىغان ۋاقىتتا دۇچ كېلىشىنى مەن جازا دەپ

قارىمايمەن . خاتالاشمىسام ، ئۇنداق ئىشنى جازا دېيىش بىر خىل يۈزەكىلىك . بۇنداق بولۇش دانىشمەنلەرنىڭ بىلىم جەھەتتىكى قانائەت تېپىشىدىن دېرەك بېرىدۇ . ئۇلار ئاشۇ كۈندە كىشىلىك ھاياتتىكى قاراڭغۇ مەسىلىلەرنىڭ ئايدىڭ بولغانلىقىنى كۆرىدۇ ، بۇنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىش ئۇچۇن ئىدىيە كېرەك ، شۇنى قەيت قىلماي بولمايدۇكى ، ئاشۇ كۈن كەلگەندە شەخسىي سىر تۇيەيلى ئازابلانغان قەلب سىرنىڭ ئېيتىلىشى بىلەن مىسلىسىز خۇشاللىق تاپىدۇ .

— ئۇنداقتا ، ئېيتماسلىقتا قانداق باھانە بار ؟ — دېدى روج چىلىڭۋورس قىيپاش قاراپ ، — گۇناھكار نېمە ئۇچۇن بۇ تەسۋىرلىگۈسىز تەسەللىگە بالدۇرراق ئېرىشمەيدۇ ؟

— ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق قىلىدۇ ، — دېدى دىمىسدېل مەيدىسىنى تۇتۇپ خۇددى يۈرىكىنى مۇجۇيدىغان ئاغرىق چاپلىشىۋالغاندەك ، — ھېسداشلىقتا موھتاج نۇرغۇن قەلب ئىگىلىرى ماڭا تۇۋا قىلغان ، ئۇلار سەكرات ۋاقتىدىلا ئەمەس ، بەلكى زېھنى ۋە شۆھرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان چاغلاردىمۇ شۇنداق قىلغان . شۇنىمۇ كۆرگەنمەنكى ، تۇۋا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار ئارام تېپىپ قالاتتى ، بۇ خۇددى بۇلغانغان ھاۋادا تۇنجۇقۇپ قالاي دېگەن ئادەمنىڭ ئەركىن ھاۋادىن نەپەس ئالغىنىدەك بىر ئىش ، بۇنىڭدىن باشقىچە ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ پالاكەت باسقان بىر ئادەمنى ئالايلى . مەسىلەن ، بىر قاتىلنى ئالساق ، ئۇ جەسەتنى تاشلاپ ، دۇنيانىڭ پەرمانىغا قۇلاق سالماي ئۇنى ئۆز يۈرىكىگە دەپنە قىلىپ ئارام تاپالامدۇ ؟

— لېكىن ، بەزىلەر ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشۇنداق كۆمۈۋېتىدۇ ئەمەسمۇ ، — دېدى دوختۇر .

— بۇنداق ئادەملەر راستتىنلا بار ، — دېدى دىمىسدېل ئەپەندى جاۋابەن ، — بۇنىڭدا باشقا سەۋەب يوق ، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى سۇكۇت قىلىش . بىز مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق بولامدۇ ؟ ئۇلاردا گۇناھ تۇيغۇسى بولسىمۇ باشتىن - ئاخىر خۇدانىڭ شەرىپى

ۋە ئىنسانلارنىڭ سائادىتىگە بولغان قىزغىنلىقىنى ساقلاپ كەلگەن . ئەگەر ئۇ پەسكەشلىك قىلىپ ، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ ، مەينەت يەرلىرىنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلىمىسا ، ئۇنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ ، گۇناھلىرىمۇ كەچۈرۈم بولمايدۇ . ئۇلار تەسۋىرلىگۈسىز ئازابلارنى يۈكلەپ ، تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ ، ئۇلار قارىماققا قاردەك پاك ، لېكىن ئىچى ئادالىغۇسىز مەينەت .

— بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى ئالدايدۇ ، — دېدى روج چىللىڭۋورس ئالاھىدە تەلەپپۇزدا ، ئۇ بارمىقىنى شىلتىپ قويدى ، — ئۇلاردا ئۆزىنىڭ نومۇسىنى قوبۇل قىلىدىغان جۈرئەت يوق ، ئۇلاردا ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببەت بىلەن خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان قىزغىنلىق ۋە تۇرلۇك ھاياجانلار ھەمدە رەزىللىكلەر بىللە مەۋجۇت بولۇشى ياكى بولماسلىقى مۇمكىن . ئەمما ، بۇ رەزىللىكلەر ئۇلارنىڭ گۇناھى ئېچىپ بەرگەن ئىشىكتىن كىرگەن . بۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئالۋاستىنىڭ تۇخۇمىنى پەيدا قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى خۇدانىڭ نۇرى بولغانىكەن ، ئىپلاس قوللىرىنى ئاسمانغا سوزمىغىنى ياخشى ! مۇبادا ئۇلار قېرىنداشلىرى ئۈچۈن بەدەل تۆلىمەكچى بولىدىكەن ، پەسكەشلىكلىرى ئۈچۈن توۋا قىلىپ ، ئۆز ۋىجدانىنىڭ قۇدرىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنى ئىسپاتلىسۇن ! ئەقىللىق ۋە تەقۋادار دوستۇم ، سىز مېنى ساختا قىياپەت خۇدانىڭ ھەقىقىتى ، شەرىپى ۋە ئىنسانلارنىڭ پاراغىتىدىنمۇ مەنىلىك بولىدۇ دېگەنگە ئىشەندۈرمەكچىمۇ ؟ ئىشىنىڭكى ، بۇ بىر خىل كاززاپلىق !

— بەلكىم شۇنداقتۇ ، — دېدى ياش باستېر خۇشياقمىغاندەك . ئۇ بۇ ئايىغى چىقمايدىغان زاكونلىشىشتىن زېرىككەندەك قىلاتتى . ئۇنىڭدا بىر قابىلىيەت بولۇپ ، سەزگۈر ۋە ھاياجانلىق پىكىرلەردىن ئۆزىنى ئەپلەپ قاچۇراتتى ، — بىراق ، ئىستېداتلىق دوختۇرۇمدىن سوراپ باقاي ، سىزنىڭ ئاجىز بەدىنىمگە بولغان كۆڭۈل بۆلۈشىڭىزنىڭ ماڭا قانچىلىك پايدىسى بولدى ؟

روج چىللىڭۋورس جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ،

يېقىندىكى قەبرىستاندىن بىر بالىنىڭ شوخ، ياڭراق كۈلكىسى ئاڭلاندى. ياز ۋاقتى بولغاچقا، ياش باستىر تەبىئىي ھالدا ئۇچۇق تۇرغان دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، خىستىر پىرون بىلەن پىرل قاشادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئاپتاپتەك گۈزەل پىرل كەپسىزلىك ئىلكىدە خۇشال ئىدى. ئۇ ئىنسانلىقنىڭ باردى ـ كەلدى رامكىسىدىن چىقىپلا كەتكەنىدى. ئۇ قەبرىدىن قەبرىگە تاقلايتتى، ئاخىر بىر چوڭ ئەربابنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇ ئىساك جونسوننىڭكى بولسا كېرەك، قەبرە تېشى شۇ قەدەر كەڭ ھەم تەكشى ئىدى، تامغا ئويۇلغان بۇ قەبرە تېشىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان پىرل ھەدەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ گېپى بىلەن ئۇسسۇلدىن توختاپ، قەبرە يېنىدىكى ئېگىز قىرىقىزنىڭ مېۋىسىنى تېرىشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا روج چىللىڭۇورس دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ھىجىيىپ قاراشقا باشلىدى.

— بالىلارنىڭ نەزىرىدە قانۇن دېگەن نەرسە يوق، نوپۇزدىن قورقۇشمۇ يوق، ئىنسانلارنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئىدىيىلىرىگە قارىتا توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پىسەنت قىلمايدۇ — بۇ گەپنى ئۇ ھەمراھىغا ئەمەس، ئۆزىگە دېگەندەكلا قىلاتتى، — مەن ئۇنىڭ باھار كوچىسىدىكى ئوقۇرنىڭ يېنىدا گوبېرناتورغا سۇ چاچقىنىنى كۆرگەن. پەرۋەردىگار، ئۇ زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ؟ بۇ بالا تامامەن رەزىللىشىپ كەتتىمۇ، قانداق؟ ئۇنىڭدا ھېسسىيات بارمۇ؟ ئۇنىڭدىمۇ كىشىلىك خاراكتېر بارمىدۇ؟

— ھەرگىز يوق، ئۇنىڭدا پەقەت قانۇننى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغان ئەركىنلىك بار، — دىمىسدېل ئەپەندى بەخىرامان جاۋاب بەردى، خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، — ياخشى چوڭ بولالامدۇ، يوق، بىلمىدىم.

بالا يىراقتىن ئاڭلاپ قالدى بولغاي، دېرىزىگە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ۋە زېرەكلىك يېغىپ تۇراتتى، ئۇ دىمىسدېل

ئەپەندىگە تىكەنلىك قىرنقىز ياغىچىنى ئاتتى. سەزگۈر باستىر ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇردى. پېرل ئۇنىڭ قورققىنىنى بايقاپ، چاۋاك چېلىپ كۈلۈپ كەتتى. خىستىېر پرونىمۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى. چوڭ ـ كىچىك تۆت ئادەم بىر ـ بىرىگە جىمجىت قارىشاتتى. بالا كۈلۈپ ۋارقىرايتتى:

— ماڭە، ئاپا! ماڭ، بولمىسا، ئاۋۇ قېرى قارىۋاي سېنى تۇتۇۋالىدۇ! ئۇ باستىرنىمۇ تۇتۇۋاپتۇ. ماڭە، ئاپا، بولمىسا ئۇ سېنى تۇتۇۋالىدۇ، لېكىن ئۇ مەن پېرلنى تۇتالمايدۇ.

— ئۇ يەردە بىر ئايال كېتىۋاتىدۇ، — دېدى روج چىلىڭۋورس ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن، — ئۇنىڭ گۇناھى قانچىلىك بولسۇن، سىز ئېيتقاندەك گۇناھلىق تۇيغۇدا بولۇپ كەتمەيدۇ، مەيدىسىگە قىزىل خەت تاقىۋالسىلا، ئازابتىن ساقىت بولۇپ كېتەرمۇ؟

— بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، — دېدى باستىر جاۋابەن، — لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئازاب بايقىلىپ تۇرىدۇ، بۇ مەن كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئازاب. بىر ئازابلانغۇچى بىچارە خىستىېر پرونغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئازابىنى ئەركىن ئىپادىلىسە، كۆڭلىدە ساقلىغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟

تىمتاسلىق. دوختۇر گىياھلارنى رەتلەشكە باشلىدى.

— بايا سىز سورىدىڭىز، — دېدى ئۇ ئاخىر، — سىز سالامەتلىك ھەققىدە سورىغاندىڭىز.

— توغرا، — دېدى باستىر، — ئاڭلاشنى خالايمەنكى، ياشىشىم كېرەكمۇ ياكى ئۆلۈشۈم كېرەكمۇ؟ ئاشكارىسىنى دەڭ.

— دەۋىرەي ئەمىسە، — دېدى دوختۇر گىياھلىرى بىلەن ھەپىلەشكەچ، ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا دىمىسدىل ئەپەندىگە قاراپ قوياتتى، — كېسىلىڭىز ئەسلىدە ئېغىر ئەمەس ئىدى، خەتەرلىكمۇ ئەمەس، تېنىڭىز نورمالسىز، دىيانەتلىك ئەپەندىم، سىزنى ھەر كۈنى تەكشۈرۈۋاتىمەن، ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلىۋاتىمەن. ئايلار ئۆتتى، ئەمدى كېسىلىڭىزنى ئېغىر دېمەي بولمايدۇ، بىراق

مەندەك مەسئۇلىيەتچان دوختۇرنى ئۇمىدسىزلەندۈرىدىغان ۋە ئامالسىز قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. نېمە دەي، كېسەلنى تاپقاندەكمۇ قىلىمەن، لېكىن تېخىرقاپمۇ قالىمەن.

— سىز تېپىشماق ئېيتىۋاتىسىز، — ئەپەندى، — دېدى باستېر دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ.

— ئۇنداقتا، ئېنىقراق قىلىپ دەي، — دېدى دوختۇر داۋاملاشتۇرۇپ، — كەچۈرۈڭ، ئەپەندى، مۇمكىن بولسا، سىزنىڭ دوستىڭىز بولۇش سالاھىيىتىم ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ھاياتىڭىز ۋە سالامەتلىكىڭىزگە مەسئۇل كىشى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سوراپ بېقىشنى خالايمەنكى، سىز بار ئىللەتلىرىڭىزنى ماڭا تولۇق، ئېنىق دەپ بەردىڭىزمۇ؟

— قانداقسىگە بۇنداق سورايسىز؟ — دېدى باستېر، — دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كېسەلنى يوشۇرسا، بۇ بىر ئويۇنغا ئايلىنىپ قالامدۇ!

— دېمەك، ھەممىنى ئېنىق ئېيتىپسىز ـ دە؟ — دېدى روج چىللىڭۋورس غەرەزلىك قىلىپ، ئۇ چېچەن كۆزلىرىنى باستېرغا تىكتى، — ئىلاھىم، شۇنداق بولغاي! دېمەكچىمەنكى، كېسەلنى چۈشەنگەن ئادەم كۆپ ھاللاردا كېسەلنىڭ قىسمەن تەرىپىنى، يەنى بىر خىل جىسمانىي تەرىپىنى پۈتۈن كېسەلنىڭ ئۆزى شۇ دەپ چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە، ئۇ روھىي تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر گېپىم مالال كەلسە، پېقىرنى يەنە بىر كەچۈرۈڭ. ئەپەندى، مەن تونۇيدىغانلارنىڭ ئىچىدە، سىزنىڭ تېنىڭىز بىلەن روھىڭىز شۇنداق بىرلىشىپ كەتكەن، سىز ئۈچۈن تەن روھنىڭ قورالى.

— ئۇنداقتا، ئارتۇقچە سورىماڭ، — دېدى باستېر، ئۇ ئالدىرىغاندەك ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ كەتتى، — چۈشىنىشىمچە، سىز روھنى داۋالايدىغان دورىگەرلەردىن بولمىسىڭىز كېرەك!

— بۇ دېگەنلىك مەلۇم بىر كېسەل، — روج چىللىڭۋورس خۇددى بايا گەپنىڭ ئۈزۈۋېتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلمىغاندەك

بۇرۇنقى تەلەپپۇزدا سۆزلىگەچ ، ئورنىدىن تۇرۇپ پۈكۈلگەن قەددىنى ئەپتى خارابلىشىپ كەتكەن باستىرغا بۇرىدى ، — دىپىشكە توغرا كەلسە ، روھىڭىزدىكى ئازاب ۋۇجۇدىڭىزدا ئەكس ئەتكەن سىز ئۆزىڭىزنىڭ دوختۇرىغا پەقەت ۋۇجۇدۇمدىكى كېسەلنى داۋالا دېيەلەمسىز ؟ سىز روھىڭىزدىكى ئازاب ۋە يارىلارنى دوختۇرغا ئېيتمىسىڭىز ، ئۇ سىزنى قانداق داۋالىيالايدۇ ؟

— ياق ، ئۇنى سىزدەك پانىي دوختۇرغا ھەرگىز ئېيتمايمەن ، — دىمىسدىل ئەپەندى ھاياجاندىن توۋلاپ كەتتى . ئۇنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرى پارقىراپ ، غەزەپلىك نۇر چىقىراتتى ، — ھەرگىز ئېيتمايمەن ! روھىمدا كېسەل بولىدىكەن ، ئۆزۈمنى روھىيەتنىڭ بىردىنبىر دوختۇرىغا تاپشۇرىمەن ! ئۇ خالىسا مېنى داۋالىسۇن ، خالىسا ئۆلتۈرسۇن ! ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقى ۋە پاراستى بىلەن مېنى خالىغانچە بىر تەرەپ قىلسۇن ! ئۆزىڭىزنى بىر دەردمەن بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىغا قىستۇرغۇدەك سىز كىم ئىدىڭىز ؟

ئۇ غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى .

— بۇ قەدەم ياخشى ئېلىندى ، — دېدى روج چىلىلىڭۋورس باستىرنىڭ كەينىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە ، — زېمىنى يوق ، بىز يەنە دوست بولالايمىز ، قاراڭلار ، ھېسسىيات بۇ ئادەمنى قانچىلىك دەرىجىدە قامال قىلىۋالغان ، ئۇ خۇدىنى يوقىتىپتۇ . ھېسسىيات ھېسسىياتنى تۇغىدۇ ! دىمىسدىل باستىرمۇ قىزغىن ھېسسىياتنىڭ سەۋەبى بىلەن بىمەنە ئىشلارنى سادىر قىلىپ قويغان !

ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا ، بۇ ئىككى ھەمراھ ئوتتۇرىسىدا بۇرۇنقىدەك قەدىردان دوستلۇقنى ئورنىتىش قىيىن ئەمەس ئىدى . ياش باستىر بىرنەچچە سائەتنى يالغۇز ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاچچىقلاپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇ دوختۇرنىڭ باياىقى سۆزىدىن ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك بىرەر باھانىنى تاپالماي ، ئۆزىنىڭ بۇ ئاق كۆڭۈل قېرىغا قوپاللىق قىلىپ قويغىنىدىن ھەيران بولدى ، دوختۇر مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش

ئۇچۇن ياخشى گەپ قىلدى . باستىر ئىرشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر مۇشۇ ئەمەسمۇ ! ئۇ ئۆكۈنۈش ئىچىدە دوختۇردىن دەرھال ئەپۇ سورىدى ۋە داۋاملىق داۋالىنىشنى ئۆتۈندى ، سالامەتلىكى ئۇزۇل ـ كېسىل ياخشى بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، مۇشۇ كۈنگە قەدەر ياشاپ كەلگەنلىكىگە شۈكۈر ئېيتتى . روج چىللىڭۋورس باستېرنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ داۋالاشقا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى . دوختۇر ئۆزىنىڭ ئىشىنى بەجانىدىل قىلاتتى ، ھەر قېتىم كېسەلنى كۆرۈپ بولغاندا ، چىرايىدا سىرلىق ، ئەمما تەشۋىشلىك كۈلكە ئەكس ئېتەتتى . ئەلۋەتتە ، دىمىسدېل ئەپەندى بۇ ئالامەتنى كۆرەلمەيتتى ، دوختۇر زالدىن چىققاندىن كېيىن ، چىرايىدىكى ئالامەتلەر روشەن تۇس ئالاتتى .

— كەم ئۇچرايدىغان كېسەل ، — دەيتتى دوختۇر پىچىرلاپ ، — تېخىمۇ چوڭقۇر كۆزىتىشىم كېرەك ، بۇ روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئاجايىپ ماسلىق ! تېبابەت ئۈچۈن بولسىمۇ ئاداققىچە تەتقىق قىلىشىم لازىم !

بۇ ئىشلار يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمىدى . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دىمىسدېل ئەپەندى ئورۇندۇقتا شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى ، ئۈستەلدە قارا تاشلىق يوغان بىر كىتاب ئېچىقلىق تۇراتتى . باستېرنىڭ بۇ ئۇيقۇسىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى . چۈنكى ، ئۇ ھېچقاچان ئېغىر ئۇخلىمايتتى ، گويا شاختىكى قۇشقا ئوخشاش ئەندىكىپ تۇراتتى ، بۈگۈن بۇ ئالاھىدە ئۇيقۇ ئۇنى ئۆز ئالىقىنىغا ئالغانىدى ، قېرى روج چىللىڭۋورس ئۇنىڭ خانىسىغا كىرگەندە ، ئۇنچە ئاۋايلاپمۇ كەتمىدى ، باستېر قىمىر قىلماي يېتىۋەردى . دوختۇر باستېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، قولىنى مەيدىسىگە قويدى ھەم ئۇنىڭ فورمىسىنىڭ ھازىرغا قەدەر ئېچىلىپ باقمىغان تۈگمىسىنى يەشتى .

دىمىسدېل ئەپەندى ئازراق قىمىرلاپ قويدى .

دوختۇر ئازراق تۇرۇپ ، بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى .

ئۇ شۇ قەدەر ھەيران ، خۇشال ۋە ئەنسىز ئىدى . ئۇنىڭ

خۇشاللىقى يۈز ـ كۆزلىرىدىنلا ئەمەس ، خۇنۇك جىسمىنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن پارتلايتتى ، ئۇ قوللىرىنى تۇرۇسقا سوزۇپ ، تېپچەكلەيتتى ، ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆزگىچە نامايان قىلاتتى . بىراۋ ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرگەن بولسا ، مۇنۇ ئورۇنسىز سوئالنى سوراپ يۈرمىگەن بولاتتى : قەدىرلىك بىر ئىنساننىڭ روھى جەننەتتىن ئايرىلىپ دوزاخقا كىرسە ، شەيتان قانداق قىلغان بولاتتى ؟

لېكىن ، شەيتاننىڭ خۇشاللىقىدىن دوختۇرنىڭ خۇشاللىقىنىڭ پەرقلىنىدىغان يېرى ، ئۇنىڭدا سەل تەئەججۇپ ئېلېمېنتلىرى بار ئىدى .

# 11 . قەلب

باستىر بىلەن دوختۇرنىڭ ئالاقىسى قارىماققا بۇرۇنقىدەك ئىدى ، ئەمەلىيەتتە بۇرۇنقىغا ئوخشىمىدى . روج چىلىنگۇورسىنىڭ پىلانى ئەمدى سوزۇلدى . قارىماققا ئۇ تىنچ ، مۇلايىم ، تەمكىندەك قىلىسىمۇ ، شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمىزكى ، بۇ بەختسىز قىزىنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان زەھەرخەندىلىك قوتراپ ، ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى ۋاستىلەر بىلەن قىساس ئېلىشقا ئۈندىمىسە بولاتتى . ئۇ ئىشەنچلىك بولۇۋېلىپ ، سىر كولايتتى : ۋەھىمە ، ئەيىبدارلىق ، دەرد ، پۇشايمان ، گۇناھ تۇيغۇسى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەتتى . دۇنيانىڭ خىلۇەتلىرىدىكى ئۆكۈنۈشلەر ئەسلىدە دۇنيانىڭ كەڭ قورساقلارچە كەچۈرۈمىگە ھەم ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلەيتتى . ئەمما ، بۇ ھېسسىياتسىز ، قورسقى تار ئادەمنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلانغان ئۆكۈنۈش نېمىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ، ئاۋايلاپ ساقلانغان سىر مانا مۇشۇنداق بىر ئادەمگە پاش بولسا ، ئۇنىڭ قىساس ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرمامدۇ .

باستىر خىجىلچان ۋە سەزگۈر ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى ئۇنىڭدىن ئېلىنماقچى بولغان قىساسنى كەينىگە سۈرگەنىدى . ئىشنىڭ بۇ دەرىجىدىكى تەرەققىياتىغا روج چىلىنگۇورس نارازى ئەمەستەك قىلاتتى . چۈنكى ، تەقدىرنىڭ قىساسكار بىلەن قۇربان بولغۇچى ئارىسىدا مەلۇم بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇشى مۇمكىن ، بىر بولسا گۇناھكار مەغپىرەت قىلىنار ، بۇ بەلكىم ئۇنىڭغا كەلگەن ۋەھىمىدۇر . بۇ ۋەھىمىنىڭ ئەرشتىن ياكى پەرىشتىن بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر . ئەمدى بۇ ۋەھىمىنىڭ تۇرتكىسىدە ئۇ دىمىسدىل ئەپەندىنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىلا ئەمەس ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىنىمۇ

كۆزىتەلەيدىغان ، باستېرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ھەر دەقىقە ئېنىق چۈشىنىپ تۇرالايدىغان بولدى . نەتىجىدە ، دوختۇر بىچارە باستېرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا نىسبەتەن كۆزەتكۈچىلا ئەمەس ، رولچىمۇ بولۇپ قالدى . ئۇ ئەمدى باستېردىن خالىغانچە پايدىلىنالايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ باستېرنىڭ ئازابىنى قوزغىماقچىمۇ؟ باستېر تەييار ئازابنىڭ ئىلكىدە . دوختۇر پەقەت ئۇنى قوزغاپ ، باشقۇرسىلا بولدى ، دوختۇر بۇنداق ئىشتا ناھايىتى ئەپلىك . ئۇ باستېرغا قورقاق سالماقچىمۇ؟ ئۇنداقتا ، ئۇ سېھىرگەرلىك تايىقىنى قولىغا ئېلىپ بىر شىلتىسىلا ، مىڭلىغان قورقۇنچلۇق ئەرۋاھ پەيدا بولۇپ ، تۈرلۈك ئۆلۈم ياكى قورقۇنچلۇق شەكىلدە باستېرنى قورشاپ مەيدىسىگە دۆشكەلەيدۇ .

ئىشلار شۇنداق جايىدا ئىدىكى ، شەيتانمۇ سەزمەيتتى ، باستېر ئۆزىنى بىر رەزىل كۈچنىڭ ئالىقىنىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىيۇ ، لېكىن بۇ كۈچنىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتى . دوختۇرنىڭ نابىجىرىم جىسمىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭدا گۇمان ھەم ئەندىشە پەيدا بولاتتى ، ھەتتا ئۆچلۈكى كېلەتتى . باستېرنىڭ نەزىرىدە ، دوختۇرنىڭ قىلىق - قىياپەتلىرى ، چار ساقىلى ، ئۇششاق ئادەتلىرى ، ھەتتا ئۇستىۋاشلىرىمۇ يىرگىنچلىك ئىدى . باستېردا دوختۇرغا نىسبەتەن كۈچلۈك سەسكىنىش بولسىمۇ ، ئېنىق ئىپتىراپ يوق ئىدى . ئۇ بۇنداق گۇمان ۋە يىرگىنچ ئۈچۈن قانائەتلىنەرلىك باھانە تاپالمىغاچقا ، يۈرەك - باغرىنى يەۋاتقان زەھەرخەندىلىكنى تۈيۈپ تۇرۇقلۇق ، بۇ شۇملۇقنى باشقىلارغا ئارتىپ قويغۇسى كەلمىدى . ئۇ روج چىلىلىڭۋورسقا بۇنداق ئۆچ بولمىسام بولاتتى دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى ، ئەمما بۇنداق ئۆچمەنلىكتىن ساقلاق ئالماقتا يوق ، بەلكى ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن يوق قىلىشقا ئۇرۇندى . ئۇ يوق قىلىۋېتەلمىدى ، ئەكسىچە پرىنسىپ سۇرۇشتۇرۇپ ، قېرى بىلەن يېقىن ئۆتتۈەردى ، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا قەدەمدە بىر پۇرسەت يارىتىپ بەردى . بىچارە ، تەنھا قېرى ئۆزىنىڭ قۇربان بەرگۈچىسىگە

نىسبەتەن بەكرەك بەختسىز ئىدى . ئۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر قىساسكارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلدى .

باستىر دىمىسدېل جىسمانىي ھەرەج ، روھىي ئەزىيەتلەرنى تارتىپ ، رەقىبىنىڭ سۈيىقەستىدە قالغان مەزگىلىدە ، ئۇ دىنىي بۇرچ جەھەتتە تېخىمۇ جۇلالىنىپ ، كۆپچىلىكنىڭ پەۋقۇلئاددە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ كەتتى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ بۇ ئالقىشلارغا ئۆزىنىڭ ھەسرىتىگە تايىنىپ ئېرىشكەنىدى . ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ، تالانتى ، ئەخلاق تۇيغۇلىرى ، ھېسسىياتنى قوبۇل قىلىش ھەم ئىپادىلەش ئىقتىدارى تۇرمۇشتىكى ئازابلىرى تۈپەيلى ئالاھىدە ھالەتكە ئۆتەتتى . ئۇنىڭ شۆھرىتى ئۆرلەپ ، كەسىپداشلىرىدىن ھالقىپ كەتتى ، بۇلارنىڭ ئىچىدە راسا شۆھرەت تاپقانلارمۇ بار ئىدى .

دىمىسدېل ئەپەندى خاراكتېرىدىكى ئەۋزەللىكى تۈپەيلى ، ئېتىقاد ۋە مۇقەددەسلىكنىڭ چوققىسىغا چىقىشقا تىگىشلىك بولسىمۇ ، گۇناھ ۋە ئازاب ئېلىپ كەلگەن ئېغىر يۈكلەر ئۇنىڭغا كاشىلا تۇغدۇرۇپ تىمىسقىلاپ ئاۋايلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى . بۇ ھال ئۇنى تۆۋەنگە تارتاتتى . ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى زەكىي بولۇپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى ھەتتا پەرىشتىلەرمۇ ئاڭلايتتى !

كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى ئۇنى شۇ قەدەر قىينايتتىكى ، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى . ئۇ ھەقىقەتكە بولغان ئىخلاستىن سەمىمىي ھاياجانلىنىپ ، مۇقەددەسلىكنىڭ ماھىيىتىگە يەتمىگەن باشقا نەرسىلەرنى پەقەت بىر سايە دەپ قاراپ ، قىممىتىنى ئىنكار قىلاتتى . شۇنداق بولغاندا ، ئۇنىڭ ئۆزى نېمە؟ زاتمۇ ياكى ئەڭ خۇنۇك كۆلەڭگىمۇ؟ ئۇنىڭ ۋەز سۆيىسىدا تۇرۇپ ، ياڭراق ئاۋازدا ئۆزى ھەققىدە شۇنى جاكارلىغۇسى كېلەتتى : باستىرنىڭ قارا تونىغا ئورىنىۋالغان بۇ كىشى ، ۋەز سۆيىسىدا تۇرۇپ تىلەكلىرىڭلارنى ھەممىنى بىلگۈچى خۇداغا يەتكۈزۈۋاتقان بۇ كىشى ، سىلەر تۇرمۇشتا ئىنودەك پاك دەپ قارايدىغان بۇ كىشى ، نۇرانە ئىزلىرى تاۋاپ قىلغۇچىلارنى جەننەتكە باشلايدۇ دەپ

قارايدىغان بۇ كىشى ، پەرزەنتلىرىڭلارنى ئۆز قولى بىلەن چۆمۈلدۈرىدىغان بۇ كىشى ، سەكراتتىكى قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىپ «ئامىن !» دېگۈچى بۇ كىشى ، سىلەر شۇ قەدەر ئىخلاس قىلىدىغان بۇ باستېر ئەمەلىيەتتە مەينەت بىر ئالدامچىدۇر !

ئۇ ۋەز مۇنبىرىدە تۇرۇپ يۇقىرىقى گەپلەرنى رەسمىي دەۋەتمىگۈچە چۈشمەيمەن دەپ كۆپ قېتىم نىيەت قىلدى ؛ تالاي قېتىم گېلىنى قىرىپ ، راسلىنىپ ، روھىيىتىنىڭ قاراڭغۇ يەرلىرىدىكى سىرلىرىنى تۆكۈۋەتكۈسى كەلدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ ئۆزىنى سېپى ئۆزىدىن بىر ئىپلاس ئادەم ، ئەڭ رەزىل ، يىرگىنچلىك ئەبلەخ ، ئادەتتىن تاشقىرى بەتبەشىرە مەخلۇق دەپ تالاي ئەيىبلىدى . تەئەججۇپكى ، ئۇنىڭ پاسكىنا ۋۇجۇدىنىڭ خۇدانىڭ غەزەپ ئوتىدا كۆيۈپ ، ئۆرتىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاۋام كۆرۈپ يەتمەيتتى . ئەجەبا ، بۇنىڭدىنمۇ روشەن بايان بولامدۇ ؟ ئەجەبا ، غەزەپلەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ، ۋەز مۇنبىرىدىن تارتىپ چۈشۈشى كېرەك ئەمەسمۇ ؟ ئۇلار ئاڭلىدى ، تېخىمۇ قايىل بولدى . ئۇلار ئۇنىڭ گېپىدە يوشۇرۇن مەنىلىك ئىبارىلەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلمىدى . «نېمىدېگەن پاك بالا — دېيىشەتتى ئاۋام ، ئۇ بىر ئەۋلىيا - دە ! پەرۋەردىگار ، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر پاك روھىدىن بۇنچە كۆپ ئىللەتنى تاپتى ، بىزدىن قانچىلىك نەرسىلەر چىقار !» ئۇنىڭ چۈشىنىكسىز ، ساختا تۇۋىگەر ئىكەنلىكى ئۆزىگە ئايان ئىدى ، مۇجمەل تۇۋبىلارنىڭ كىشىلەردە قانداق ئىنكاس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى . ئۇ گۇناھىنى كىشىلەرگە ئېيتماقچى بولاتتىيۇ ، يەنە بىر خىل نومۇسقا ئىگە بولاتتى . ئۇ راست سۆزلىگەنىدى ، لېكىن بۇيۈك يالغانچىلىقنى ئايلىنىپ كەتتى .

ئۇ قەلبىدە ئازابلىناتتى ، بۇ ئازاب ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى رىم كاتولىكلىرىنىڭ مىزانلىرى بىلەن بىرىكتۈرۈۋەتتى ، ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈق بەرگەن پروتېستانت ئەقىدىسىدىن چەتنەپ كەتكەنىدى . دىمىسدېلنىڭ مەخپىي خانىسىدا قانلىق بىر قامچا بار ئىدى ،

پروتېستانت ۋە پورىتان دىنلىرىنىڭ بۇ باستېرى ئازابلىق كۆلگىنىچە ئۆزىنى قامچىلايتتى، كۆلگەنسېرى قامچا كۆپىيەتتى. ئۇ تەقۋادار پورىتان مۇخلىسلىرىغا خاس روزا تۇتىدىغان ئادەتكە ئىگە ئىدى، باشقىلار تېنىنى پاكلاش ئۈچۈن روزا تۇتسا، ئۇ ئۆزىنى جازالاش ئۈچۈن روزا تۇتاتتى. ئۇ تۇن بويى كىرپىك قاقماي تىزلىرى تالغۇچە ئىبادەت قىلاتتى. بەزى كېچىلىرى غۇۋا يېنىپ تۇرغان چىراغقا قاراپ ئولتۇرسا، يەنە بەزى كېچىلىرى كۆچلۈك نۇرغا يۈزلىنىپ ئەينەك ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى سوراققا تارتىپ قىيناققا سېلىپ تۇرسىمۇ، پاكلىنىشتىن يىراق ئىدى. ھەر كۈنكى ئىبادەتتە ئۇنىڭ باشلىرى قېيىپ، كۆز ئالدىدا گىرىمسەن ئوبرازلار پەرۋاز قىلاتتى. بۇ گىرىمسەن ئوبرازلار خانىدىكى خىرەلىكتە سۇس يېلىنجاپ بار - يوقىنىڭ ئارىلىقىدا ئايان بولاتتى، بەزىدە ئەينەكتە ئېنىق نامايان بولاتتى. ئۇلار بەزىدە باستېرنى مازاقلاپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە كېتىشكە ئۈندەيتتى، بەزىدە نۇرلۇق پەرىشتىلەرگە ئايلىنىپ ھەسرەتلىرىنى يۇدۇپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتەتتى، ئۇلار ئۆزلىگەنسېرى يېنىكلەيتتى، بەزىدە ئۇ خىيالى ئوبرازلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرىدە ئۆلۈپ كەتكەن دوستلىرى بولۇپ چىقاتتى، بەزىسى ئەۋلىيادەك ئاپئاق ساقال دادىسى ۋە كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىغان ئانىسى بولۇپ چىقاتتى. ئاجايىپ - غارايىپ ئەرۋاھلار بىلەن تولغان بۇ قورقۇنچلۇق خانىدا خېستېر پرون چوغدەك كىيىنىۋالغان پېرلنى يېتىلەپ ئۆتۈپ كېتەتتى، پېرل بارمىقىنى چىقىرىپ ئاۋۋال ئانىسىنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنى، ئاندىن باستېرنىڭ مەيدىسىنى كۆرسىتەتتى.

لېكىن، بۇ خىيالى تۇيغۇلار ئۇنى ئاداشتۇرالمايتتى، ئۇ ھەر زامان ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە تايىنىپ ئاشۇ سىرلىق خىيالى تۇيغۇلاردىن ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ئايرىپ چىقىپ ئۆزىگە ئىشەندۇرەتتى: ماھىيەتتە، ئۇلار ھەرگىز دۇب ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك ئۈستەل ياكى خۇرۇم بىلەن تاشلانغان ھەيۋەت دىنىي

ئەسەردەك مەزمۇت ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىچارە باستىر تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغان ھەقىقىي نەرسىلەر ئىدى. ئۇنىڭ ساختا تۇرمۇشىدا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابلار بار ئىدى. رېئاللىق بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، پەرۋەردىگار ئاتا قىلغان روھىي مەئىشەت ۋە ئوزۇقتىن ئىبارەت بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن نېگىزى يوق شاكال بولۇپ قالغاندى، ساختىلارغا نىسبەتەن ئالەممۇ ساختا بولۇپ، تۇتقىلى بولمايدىغان مەۋھۇم نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى بولسا ساختا شوللاردا كۆرۈنگەن ۋۇجۇد بولۇپ، ئەمدىلىكتە كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ يوقاپ كەتتى. دىمىسدىل ئەپەندىنى مەۋجۇتلۇق تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغان بىردىنبىر نەرسە ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئازاب ھەم بۇ ئازابنىڭ ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىسى ئىدى. ناۋادا چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئەتكەن بولسا، ئۇ ئۆزىگە ئوخشىماي قالاتتى.

ئاشۇ خىرە كېچىدە باستىر ئورۇندۇقتىن قوپتى. بىر خىيال كەچتىكى، ئۇ ئاۋايلاپ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، سىرتقا چىقتى.

# 12 . باستېرنىڭ ئۇيقۇلۇق تۈن سەيلىسى

دىمىسدېل ئەپەندى بىر خىل خىيالىي كۆلەڭگە ياكى بىر خىل ئۇيقۇلۇق سەيلە ھالىتىدە خىستېر پرون تۈنجى قېتىم سازايى قىلىنغان يەرگە كەلدى . ئۇ سۇپا ھېلىقى جازا سۇپىسى ئىدى ، قەتلىگاھ يەتتە يىللىق بوران ـ چاپقۇندا تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ يەردە تالاي مەھبۇس سازايى قىلىنغانىدى . ئۇ سۇپا دەسسىلىپ ئويۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، كېڭەش زالىنىڭ بالكونى ئاستىدا بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى . باستېر بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ ئۇنىڭغا چىقتى .

ماي ئېيىنىڭ بېشىدىكى قارا كېچە ، يەر ـ زېمىننى بۇلۇت قاپلىغان . ئەگەر خىستېر پرون سازايى قىلىنغان ۋاقىتتىكى ئادەملەر توپى ھازىر بۇ يەردە بولىدىغان بولسا ، ئۇلار سۇپىدىكى ئادەمنىڭ چىرايىنى ، ھەتتا ئۇنىڭ گەۋدىسىنىمۇ ئىلغا قىلالمىغان بولاتتى . شۇ تاپتا بازار ئاھالىسى ئۇيقۇدا بولۇپ ، باستېرنى ھېچكىم كۆرمەيتتى . باستېر خالىسا ، سۇبھى بېلىق كۆكسىدەك ئاقارغۇچە ئاشۇ يەردە تۇرىۋەرسىمۇ بولاتتى . ئۆزىنى قامچىلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىر جۈپ كۆز ئۇنى داۋاملىق پايلاۋاتقان بولسىمۇ ، ئەمما مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېچكىم كۆرمەيتتى . ئۇ نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدى ؟ ئۆزىنىڭ تۇۋىسىنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنمۇ ؟ ئەلۋەتتە ، بۇ بىر خىل مەسخىرە ئىدى . بۇ مەسخىرىدە ئۇنىڭ روھى ئۆز ـ ئۆزىنى مەسخىرە قىلاتتى . بۇنىڭدا پەرىشتىلەر ئۈيىلىپ يىغلايتتى ، ئالۋاستىلار خۇزۇرلىنىپ كۈلەتتى . ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي بۇ يەرگە كەلگەنىدى . قورقۇنچاقلىق ئاشۇ ئۈيىلىشنىڭ ھەمشىرىسى ئىدى . ئۇ ئۈيىلىش تۈپەيلى ئۆزىنى ئاشكارىلاشنىڭ

گىردابىغا كەلگەندە ، قورقۇنچاقلىق تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنى كەينىگە تارتىپ كېتەتتى . ئاھ ، بىچارە ، سەن قانداقسىگە گۇناھنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرەلەيتتىڭ ؟ گۇناھنىمۇ ئىرۋىسى قاتتىق ئادەم ئۆتكۈزىدۇ ، بۇنداق ئادەملەر گۇناھنى ئۆزلىرى تاللايدۇ ، بىر بولسا چىداشقا تەييار ، بىر بولسا بىسىم ئېشىپ كەتكەندە ، ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانە كۈچىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ ! تېنى زەئىپ ، سەزگۈر ئادەملەر تەمتىرەپ يۈرۈپ ھەر ئىككىسىنى قىلالمايدۇ . ھېلى بۇنى ، ھېلى ئۇنى قىلىپ ، مۇشكۈل ئازاب ۋە ئەھمىيەتسىز پۇشايماننى كىرىشتۈرۈپ ، گادىرماچ بىرنەرسىنى پەيدا قىلىدۇ .

شۇنداق قىلىپ ، دىممسدېل ئەپەندى جازا سۇپىسىدا تۇرۇپ ، توۋا قىلىش رولىنى ئېلىشقا باشلىدى . لېكىن ، بۇنىڭ قىممىتى يوق ئىدى . شۇ چاغدا غايەت زور بىر ۋەھىمە ئۇنى قاپسىۋالدى . يەر - جاھان ئۇنىڭ يالىڭاچ مەيدىسىدىكى قىزىل بەلگىگە سەپسېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ، جىسمانىي ئازابنىڭ زەھەرلىك چىشلىرى ئۇنى قاساۋاتاتتى ، بۇنداق ئازابقا خېلى مەزگىل بولۇپ قالغانىدى . ئۇ سەۋر - تاقىتىنى يوقىتىپ بىر ۋارقىرىدى ، بۇ ئاۋاز پەلەككە يېتىپ ، ئۆگزىلەر لەرزىگە كەلدى ، تاغلاردا ئەكس سادا پەيدا بولدى . خۇددى بىر توپ ئالۋاستى ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى بەختسىزلىك ۋە قورقۇنچنى بايقاپ ، ئۇنى ئويۇنچۇق قىلدى دېگىلى بولمايتتى . ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

— تۇگەشتىم ، — دېدى باستىر قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ئۆز - ئۆزىگە ، — بازاردىكىلەر ئويغىنىپ ، مېنى كۆرىدىغان بولدى !

ئۇنداق بولمىدى ، ۋارقىراشتىن ئۇنىڭ ئۆزى ئەندىكىپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئاۋازىنى ئۇنچە يۇقىرى دېگىلى بولمايتتى . بازاردىكىلەر ئويغانمىدى ، ئويغانغان تەقدىردىمۇ چالا ئۇيقۇدىكى بۇ ئىنسانلار ئۇنى بىر خىل چۈشەكەش ياكى ئايال پېرىخونىنىڭ ئۇنى دەپ قىلىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ چاغلاردا ، ئايال پېرىخونلار جىنلىرىغا ئەگىشىپ ھاۋاغا ئۆرلىگەندە ، ئاۋازى مەھەللىلەر ۋە

يالغۇز كەپىلەرگە ئاڭلىناتتى. باستېر ھېچقانداق ئەنسىزلىك شەپىسىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ قولىنى چۈشۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. يىراق بىر كوچىدا، ئۇ گوبېرناتور بېلىلىڭخامنىڭ دېرىزىسىدىن قولىدا چىراغ، بېشىدا ئاق پوسما، ئۇچىسىدا ئاق يەكتەك بار ھالىتىنى كۆردى، ئۇ بەئەينى گۆردىن بىمەھەل چىقىۋالغان ئالۋاستىغا ئوخشاپ قالغانىدى. روشەنكى، ئۇ ۋارقىراشتىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى. يەنە بىر دېرىزىدە گوبېرناتورنىڭ ئاچىسى ھىببىنس خانىم پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قولىدا چىراغ بولۇپ، نارازى چىرايىنى يىراقتىنمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ھىببىنس خانىم دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئاسمانغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى. بۇ جادۇگەر خوتۇننىڭ دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى، ھاۋادىكى ئەكس سادالارنى ئۇ ئالۋاستى ۋە ئۇچۇۋاتقان پېرىخونلارنىڭ غەلۋىسى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. ھىببىنس خانىمنىڭ ئورماندا پېرىخونلار بىلەن بىللە يۈرىدىغانلىقىنى جامائەت ئوبدان بىلەتتى. ئۇ گوبېرناتور بېلىلىڭخامنىڭ چىرىغىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈردى-دە، كۆزدىن غايىب بولدى. گوبېرناتور ئەتراپقا سىنچىلاپ بىر قارىۋېتىپ كىرىپ كەتتى، بۇنداق قارا كېچىدە ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى.

باستېر بارا-بارا تىنچلاندى، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئاجىز بىر نۇرنى كۆردى. بۇ نۇر كوچا بويلاپ يېقىنلاشتى. ئۇ نۇر ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. دەرەخ شاخلىرى، قاشالار، كۆزنەكلەر، ئوقۇردىكى سۇلار، ئەگىم دەرۋازىلار، دەرۋازىدىكى ھالقىلار، پەشتاقلارنى ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. مۆھتەرەم دىمىسدېل ئاشۇ تىۋشلار بىلەن بىللە مەھشەر كۈنۈم يېتىپ كېلىدۇ دەپ قارىسىمۇ، ھەربىر ئۇششاق ئىشقا دىققەت قىلماي تۇرالمىدى، ئازراق ئۆتسىلا چىراغ يورۇقى ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئاشكارا قىلاتتى. چىراغ يېقىنلىشىۋىدى، ئۇ باستېر قېرىنداشنى، ئاتا يوللۇق كەسىپدىشى ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋىلسون ئەپەندىنى كۆردى.

دىمىسدىل ئەپەندى ئۇنى بايىلا جان ئۈزگەن بىرىنىڭ يېنىدىن قايتقان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى . دەرۋەقە شۇنداق بولۇپ ، جانابىي ۋىلسون ئۆيىگە قايتىۋاتاتتى . چىراغ دىمىسدىل ئەپەندە غەيرىي خىيال پەيدا قىلغان بولسا كېرەك ، ئۇ ئۇنلۇك كۈلۈپ تاشلىدى ، ئاندىن ئېلىشىپ قالمىغاندىمەن دەپ ئۆزىدىن گۇمان قىلدى . ۋىلسون جانابلىرى جازا سۇپىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ، قارا تونىنى مەھكەم يۆگەپ ، چىراغنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغانىدى ، شۇ ۋاقىتتا ، باستېر دىمىسدىل ئەپەندى شۇنداق دېگەندەك قىلدى :

— خەيرلىك كېچە ، ھەزرىتى پوپ ! يېنىمغا كېلىپ بىر سائەت ھەمراھ بولسىڭىز ئىكەن !

يا پەرۋەردىگار ! دىمىسدىل ئەپەندى راستىنلا شۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارغاندىمۇ ؟ شۇ تاپتا ئۇ مۇشۇ گەپنى رەسمىي دېدىم دەپ ئىشەندى ، ئەمما ئۇ بىر قىياس ئىدى . ۋىلسون پوپ بۇرۇنقىدەك كېتىپ باراتتى ، كۆزى يولدا بولۇپ ، جازا سۇپىسىغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغانىدى . چىراغ ئاستا ـ ئاستا ئۇزاپ كەتتى . ئۆتۈپ كەتكەن بىخۇدلۇق ئۇنىڭغا بىر قېتىملىق جىددىي كىرىزىسقا يولۇققانلىقىنى ھېس قىلدۇردى ، ئۇ پەقەت سوغۇق كۈلكە بىلەن ئۆزىگە ئازراق كەڭچىلىك قىلماقچى بولغانىدى .

ئەمدى ئۇنىڭ كاللىسىدىكى سۈرلۈك خىياللارغا باشقا ۋەھىمىلىك خىياللار گىرەلىشىپ كەتتى . كېچىنىڭ سوغۇقى ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئۈيۈشتۇرۇۋەتكەنىدى . جازا سۇپىسىدىن چۈشەلەيدىغانلىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتمىدى ، تاڭ يورۇسىلا ئۇ رەسۋا بولاتتى ، ئورنىدىن بالدۇرراق تۇرغانلار غۇۋا ئېگىز بىر سايىنىڭ لەنەت سۇپىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى ! ئۇلار قىزىقسىنغان ھالدا دەرۋازىلارنى چېكىپ ، ئۆلگەن بۇ گۇناھكارنىڭ ئەرۋاھىنى كۆرۈڭلار دەپ توۋلايتتى ، دىمىسدىل ئەپەندى مۇشۇنداق ئويلىدى . كوندۇزنىڭ سۈرەنلىرى ئۆيمۇئۆي تارقىلىپ ، قېرىلار يەكتەكلىرىنى ، ئاياللار كېچىلىك كىيىمىنى سېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتى . ئۇستىۋاشلىرى رەتلىك ئادەملەرمۇ بۇگۈن قارا

باسقاندەك تەرتىپسىز ھالدا كۆزگە چېلىقاتتى، گوبېرناتور بىللىگخام جامېس دەۋرىدىكى پۇرمە ياقىلىق كىيىمنى ھەرەك ـ سەرەك كىيىپ، تۇرگۇن ھالدا چىقىپ كېلەتتى. ھىببىنس خانىممۇ تون بويى ئۆخلىمىغاچقا ئۆگسۈلى يوق ئىدى، ئۇنىڭ كۆگلىكىگە ئوت ـ خەسلەر يېپىشىپ قالغانىدى، ئاق كۆگۈل پوپ ۋىلسونمۇ يېتىپ كېلەتتى. ئۇ بىر مېيىتنىڭ يېنىدا تون نىسبىگىچە تۇرغاچقا، شېرىن ئۇيقۇسىنىڭ بۇزۇلۇشى چىرايىغا تەپكەنىدى. ئۇ يەردە دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ چېركاۋدىكى ئاقساقاللار ۋە ئىجراچىلار ھەمدە ئۆزىنىڭ باستېرغا ئىخلاس قىلىپ، قەلبىدىن ئورۇن بەرگەن بەرنا قىزلار بار ئىدى. بۇگۇن ئۇلار ئالدىراشلىقتا يۇزىگە رومال سىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ئومۇمەن كىشىلەر ساگىل ـ سۇگىگۈل بولۇشۇپ جازا سۇپىسى تەرەپكە كېلىشەتتى، ئۇلار پېشانىسىگە تاڭ نۇرى چۈشۈپ تۇرغان بىر ئادەمگە تىكىلەتتى، ئۇ كىم؟ ئۇ ھۆرمەتلىك دىمىسدېل ئەپەندى بولماي كىم بولاتتى! ئۇ نىمجان ۋە رەسۋا ھالدا خىستېر پرون سازايى قىلىنغان يەردە تۇرماقتا ئىدى!

باستېرنىڭ ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق خىياللىرى ئەۋج ئېلىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تەلۋىلەرچە كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ھەيران قالدى. بۇ كۈلكىگە يېنىك بىر سەبىي كۈلكە جور بولدى، قاتتىق ئازاب ياكى زىيادە خۇشاللىقتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇنىڭ يۈرىكى بىر سىرقىرىدى، ئۇ كۈلكە ساداسىدىن پېرلنىڭ تىۋىشىنى سەزگەنىدى.

— پېرل! پېرل، — دەپ نىدا قىلدى ئۇ، — خىستېر! خىستېر پرون! سىز مۇشۇ يەردىمۇ؟

— مانا مەن خىستېر پرون! — دېدى تەئەججۇپلۇك بىر ئاۋاز، باستېر ئۇنىڭ يېقىنلاشقان تىۋىشىنى ئاڭلىدى، — بۇ مەن، پېرلمۇ بار.

— نەدىن كەلدىڭىز، خىستېر؟ — سورىدى باستېر، — قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟

— بايا بىر مېيىتنىڭ يېنىدا ئىدىم ، — دېدى خىستىر ، — گوبېرناتور ۋىنسىروپنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئۆلچەپ قايتىۋاتىمەن .

— پېرل ئىككىڭلار بېرى كېلىڭلار ، — دېدى دىمىسدېل ، — ئانا ـ بالا ئىككىڭلار بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىڭلاردا ، ئاراڭلاردا مەن يوق ئىدىم ، يەنە بىر قېتىم چىقساڭلار ، ئۈچىمىز بىرگە تۇرايلى !

خىستىر سۇپىغا چىقىپ تۇردى ، يېنىدا پېرل بار ئىدى . باستېر بالىنىڭ يەنە بىر قولىنى تۇتتى . شۇ چاغدا يېڭى بىر ھاياتنىڭ ئېقىمى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تومۇرلىرىغا تارىدى ، ئانا ـ بالا ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ھارارىتىنى ئۇنىڭ مۇزلىغان جىسمىغا ئۆتكۈزۈۋاتاتتى . ئۇلار بەئەينى يېپىق توك لىنىيىسى ئىدى .

— باستېر ، — دېدى پېرل ئاستا .

— قېنى ، ئېيتىڭە ، بالام ، — دېدى دىمىسدېل .

— ئەتە چۈشتە ئۈچىمىز مۇشۇ يەردە بىللە تۇرساق بولامدۇ ؟

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ ، قوزام ، — دېدى باستېر .

شۇنىڭ بىلەن ، ئۇزاقتىن بېرى ئۇنى قىيناۋاتقان سازايىنىڭ ۋەھىمىسى قايتا ئويغاندى .

ئۇ قەلبىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر خۇشاللىقنى ھېس قىلسىمۇ ، بۇ خىل جەم بولۇش ئۇنى ساراسىمىگە سالدى .

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ ، بالام ، ھامان بىر كۈنى ئۈچىمىز بىللە تۇرىمىز ، لېكىن ئەتە ئەمەس .

پېرل كۈلۈپ تۇرۇپ قولىنى تارتىۋالماقچى بولغانىدى ، باستېر قويۇۋەتمەي چىڭ تۇتۇۋالدى .

— توختاپ تۇرغىن ، بالام ! — دېدى ئۇ .

— ۋەدە بېرىڭ ، — دېدى پېرل ، — ئەتە چۈشتە ئاپام بىلەن ئىككىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ، بىللە تۇرۇشقا ۋەدە بېرىڭ .

— ئەتە بولمايدۇ ، پېرل ، — دېدى باستېر ، — باشقا ۋاقىتتا بولسۇن .

— قاچان ئەمىسە ؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى بالا .

— قىيامەت كۈنى ، — دېدى باستېر پىچىرلاپ ، ھەقىقەتنى تەرغىب قىلىدىغان كەسپىي تۇيغۇسى بەلكىم ئۇنى شۇنداق جاۋاب بېرىشكە قىستىغاندۇ ، — شۇ كۈنى سوراقخانىدا ئۇچىمىز بىللە تۇرىمىز ، ئەمما بۇ پانىي دۇنيادا بىللە تۇرالمايمىز .

پېرل يەنە كۈلدى .

دىــمــىسىدېل ئەپەندى سۆزلەپ بولۇشىغىلا ، يىراق بۇلۇتلۇق ئاسماندا «يالت» قىلىپ نۇر چېچىلىپ ، بوشلۇقنى يورۇتۇۋەتتى ، نەرسىلەر ئۆزگىچە بىر تۇستە يورۇپ ، پۈتكۈل مەۋجۇدات مىسلى كــۆرۈلــمــىگەن بىر مەنىدە شەرھى تاپقاندەك بولدى . بۇ يەردە مــەيدىسىنى تۇتقىنىچە باستېر تۇراتتى . مەيدىسىدىكى كەشتىلىك خەتنى يالتىرىتىپ خىستېر پرونمۇ تۇراتتى . پېرل بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر ھالقا ئىدى . ئۇچى كۈندۈزدەك پارلاق نۇردا بىللە تۇرۇشاتتى ، بۇ نۇر ھەممە سىرنى ئېچىۋېتىدىغاندەك ئىدى .

پېرلىنىڭ كۆزلىرى ئېزىتقۇدەك چاقناپ كەتكەنىدى ، ئۇنىڭ چــىــرايــىــدا كــەپسىز تەبەسسۇم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى ، ئۇ زادى شــەيــتــانــدەك بىر بالا ئىدى . ئۇ باستېرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ، كوچىنىڭ قارشى تەرىپىنى كۆرسەتتى . ئەمما ، باستېر مەيدىسىنى تۇتقىنىچە ئاسمانغا تىكىلىپ تۇراتتى .

شۇ ئەسنادا ئاقار يۇلتۇز پەيدا بولدى ، بۇ قانداقتۇر ئادەتتىكى تــەبىئەت ھادىسىلىرى قاتارىدا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭدىن ھالقىپ كــەتــكــەن ســىــرلىق ۋەھىمىدەك بىلىنەتتى . تۈن ئاسمىنىدا نۇر نــەيــزىــسى ، ئــوتــلــۇق شــەمشەر ، ئوقيا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئىندىئانلارنىڭ ئۇرۇش قوزغىشىدىن دېرەك بېرىدىغان بــەلــگــە ئىدى . ئاسماندا قىزىل نۇرنىڭ يامرىشى ۋابادىن دېرەك بــېــرەتــتــى ، كــۆچــمەنلەر دەۋرىدىن ئىنقىلاب دەۋرىگىچە ، يېڭى ئەنگلاندىتا يۈز بەرگەن بارلىق ياخشى ـ يامان ۋەقەلەردە ئەنە شۇنداق بېشارەتلەر بولغانىدى . بۇنداق مەنزىرىنى كۆرگەنلەر كۆپ ئىدى ، بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ئىشەنچلىكلىكى مەلۇم تەنھا كۆزەتكۈچىنىڭ سەمىمىيىتىگە باغلىق بولۇپ ، ئۇ تەسەۋۋۇرىدىكى چوڭايتىش ۋە

www.uyghurkitap.com

ئاينىتىش ۋاستىسى بىلەن بۇ مۆجىزىلەرگە قارايتتى . ئەھۋال كۆرۈلگەندىن كېيىن ئەسلىمە تەرىقىسىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ تەسۋىرلىنەتتى . دۆلەتنىڭ تەقدىرى چەكسىز كائىناتتىكى قورقۇنچلۇق ھەم چۈشىنىكسىز بەلگىلەر ئارقىلىق ئايان بولىدۇ دېگەن قاراش خەتەرلىك ئىدى . بىر مىللەتكە بولغان قارارنى پايانسىز سەھىپىگە يېزىش تەڭرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئادەتتىكى ئىش بولسا كېرەك . ئەجدادلىرىمىز بۇنى ياخشى بېشارەت دەپ قارايتتى . چۈنكى ، بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەڭرىنىڭ ھىماتى ۋە نازارىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . ئەمما ، بىراۋ بۇ چەكسىز سەھىپىگە يېزىلغان ۋەھىينىڭ ئۆزىگە تالىق قىسمىنى قانداق چۈشىنىشى كېرەك ؟ بۇنداق ئەھۋالدا ، ئۇزاق يىللىق ئازاب ۋە ۋىجدان سىرتمىقىنىڭ قىيناشلىرىدا ياشىغان ئادەم ئۆزىنى تەبىئەت ۋە پەلەككە كېڭەيتىپ ، بۇلارنى شەخسنىڭ تارىخى ۋە تەقدىرىنى يېزىشقىلا بولىدىغان نەرسىلەر دەپ قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ، بۇ شەخسنىڭ روھىدىكى ئىللەتلەرنىڭ ئىپادىسىدۇر .

باستېر ئاسمانغا يۈزلىنىپ ، توق قىزىل رەڭدىكى A ھەرپىنى كۆردى . بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى دەردىنىڭ كۆزىگە تەسىر قىلغىنىدىن بولغانىدى . بۇ ھەرگىزمۇ ئاقار يۇلتۇزنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىدىكى يالقۇنجىشىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس ، پەقەت گۇناھكارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى شەكىلنىلا رەت قىلغانلىق ياكى ئەڭ بولمىغاندا شۈبھىلەنگەنلىك بولىدۇ . باشقا گۇناھكار بولسا بۇ ھادىسىدىن باشقا بىر مەنىنى چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى .

دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆرگىلى بولىدىغان يەنە بىر تەپسىلات بار ئىدى . ئۇ ئاسمانغا قاراۋاتقان چاغدا ، پېرلىنىڭ جازا سۇپىسىغا يېقىن يەردە تۇرۇۋاتقان روج چىللىڭۋورسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى . باستېر سىرلىق ھەرپنى كۆرۈش بىللە بىللە روج چىللىڭۋورسىنىڭ پەيدا بولغىنىنىمۇ كۆردى . ئاقار يۇلتۇز ئۇنىڭ ئەپتىنىمۇ باشقىچە

كۆرسەتتى ، بەلكىم دوختۇر ئۆزىنىڭ قۇربانىنىڭ قىياپىتىگە قاراۋاتقاندىكى شۇم ئەپتىنى يوشۇرۇشنى ئانچە ئويلىشىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك . مۇبادا ئاقار يۇلتۇزنى يەرۇ ئاسماننى يورۇتۇپ ، قىيامەت سورىقى ئارقىلىق خىستېر پرون ۋە باستېرغا قورقاق سالدى دېسەك ، روج چىللىڭۇورس گويا بىر شەيتان بولۇپ ، ئۆزە تۇرۇپ ھىجايغىنىچە ئۇلارنى باشلاپ كېتىشنى ئويلايتتى . دوختۇرنىڭ ئەپتى شۇ قەدەر ئەستايىدىل ئىدى ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، باستېرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سەزگۈسى شۇ قەدەر كۆچلۈككى ، ئۇ ئاقار يۇلتۇز يىتىپ رەستىدىكى نەرسىلەر غايىب بولغانغا قەدەر سۇرەتتەك قېتىپ تۇردى .

— ئۇ كىم ، خىستېر ؟ — سورىدى دىمىسدېل ئەپەندى تەشۋىش بىلەن ، — ئۇنى كۆرسەملا تىترەك باسىدۇ . سىز ئۇنى تونۇمسىز ؟ خىستېر ، مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن !

خىستېر ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بويىچە زۇۋان سۈرمىدى .

— ئۇنى كۆرسەملا روھىم شۇركۇنۇپ كېتىدۇ ، — دېدى دىمىسدېل غودۇڭشىپ ، — ئۇ زادى كىم ؟ ماڭا ياردەم قىلالامسىز ؟ ئاشۇ ئادەمدىن تەشۋىشلىنىمەن .

— باستېر ، — دېدى پېرل ، — مەن دەپ بېرەيمۇ ؟

— دېگىنە ، قىزىم ، — دېدى باستېر ئېگىشىپ ، — دېگىنە قېنى ، ئاستا ـ ھە !

پېرل بىرنېمىلەرنى دېدى .ئۇ خۇددى رەسمىي نەرسىلەرنى دەپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى . ئەمەلىيەتتە ، ئۇ باللار ئويناشقاندا ئاڭلىنىدىغان جىۋىرلاش ئىدى . قېرى روج چىللىڭۇورس ھەققىدە مەخپىي ئۇچۇر بولغان ھالەتتىمۇ ، بىلىملىك باستېر چۈشەنمەيتتى ، بەلكى تېخىمۇ گاڭگىراپ كېتەتتى ، شەيتانچاق كۈلدى .

— مېنى مازاق قىلىۋاتامسەن ؟ — دېدى باستېر .

— قورقۇنچاق ! يالغانچى ! — دېدى بالا ، — ئەتە چۈشتە ئاپام ئىككىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىللە تۇرۇشقا ماقۇل بولمىدىڭ !

— قەدىرلىك ئەپەندى ، — دېدى دوختۇر سۇپىغا

كەلگەچ ، — تەقۋادار دىمىسدېل باستېر ، بۇ راستتىنلا سىزمۇ ؟ راست ، سىز ئىكەنسىزغۇ ! ئىلىم ئەھلىلىرى چېچىلىپ كېتىپ ، سىز ئاقارسىمۇ كىتابتىن باش كۆتۈرمەيمىز . بىز ياخشى كۆتۈنۈشكە موھتاج ، بىز ئويغاق تۇرۇپ چۈشەكەيمىز ، ئۇخلاپ تۇرۇپ ماڭىمىز ، كېلىڭ دوستۇم ، ماقۇل دەڭ . سىزنى قايتۇرۇپ كېتەي !

— مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز ؟ — دېدى باستېر چۆچۈپ .

— راستىنى دېسەم ، — دېدى روج چىلىلىڭۋورس جاۋابەن ، — بۇنى بىلمەيتتىم . مۆھتەرەم گوبېرناتور ۋىنسىرروپنىڭ بېشىدا يېرىم كېچىگىچە تۇرۇپ ، ئۇنىڭ ھالىغا يەتتىم . ئۇ ئۆزىنىڭ جەننىتىگە قايتىش يولىدا ، مەنمۇ ئۆيۈمگە قايتىش يولىدا ئىدىم . ئاسماندا غەلىتە نۇر ئايان بولدى . يۈرۈڭ ، ئەپەندى . بولمىسا ئەتىكى ئىبادەت كۈنىدە ۋەزىپىڭىزنى ئادا قىلالماي قالىسىز . ئوھوي ، نېمىدېگەن زېرىكىشلىك كىتاب ، كىتاب ! كىتاب ! ئەپەندى ، كىتابنى ئازراق ئوقۇپ ، كۆپرەك كۆڭۈل ئېچىڭ ! بولمىسا ، ئۇيقۇلۇق تۈن سەيلىسىدە كېسىلىڭىز ئېغىرلاپ كېتىدۇ !

— ماقۇل ، سىز بىلەن كېتەي ، — دېدى دىمىسدېل ئەپەندى .

ئۇ ھېلىلا قارا بېسىپ ئويغانغاندەك جانسىز بولۇپ ، لاغىلداپ تىترەيتتى ، دوختۇر ئۇنى ئېلىپ كەتتى .

ئەتىسى ئىبادەت كۈنى ئىدى ، ئۇنىڭ سۆزلىگەن ۋەزى كۈچلۈك ھەم مۇقەددەس بىر قېتىملىق نۇتۇق بولدى ، دەپ قارالدى . ئېيتىلىشىچە ، بىرلا ئادەم ئەمەس ، بەلكى نۇرغۇن روھلار شۇ قېتىملىق ۋەزنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ، دىمىسدېل ئەپەندىگە مەڭگۈ تەشەككۈر بىلدۈرىمىز دەپ قەسەم قىلىشتى . ئۇ ۋەز مۇنبىردىن چۈشكەندە ، چار ساقال بىر ئۆلىما ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى . باستېر ئۇنىڭ قولىدىكى قارا پەلەينىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى .

— بۇ ، — دېدى ئۆلىما ، — ئەتىگەن جازا سۇپىسىدىن تېپىلىپتۇ . شەيتان ئۇنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ تاشلاپ ، سىزنى زاڭلىق

قىلماقچى بولغاندەك تۇرىدۇ ، شەيتان دېگەن نېمە قارىغۇ ھەم دۆت . بىر پاك قولنى پەلەي بىلەن نىقابلاشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن ! شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— رەھمەت ، قەدىرلىك دوستۇم ، — دېدى باستېر ۋەزمىن ھالدا ، ئۇ چۆچۈپ كەتكەنىدى ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ خاتىرىسى بەك مالىمان بولۇپ ، تۇنۇگۈنكى ئىشنى پەقەت بىر خىيال دەپ قالغانىدى ، — راستتىنلا بۇ مېنىڭ پەلىيىم ئىكەن !

— ئۇنى شەيتان ئوغرىلىۋاپتۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن شەيتان بىلەن ئېلىشقاندا ، پەلەي كېيمەڭ ، — دېدى ئۆلما ھجىيىپ ، — سىز تۇنۇگۇن كېچىدە كىشىلەر كۆرگەن ئالامەتنى ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟ ئاسماندا يوغان قىزىل A ھەرپى كۆرۈنۈپتۇ ، بىز ئۇنى «پەرىشتە» دەپ چۈشەندۇق . چۈنكى ، بۇ ئاخشام ئاق كۆڭۈل گوبېرناتور ۋىنسىروپ پەرىشتىگە ئايلاندى . شۇڭا ، خۇدا بېشارەت بەرگەنمىكىن !

— ياق ، — دېدى باستېر ، — ئاڭلىماپتىمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 13 . خىستېرنىڭ يەنە بىر تەرىپى

خىستېر دىمىسدېل باستېر بىلەن كۆرۈشكەندە ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ھەيران قالغانىدى . ئۇ ئېرۋېسى كاردىن چىقىپ ، مەنىۋىيىتىمۇ زەئىپلىشىپ ، دىنىمۇ بەك تۇراقسىز ھالەتكە كېلىپ قالغانىدى . گەرچە ئەقلىي كۈچى بۇرۇنقىدەك بولسىمۇ ياكى پەقەت كېسەللەردىلا بولىدىغان ھاياجانلىق ھالەتتە بولسىمۇ ، لېكىن روھىي قۇدرىتى ئاجىز ئىدى . ئۇنىڭ پىنھان ھالىتى خىستېر خانىمغا ئايان ئىدى ، خىستېرنىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە ، دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ ۋىجدانى نورمال پائالىيەتتىن باشقا يەنە قورقۇنچلۇق بىر ماشىنىنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىغانىدى ، بۇ ماشىنا ھازىرمۇ ھەرىكەتتە بولۇپ ، دىمىسدېل بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشى كېرەك ئىدى . ئۇ ئاداشقان بۇ بىچارە ئادەمنىڭ ئۆتمۈشىنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ ئۆزىدىن ، يەنى پۈتۈن ئادەملەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بىر ئايالدىن ياردەم تەمە قىلغاندا ، ئۆز تەبىئىتىگە تايىنىپ بايقىغان دۈشمىنىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياردەم سورىغاندا ، خىستېرنىڭ يۈرىكى لەرزىگە كېلىپ كەتتى . ئۇ ياردەم كۈتۈشكە ھەقلىق ئىدى . خىستېر ئۇزاق مۇددەتلىك يېگانىلىكتە ئۆز ئوي - پىكىرلىرىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ھەرقانداق سىرتقى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىمەسلىككە ئادەتلەنگەنىدى . خىستېر باشقىلار ۋە پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا ، بولۇپمۇ باستېر ئالدىدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چۈشىنىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ھەرقانداق مۇناسىۋىتى — گۈل ، يىپەك ، كۈمۈش ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋىتى چۈرۈت ئۈزۈلگەنىدى ، ئەمما ئۇنىڭ باستېر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە

گوناھقا شېرىك بىر زەنجىر بار بولۇپ ، ھەر ئىككىسى ئۆزۋۆزىتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى . بۇ مۇناسىۋەتتە ، خۇددى باشقا رىشتىلەرگە ئوخشاشلا مەجبۇرىيەتمۇ بار ئىدى .

خىستىېر پروننىڭ ھازىرقى ئورنى سازايى قىلىنغان چاغدىكى ئورنى بىلەن ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى . كۇنلەر ۋە يىللار ئۆتۈپ ، پېرل يەتتە ياشقا كىردى . خىستېرنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەت ھەممە ئادەمگە تونۇش ئىدى . بىراۋ كۆپچىلىككە ئوخشىمايدىغان بىر ئورۇنغا ئىگە بولۇپ ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيانلىق بولمىسا ، ئۇ ھامان باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ . خىستېر پرونمۇ ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى . ئىنساننىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى ، شەخسىيىتىگە زىت بولمىسىلا ، ئۇ نەپرەتتىن بەكرەك سۆيگۈگە مايىل . نەپرەت ئاداۋەتنىڭ ۋە يېڭى تەھدىتنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىمىسىلا ، تەدرىجىي ھالدا مۇھەببەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ . خىستېردا كونا ئاداۋەتنىڭ قوزغىتىشلىرىمۇ يوق ، يېڭى ئۆچمەنلىكمۇ يوق بولۇپ ، ھېچكىم بىلەن بىر نەرسە تالىشىپ باقمىدى . ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىسىنى ئۈن ـ تىنسىز قوبۇل قىلدى ، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن تۆلەم تەلەپ قىلىپمۇ يۈرمىدى ، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنىمۇ تەمە قىلمىدى ، گۇناھى تۈپەيلى ھوقۇقسىزلىنىپ ، تەنھا ئۆتكەن يىللاردا پاك ياشاپ ، كىشىلەرنىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى . ئۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىسىز ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇسىز بولۇپ ، بۇ مەزلۇمنىڭ تۈيۈق يولدىن قايتىشى پەقەت پەزىلەت جەھەتتىكى تەسىرنىڭ مەھسۇلى ئىدى .

جامائەت گۇۋاھكى ، خىستېر ئورتاق ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ، ئۆزىنى ۋە پېرلنى ئۆز مېھنىتى بىلەن باققاندىن باشقا ، جاھاندىكى ئىمتىيازلاردىن ئاززاقمۇ ئۈمىد كۈتمىدى ، ئەكسىچە ، باشقىلارغا شەپقەت قىلىدىغان پۇرسەتنى تاپسىلا شەپقەت يەتكۈزۈپ كەلدى . كىشىلەرنىڭ رەت قىلىشى ياكى ھومىيىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ نامراتلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇردى . كەنتكە چۇما كېسىلى

يامراپ كەتكەندە، ھېچكىم خىستېردەك پىداكار بولمىدى. ھەر قېتىم ئاپەت بولغاندا، كۆپچىلىك ياكى ئايرىم شەخس دەپ ئولتۇرماي يەنىلا كۆكرەك كېرىپ چىقتى. بىرەر ئائىلىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۇ مېھمان سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بولمىسا بولمايدىغان يېقىن ئادەم سۈپىتىدە پەيدا بولاتتى. بۇ ئائىلىدىكى خىرە چىراغ ئۇنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشتۇرىدىغان نەرسە ئىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى خەتتىن چاقنىغان نۇرلار ھارارىتىنى باشقىلارغا يەتكۈزەتتى. ئۇ خەت ئەسلىدە گۇناھىنىڭ بەلگىسى بولسىمۇ، لېكىن كېسەل ئۆيىدە نۇرغا ئايلاندى. سەكراتتىكىلەرگە نىسبەتەن ئۇ خەتتىن چىققان نۇر زامانىنىڭ چەكلىمىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بۇ دۇنيانىڭ نۇرلىرى خىرەلىشىپ، ئۇ دۇنيانىڭ نۇرلىرى نەقلەشمىگەن شۇ دەقىقىدىكى مۇساپىلەرنى يورۇتاتتى. خىستېر ئۆزىنىڭ تۇغما مېھرىبانلىقىنى ئاشۇنداق جىددىي پەيتلەردە نامايان قىلاتتى. خۇدايىم بەرگەن ئىللىقلىق شۇ قەدەر ئىشەنچلىك بولۇپ، ھەرقانداق جىددىي ئېھتىياجغا نىسبەتەن تەييار تۇرىدۇ، ئېھتىياج زور بولغاندىمۇ، ئۇ ھەرگىز كەملەپ قالمايدۇ. مەيدىسىگە ھاقارەت بەلگىسى تاقىۋالغان بۇ ئايال ھاجەتمەنلەرگە نىسبەتەن يۇمشاق يۆلەنچۈك ھەم پاناھگاھ ئىدى. ئۇ ديانەتنى ئۆزلۈكىدىن يۈكلىۋالغان ئايال بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلىك دۇنياسىدىكى مۇشكۇلاتلار تەرىپىدىن قىلىنغان بىر ھاۋالە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىرەر ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىشىغا ئىشەنمەيتتى، ھېلىقى خەت ئۇنىڭ چاقىرىقلارغا ئاۋاز قوشۇشىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن ياردەمگە ئىگە بولاتتى. ئۇ ھېسداشلىق قىلاتتى، باشقىلارغا رازىمەنلىك بىلەن ياردەم بېرەتتى، كىشىلەر ئەمدى A ھەرپىنى ئەسلىدىكى مەنىسى بويىچە چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، بەلكى ئۇ خەتنى «شەرەنداز» دېگەن مەنىدە چۈشىنىدىغان بولدى.

تاڭ يورۇغاندا ئۇ كېتىپ قالاتتى، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى

بوسۇغىدىن ھالقىپ غايىب بولاتتى. بۇ مېھرىبان ئايال قايتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ قەلبىدە تەشەككۇر ھېسسىياتى تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ، خىستېردا كەينىگە ئۆرۈلۈپ شۇ خىل تەشەككۇرنى قوبۇل قىلىدىغان نىيەت قىلچە يوق ئىدى. ئۇ ئۇلارنى كوچىدا ئۇچراتقاندا، يەنىلا تەشەككۇر كۈتمەيتتى، ئۇلار زورلاپ گەپ قىلسا، بىر بارمىقى بىلەن قىزىل خەتنى باساتتى. بەلكىم بۇ بىرخىل مەغرۇرلۇقتۇر، لېكىن ئۇ پېقىرلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، ئاۋامنىڭ تەبىئىتى مۇستەبىت كېلىدۇ، ئادالەت بىراۋنىڭ ئۆز ھەققى سۈپىتىدە تەلەپ قىلىنغاندا ئۇنى رەت قىلىدۇ؛ زوراۋانلىق ئۆزىگە نىسبەتەن سېخىيلىقنى تەلەپ قىلغاندا، ئادالەتنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن مۇكاپاتنى بېرىدۇ. جەمئىيەت خىستېرغا ئاشۇنداق يول بىلەن جاۋاب بەردى. جەمئىيەت ئۇ بەرگەن قۇربانلارغا ئۇ ئېرىششكە تېگىشلىك بولغىنىدىن چوڭراق كەڭچىلىكنى قىلدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىستېر تېگىشلىك كەچۈرۈمدىن چوڭ كەچۈرۈمگە ئېرىشتى.

مەھەللىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە دانىشمەنلەر ئادەتتىكى پۇقرالارغا قارىغاندا، خىستېر پروننىڭ پەزىلىتىنىڭ تەسىر كۈچىنى تونۇشقا بەكرەك مۇۋەپپەق بولالىدى. ئۇلار خىستېرغا بولغان ئومۇمىي بىر تەرەپلىمە قاراشقا مەھكۇم بولغان بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشىشقا توغرا كېلەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىكى دۈشمەنلىك پەيدىنپەي يۇمشاپ، مۇلايىم تۈس ئالماقتا ئىدى. ئاممىۋى ئەخلاقنى نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىگە ئىگە مۇھىم ئورۇندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇنداق بولدى. ئاممىۋى سىياسەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان پۇقرالار خىستېر پروننىڭ سەۋەنلىكىنى تولۇق ئەپۇ قىلىپ، قىزىل خەتنى گۇناھنىڭ بەلگىسى دەپ قارىمايدىغان بولدى. خىستېر نۇرغۇن ئېچىنىشلىق چاغلارنى ئۆتكۈزۈپ، مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنى تالاي قېتىم ياخشىلىق بەلگىسىگە ئايلاندۇردى. «قىزىل خەت تاقىۋالغان ئاۋۇ ئايالنى كۆردۈڭلارمۇ، — دېيىشەتتى كىشىلەر

www.uyghurkitap.com

ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرسە ، — ئۇ دېگەن بىزنىڭ خىستىر ، ئۆزىمىزنىڭ خىستېرى ، ئۇ ئامراتلارغا يۆلەنچۈك ، بىمارلارغا شەپقەتچى ، بىتەلەيلەرگە تەسەللى !» كىشىلەر بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ غەيۋەتخورلۇق تەبىئىتى تۈپەيلى نەچچە يىل بۇرۇنقى سەتچىلىكنى تەگەپمۇ قويۇشاتتى . بەربىر ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەت موناخلارنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل كرېستقا ئوخشاش ئىدى . قىزىل خەت ئۆز ئىگىسىگە مۇقەددەسلىك بېغىشلاپ ، ئۇنى كۆلپەتتىن خالاس قىلدى . ئېيتىلىشىچە ، بىر ئىنىدىئان ئاشۇ قىزىل خەتنى نىشانلاپ ئوقيا ئېيتىپتۇمىش ، ئوق نىشانغا تەگكەن بولسىمۇ ، ئۇنى يارىلاندۇرالماي ، يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇمىش .

خىستېر پروننىڭ كىشىلەرگە يارما تاشتەك سوغۇق تەسىر بېرىشىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى ، ئۇنىڭ هاياتى زوق - هەۋەستىن ئۆزگىرىپ ئىدىيىنىڭ سەمەرىسىگە ئايلانغانىدى . ئۇ بۇ جاهاندا تىكەندەك يالغۇز بولۇپ ، هىماتچىسى يوق ئىدى . پەقەت ئۇنىڭغا موهتاج بولىدىغان پېرل بار ئىدى . بۇ تەنهالىقتا ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى تىرىلدۈرۈشتىن هېچبىر ئۈمىد قالمىغانىدى . گەرچە بۇ ئۈمىدكە تامامەن سەل قارايدىغان دەرىجىگە بارمىغان بولسىمۇ ، ئۇ ئۈزۈلگەن بۇ زەنجىرنىڭ پارچىلىرىنى تامامەن تەرك ئەتكەنىدى . كىشىلىك دۇنياسىدىكى قانۇنلارنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە ئورنى يوق ئىدى .

دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى ، دادىل پىكىرنىڭ ئىگىلىرى تاشقى دۇنيانىڭ قائىدىلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدۇ . ئۇلار ئىدىيە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ، قان ۋە گۆشتىن پۈتكەن ۋۇجۇدىغا سەل قارايدۇ . خىستېرمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس . ئەگەر پېرل تۇغۇلمىغان بولسا خىستېرنىڭ ئەهۋالى باشقىچە بولاتتى . ئۇنداقتا ، ئۇ ئەن خاتچىنسون بىلەن بىللە بىر دىنىي مەزهەپنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇپ ، تارىختىن ئورۇن ئالغان بولاتتى . بەلكىم ئۇ پەيتى كەلسە ئايال ئەۋلىيا بولار بولغىيدى ، ئۇ پورىتان ئاساسلىرىنى ئاغدۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلار بولغىيدى .

پەرۋەردىگارنىڭ پېرلنى بېرىشى ئۇنىڭ ئاياللىق بىخلىرىنى قوغداش بولۇپ، قىيىنچىلىق ئىچىدە پەرۋىش قىلىشقا بېرىلگەن تاپشۇرۇق ئىدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا زىت بولۇپ، دۇنيا ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەشتى. پېرلنىڭ مىجەزىدىكى كەمتۇكلۇك ئۇنىڭ دۇنياغا تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ بىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى، ئانىنىڭ دىنغا بىھۆرمەتلىك قىلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى، بۇ ھال يەنە خىستېرنى ئۆرتەنگەن ھالدا، بۇ بىچارە بالىنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشى ئامەتمۇ ياكى ئاپەتمۇ دەپ سوراشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئۇنىڭ قەلبىدە ئاياللارغا ئائىت قاراڭغۇ سوئاللار پەيدا بولاتتى: ئاياللار ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك بىرىنى دەيلۇق، شۇنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ قىممىتى بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئۆزىمۇ ئىنكارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. تەپەككۇر قىلىش ئاياللارغا نىسبەتەن ئوخشاشلا مەلۇم رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇ باشقىلارنى ئەمىن تاپتۇرسىمۇ خىستېرنى پەرىشان قىلاتتى. بەلكىم ئۇ ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ئىستىقبالسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەندۇ. مۇمكىن بولسا ئاۋۋال پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، قايتا قۇرۇپ چىقىش كېرەك ئىدى. ئاندىن ئەرلەرنىڭ تەبىئىتى ياكى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلىپ، تەبىئىي تۇيۇلۇپ قالغان ئادەتلەرنى ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرتكەندىلا ئاياللار نىسبەتەن ئادىل ئورۇنغا ئېرىشەلەيتتى. ئاخىرىدا، باشقا قىيىنچىلىقلارنى نەزەرگە ئالمىغاندىمۇ، ئاياللار ئۆزلىرىگە تېخىمۇ چوڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىلا ئىسلاھاتنىڭ تۈنجى مېۋىسىنى تېتىيالايتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، خىستېرنىڭ ئاياللىق قۇدرىتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولىدۇ. بىر ئايال ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى ھەرقانچە ئىشقا سالغاندىمۇ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. بەلكىم بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىرلا يول باردۇ: مۇبادا خىستېرنىڭ روھى ھەممىگە خوجايىن بولسا، بۇنداق مەسىلىلەر سادىر بولماس. ئەمما، خىستېرنىڭ يۈرىكى بۇرۇنقىدەك رىتىملىق

ھەم ساغلام سوقمايتتى ، ئۇ تەپەككۇرنىڭ سىرلىق قەسرىگە تېنەپ يۈرمەكتە ئىدى . ئۇ چىققىلى بولمايدىغان قىيالارغا دۈچ كەلگەندە ، ياناپ ئۆتۈپ كېتەتتى ، چوڭقۇر ھاڭلارنى كۆرۈپ چېكىنەتتى . ئۇنىڭ ئەتراپى قورقۇنچلۇق باياۋان بولۇپ ، راھەتلىك ئۆيلەر يوق ئىدى . ۋەھىمىلىك شەك - شۈبھىلەر پات - پات ئۇنىڭ روھىنى چىرمىۋالاتتى ، پېرلىنى ئەرشكە ئۇچۇرۇۋېتىپ ، ئۆزىنى ئەبەدىيەت سوتىنىڭ ھۆكمىگە قالدۇرسا ياخشى بولامدۇ ، يوق ، بۇنى بىلەلمەي قالدى .

ئۇ قىزىل خەت ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخى تولۇق نامايان قىلمىغانىدى .

لېكىن ، دىمىسدىل ئەپەندىنىڭ ھېلىقى ئۇيقۇلۇق سەيلە كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ، خىستېردا يېڭى ئوي تۇغۇلدى . خىستېر ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىشقا ھەرقانداق بەدەلنى تۆلەشكە رازى ئىدى . ئۇ باستېرنىڭ ئازابتىن تېپىرلاۋاتقانلىقىنى ، ئېنىقىنى ئېيتقاندا ، تېپىرلاشتىن توختاپ قالاي دەۋاتقانلىقىنى ، خاراب بولۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . ئۇ ئاشۇ گىردابتىن ئۆتۈپ بولۇشتىن بۇرۇنقى ھالدا ئېلىشىپ قالمىغان تەقدىردىمۇ ، خىستېرنىڭ كۆرگەنلىرى نەق شۇ ئەھۋال ئىدى . ئۆزىنى توختىماي ئەيىبلەشنىڭ تىكەنلىرى سانجىلىپ گويا بىر قۇتقۇزغۇچ قول ئۇنىڭغا سۇنۇلغاندەك بولدى . ئەمما ، بۇ قول شۇنچە زەھەرخەندە ئىدى . مەخپىي بىر دۈشمەن دوختۇر ياكى دوست نامى بىلەن دىمىسدىل ئەپەندىنىڭ چۆرىسىدە ئەگىپ ، ئۇنىڭ نازۇك نېرۋىلىرىنى قوچۇيتتى ، خىستېر ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىدىن ئۆزۈمنىڭ سەمىمىيلىكى ، قەيسەرلىكى ۋە ساداقىتى جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكۈم تۈپەيلى باستېرنى خەۋپلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدۇممۇ ، قانداق ، دەپ سورايتتى . ئۇ روھ چىللىغۇۋورسىنىڭ يوشۇرۇن نامدا يۈرۈشىگە سۈكۈت قىلىشتىن باشقا جەھەتلەردە باستېرنىڭ شۇ قەدەر پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قېلىشىغا

سەۋەبچى ئەمەسمەن، دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى. دەل ئاشۇنداق بىر تۇرتكىدە خىستېر تاللاش ئېلىپ باردى. لېكىن، ئۇ تېخىمۇ بەختسىز بىر لايىھىنى تاللىغانىدى. ئۇ مۇمكىنقەدەر ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى تۈزەتمەكچى ئىدى. ئۇزۇن يىللىق جاپا ۋە قاتتىق سىناق ئۇنى قەيسەرلەشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، روج چىللىڭۋورسقا رىقابەتچى بولالمايدىغان ئەينى ۋاقىتتىكى مەن ئەمەسمەن دەپ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولدى. ئەمدى ئۇ يېڭى بىر هايات مەنزىلىگە يۈزلەنگەنىدى، هەدەپ قىساس كويىدا يۈرگەن هېلىقى قېرى ئۆزىنى خىستېر دىنمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈۋالغانىدى.

خىستېر ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئېرى بىلەن كۆرۈشۈپ، هېلىقى ناتىۋان ئادەمگە دالدا بولۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا پۇرسەت تۇغۇلدى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ يېرىم ئارالنىڭ ئادەمسىز بىر يېرىدە پېرل بىلەن ئايلىنىپ يۈرگەندە، بۇ ئادەمنى ئۇچرىتىپ قالدى. بۇ ئادەم بىر قولىدا سېۋەت، يەنە بىر قولىدا هاسا تۇتۇپ، ئېڭىشكىنىچە يىلتىز هەم گىياھ يىغاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 14 . خىستېر ۋە دوختۇر

خىستېر بالىنى قۇلۇلە ئوۋىناشقا سۇ بويىغا ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى دوختۇر بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدى. بالا قۇشتەك پەرۋاز قىلىپ، دېڭىز ساھىلىدىكى سۇنى كېچىپ ئويناپتتى. ئۇ دولقۇن داجىغان چاغدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزىنى ھەيران بولۇپ كۆرەتتى. قۇندۇزدەك چاچلىرى پارقىراپ تۇرغان، كۆزلىرى شەيتاندەك جىلۋىگەر بىر قىزچاق ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ باشقا دوستى بولمىغاچقا، بىللە ئويناپلى دەپ قولىنى ئۇزاتتى. لېكىن، ئۇ قىزمۇ قولىنى سوزۇپ: «بۇ يەر ئويناشقا بەكرەك ياخشى، سۇغا چۈشكىن» دېگەندەك قىلاتتى. پېرل سۇغا پۇتىنى تىقىۋىدى، سۇ تىزىغىچە كەلدى، ئۇنىڭ كۆرگىنى ئۆزىنىڭ سۇدىكى پۇتى بولدى. سۇدا ئايان بولغان پارە ـ پارە تەبەسسۇم جىلۋە بىلەن لەيلەيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئانىسى دوختۇر بىلەن بولغان سۆھبىتىنى باشلىغانىدى.

— سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم بار، — دېدى خىستېر، — بۇ ئىش بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

— پاھ، خىستېر خانىممۇ سىز؟ قېرى روج چىلىڭۋورس بىلەن دېيىشكۇدەك گەپ بار ئىكەن ـ دە! — دېدى ئەر قەددىنى رۇسلاپ، — خۇشالمەن! خانىم، ھەممە يەردە سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىز! تۈنۈگۈن ئاخشام بىر ئەمەلدار ۋە بىر دانىشمەن كىشى گېپىڭىزنى قىلدى، ئۇ ئەمەلدار ماڭا پىچىرلاپ دېدىكى، كېڭەشتە سىزنىڭ مەسىلىڭىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپتۇ، ئۇلار قىزىل خەتنى ئېلىۋەتسەك، ئۇنىڭ كاساپىتى بولارمۇ ـ بولماسمۇ دېگەننى مۇزاكىرە قىپتۇ. قەسەمكى، خىستېر، مەن ئۇ جانابقا دەرھال شۇنداق قىلىشنى ئۆتۈندۈم!

— ئۇ جانابلارنىڭ قىزىل خەتنى ئېلىۋەتكۈسى يوق ، — دېدى خىستېر تىنچ هالدا ، — ئۇ خەت شەرتىم توشقاندا ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ ياكى باشقا بىر مەنىگە ئىگە بولىدۇ .

— خالىسىڭىز ، ئۇ خەت تۈرىۋەرسۇن ، — دېدى ئەر ، — زىننەت ئىشىنى ئاياللارنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرگەن تۈزۈك . ئاشۇ يارقىن خەت مەيدىڭىزدە تۇرسا ، جاسارىتىڭىزنى ئەڭ ياخشى نامايان قىلىپ بېرىدىكەن !

پاراڭ جەريانىدا خىستېر دوختۇرنى كۆزەتتى ، يەتتە يىلدىن بېرى ئۇنىڭدا كۆپ ئۆزگىرىش بوپتۇ ، بۇ ئۇنى قېرىپ كېتىپتۇ دېگەنلىك ئەمەس ئىدى ، گەرچە ئۇنىڭغا ئاز - تولا قېرىلىق يەتكەن بولسىمۇ ، يېشىغا باققاندا روهلۇق هەم تېتىك تۇرۇپتۇ ، لېكىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى پاراسەتلىك ، تىرىشچان ، جىمىغۇر هەم تەمكىن سالاپىتىنى كۆرگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل سىنچىلىق ، ئەسەبىيلىك ۋە بۇ ئەسەبىيلىكنى يوشۇرۇش ۋەسۋەسىسى ئىگىلىگەنىدى . ئۇ ئۆزىنى تەبەسسۇم بىلەن نىقابلاشقا ئۇرۇنسىمۇ ، بۇ تەبەسسۇم ئۇنىڭ ساختىلىقىنى چاندۇرۇپ قويايتتى . تەبەسسۇم دەل ئۇنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىۋاتقاندەك هېلى پەيدا بولۇپ ، هېلى يوقاپ كېتەتتى ، بەلكى ئۇنىڭ مەككارلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەتتى ، خۇددى ئۇنىڭ قەلبىگە ئوت كەتكەندەك كۆزلىرىدىن قىپقىزىل ئوت ئەلەڭگىيتتى . ئوتلار هاياجاننىڭ پۇۋلەشلىرىدە كۆزلەردە بەرق ئۇرسىمۇ ، ئۇ دەرهال جىمىقتۇرۇپ ، هېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالاتتى .

— چىرايىمدا نېمە بار ئىكەن ؟ — سورىدى دوختۇر ، — ئەجەب قاراپ كەتتىڭىز ؟

— ئەگەر مېنىڭ ئارتۇق كۆز يېشىم بولغان بولسا ، بىر ئىشقا يىغلىغان بولاتتىم ، — دېدى ئايال جاۋابەن ، — ئەمدى بولدى ، بىز هېلىقى بەختسىز ئادەم هەققىدە گەپلىشەيلى .

— ئۇنىڭ نېمىسى توغرۇلۇق گەپلىشىمىز ؟ — دېدى روج چىللىڭۋورس ئالدىراپ ، خۇددى ئاشۇ تېما خۇسۇسىدا مەخپىي

گەپلىشەلەيدىغان ئادەمنى تاپقاندەك ، — راستىنى دېسەم ، خىستېر خانىم ، مەن ئاشۇ جاناب توغرۇلۇق بىر سۆزلەشسەك دەپ ئويلىغان ، سىز دەۋېرىڭ ، مەن جاۋاب بېرەي .

— بۇرۇنقى پارىڭىمىز ، — دېدى خىستېر ، — يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىش بولۇپ ، ئەسلىدىكى مۇناسىۋىتىمىز ھەققىدە سىر ساقلاشقا مەجبۇرلىغانىدىڭىز . ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە نامىشەرىپى سىزنىڭ قولىڭىزدا بولغاچ ، سىز دېگەن بويىچە سۈكۈت قىلماي ئىلاجىم بولمىدى . مەن ۋەدەمگە بوغۇلۇپ ، ئارىسالدى بولۇپ يۈردۈم . گەرچە مەن باشقىلارغا بولغان مەسئۇلىيەتتىن ۋاز كەچكەن بولساممۇ ، ئۇنىڭغا بولغان مەسئۇلىيەتنى ساقلاپ كەلدىم . بىر ئاۋاز ماڭا پىچىرلىدىكى ، سىز ئۈچۈن سىر ساقلاشقا ۋەدە بەرگىنىمدە ، ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئاسىيلىق قىلدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، سىز ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدىڭىز . ئۇ ئويغاق ياكى ئۇخلاق ھالەتتە بولسۇن ، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمىدىڭىز . سىز ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ماراپ ، روھىنى كوچىلاپ ئازار بەردىڭىز ! سىز ئۇنى ئويۇنچۇق قىلىپ قىيىندىڭىز ، ئەمما ئۇ سىز توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ . ئۇ خۇدا ماڭا ساداقەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىردىنبىر ئادەم . سىزنىڭ ئۇنى قىيىنىشىڭىزغا قاراپ تۇرۇپ ، بىر كاززاپنىڭ رولىنى ئالغان بولدۇم !

— سىزنىڭ باشقا چىقىش يولىڭىز بارمىدى ئەمىسە ؟ — سورىدى روج چىلىڭۋورس ، — بارمىقىمنى قىمىرلاتسام ئۇنى چېركاۋنىڭ قۇتبىسىدىن تۇرمىگە يىقىتالايمەن ، ھەتتا دارغا ئاسالايمەن .

— ئۇنداق بولسا ياخشىراق ئىدى ! — دېدى خىستېر پىرون .

— ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىپتىمەنمۇ ؟ — سورىدى روج چىلىڭۋورس ، — سىزگە ئېيتسام ، خىستېر پىرون ، بۇرۇندىن ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن خانلار تېۋىپلارغا بەرگەن بارچە ھەق بىر ماڭا تۆلەنگەندىمۇ ، بىچارە باستېر ئۈچۈن سەرپ قىلغان يۈرەك قېنىمغا

ھەرگىز ئەرزىمەيدۇ . مەن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەم ، سىز بىلەن ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئۇنىڭ ھاياتى خاراپ بولغان بولاتتى . ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى . مەن ئۇنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىۋېتەتتىم ، ئاغزىمنى ئاچسام‌لا بولدى دېگەن گەپ ! لېكىن ، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېبابەتتە مۇمكىن بولىدىغان ھەرقانداق داۋانى قىلدىم . ئۇنىڭ ئېخچە جان تالىشىپ يۈرەلىشى مەندىن بولغان دېسەم بولىدۇ .

— ئۇ ئۆلسىمۇ بولار ئىكەن ، — دېدى خىستېر پىرون .

— توغرا دەيسىز ، مەزلۇم ، توغرا ، — دەپ توۋلىدى قېرى روج چىللىڭۇورس ، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئەلەم ئوتلىرى كۆزلىرىنى قىپقىزىل قىلىۋەتكەنىدى ، — ئۇ ئۆلسە بولاتتى ! ئۇ تارتقان زۇلۇم ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمىدى ، ئۇ تارتقان زۇلۇمنى ئۇنىڭ ئەڭ يـاۋۇز دۈشـمـىنى تاماشا قىلدى . ئۇمۇ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى سـېزىپ بولدى ، بىر قارغىش كۈچىنىڭ ئۆز ئەتراپىدا پىرقىراپ يـۈرگـىنىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ يۈرەك بېغىشىنى تارتىۋاتقان قـولنىڭ دوستانە قول ئەمەسلىكىنى ، بىر جۈپ كۆزنىڭ ئۇنىڭ روھىنى كولاپ ، رەزىللىك ئىزدەپ ، ئاخىر ئۇنى تاپقانلىقىنى ئۇ ئـاخـىـر بـايـقـاپ يـەتتى . لېكىن ، ئۇ كۆز ۋە قولنىڭ مەندىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ! ئۇمۇ باشقا باستېرلارغا ئوخشاش خۇراپىي بولۇپ ، ئۆزىنى ئالۋاستىغا تاپشۇرۇپ ، تارتىشقا تېگىشلىك ئازابنى قەبرىگە كىرىشتىن ئاۋۋال تارتىۋېلىش خىياللىرى بىلەن مەست . ئـاشـۇ خـۇراپىيلىق دەل مېنىڭ ماكانىم ئەمەسمۇ ! ئۇ ئەسەبىي قىساسنىڭ زەھىرى ئۈچۈن ياشاپ بېرىدىغان كۆنگە چۈشۈپ قالدى . تـوغـرا ، ئۇ خاتالاشمىدى ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئالۋاستى بار ، بۇ ئـالـۋاسـتى ئـىنسان يۈرىكى بار بىرىدىن ئۇنى قىيناش ئۈچۈن ئالۋاستىغا ئايلانغان !

دوخـتـۇر سـۆزلـەيـتـتـى ، ۋەھىمىلىك ئەلپازدا قوللىرىنى كۆتۈرەتتى ، خۇددى ناتونۇش بىر كۆلەڭگە ئەينەكتىن يۈلقۇنۇپ چىقىپ ئۇنىڭ چىرايىنى تالاۋاتقاندەك ئىدى .

— ئۇنى قىينىغىنىڭىز يەتمەمدۇ ؟ — دېدى خىستېر بوۋاينىڭ چىرايىغا تىكىلىپ ، — تۆلەيدىغان بەدەللىرى تېخى تۈگىمىدىمۇ ؟

— ياق ، ياق ! ئۇ قەرزىنى كۆپەيتىۋالدى ! — دېدى دوختۇر ، — توققۇز يىل بۇرۇنقى ھالىتىم ئېسىڭىزدىمۇ ، خىستېر ؟ ئۇ چاغدا ھاياتىم سەممىيلىك ، ئىزدىنىش ، پىكىر قىلىش ، تىنچلىق بىلەن ئۆتەتتى ، ئۆزۈمنى بىلىمگە بېغىشلىغانىدىم ھەم بۇ بىلىملەرنى ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن سەرپ قىلغانىدىم . ھېچكىم مەندەك خاتىرجەم ، ساپ ئەمەس ئىدى ، مەندەك مەنىلىك ياشايدىغانلارمۇ ئاز ئىدى . شۇ ۋاقىتتىكى مېنى بىلەمسىز ؟ سىز مېنى شەپقەتسىز دەيسىز ، ئەمما مەن ئۆزۈمنى ئەمەس ، باشقىلارنى ئويلايتتىمغۇ ؟ ئىللىققۇ ئەمەسمەن ، ئەمما مەن ئاق كۆڭۈل ، سەممىي ، ئادىل ، مۇھەببەتكە سادىق ئەمەسمىدىم ؟ ئەجەبا ، شۇنداق ئەمەسمىدىم ؟

— شۇنداق ، بەلكىم ئۇنىڭدىن چارە ، — دېدى خىستېر .

— قاراڭ ، ئەمدى قانداق بولۇپ قالدىم ؟ — دېدى ئۇ خىستېرغا تىكىلىپ ، — سىزگە ئالۋاستى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقانغۇ ؟ مېنى بۇ ھالغا چۈشۈرگەن كىم ؟

— مەن ! — دېدى خىستېر تىترەپ تۇرۇپ ، — مەن ! مەسئۇلىيىتىم باستېرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن كىچىك ئەمەس . نېمىشقا قىساسىڭىزنى مەندىن ئالمايسىز ؟

— سىزنى قىزىل خەتكە تاپشۇرۇپ بەردىم ، — دېدى روج چىللىڭۋورس ، — ئەگەر قىزىل خەت مېنىڭ دەردىمنى ئېلىپ بەرمىسە باشقا ئىلاجىم يوق !

ئۇ كۆلگىنىچە بارمىقىنى قىزىل خەتكە تەگكۈزدى .

— خەت قىساسىڭىزنى ئېلىپ بەردى ، — دېدى خىستېر پىرون .

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم ، — دېدى دوختۇر ، — ئۇنداقتا ، باستېرغا نېمە قىلىپ بېرىشىم كېرەك ئىدى ؟

— مەن سىزنى ئاشكارىلايمەن ، — دېدى خىستېر ، — ئۇ

سىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىڭىزنى بىلىشى كېرەك . بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ ، بىلمەيمەن ، ئۇزاقتىن بېرى سىر ساقلاپ كېلىپ ئۇنى ۋەيران قىلدىم . مەن بۇ قەرزنى تۆلىشىم لازىم . ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى ، مەرتىۋىسى ، ھەتتا ھاياتى سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشۈپ قالدى . مەن بولسام باشقىچە ، قىزىل خەت خۇددى قىزىق دەزمالدەك يۈرىكىمنى داغلاپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئاخىر مېنى ھەقىقەتكە قايتۇردى . ئۇنىڭ پۇچەك ھاياتىنىڭ داۋام قىلىۋېرىشىنىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىنى ئۇقمايمەن . ئەمدى ئالدىڭىزدا يالۋۇرۇپ ، سىزدىن دىيانەت تىلىمەيمەن . قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ ، بۇنداق قىلىشىڭىز ئۇ ، مەن ۋە بىز ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىسى يوق ، پېرل ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسى يوق . بىزنى بۇ تۇيۇق يولدىن ئېلىپ چىقىدىغان ھېچنېمە يوق !

— سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ ، مەزلۇم ، — دېدى روج چىلىڭۋورس ، خىستېرنىڭ ئۇمىدسىزلىكتىكى قەتئىيلىكى ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاپ قويغانىدى ، — قالتىس تالانت ! باشقا بىرىنىڭ مۇھەببىتىگە بالدۇرراق يولۇققان بولسىڭىز ، بۇنداق رەزىللىك يۈز بەرمىگەن بولاتتى . سىزنىڭ بەربات بولغان گۈزەللىكىڭىزگە ئېچىنىمەن .

— مېنىڭمۇ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ ، — دېدى خىستېر پرون جاۋابەن ، — ئۆچمەنلىك چېۋەر ھەم ئادىل بىر ئىنساننى ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى ! سىز ئۆچمەنلىككە خاتىمە بېرىپ ، يېڭىدىن ئادەم بولۇشنى خالىمامسىز ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن بولمىغاندىمۇ ، ئۆزىڭىز ئۈچۈن شۇنداق قىلسىڭىز بولاتتى . كەڭ قورساقراق بولۇڭ ، ئۇنىڭ ئۇ دۇنيادىكى جاجىسىنى خۇداغا تاپشۇرۇڭ ! بايا دېگەندەك ، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ھېچقايسىمىزغا پايدىسى يوق . بىز ھازىر رەزىللىكنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدا ، گۇناھلىق يوللاردا تېڭىرقاپ يۈرۈپتىمىز . ئىشلار ئۇنداق بولمىسا بولاتتى ، سىز ئۇۋال قىلىنغانچىقا كەچۈرۈم ھوقۇقىغا ئىگە ، سىز بۇنىڭدىن پايدا ئالالايتتىڭىز ، بۇ پايدا ئۆزىڭىزگىلا بولاتتى . مۇشۇنداق بىردىنبىر

ئىمتىيازدىن ۋاز كەچمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ سىز خىراجەتسىز پايدىدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟

— ئاستا، خىستېر، ئاستا! خۇدا ماڭا كەڭ قورساقلىق پەزىلىتىنى بەرمەيتىكەن، مەندە سىز ئېيتقان ئۇ ھوقۇقمۇ يوق. ئەمما، مەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئېتىقاد ئەسلىگە كەلگەندەك قىلىدۇ، كەچمىشلىرىمنى تاسقاپ چىقىشىم كېرەك. بىرىنچى قەدەمدە سىز خاتالىشىپ، رەزىللىك ئۇرۇقىنى چاچتىڭىز، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زەبۇنلۇق كېلىپ چىقتى. مېنى جاراھەتلەندۈرگىنى گۇناھ ئەمەس، بەلكى تېپىك خاتا سېزىم. گەرچە مەن ئالۋاستىنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتقان بولسامۇ، ئالۋاستى ئەمەسمەن. شۇملۇقنىڭ قارا گۈللىرىگە سەل قارىشىمىز بىزنىڭ تەقدىرىمىز. يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى.

ئۇ قولىنى بىر شىلتىپ قويۇپ، گىياھ يىغىشقا تۇتۇندى.

www.uyghurkitap.com

# 15 . خىستېر بىلەن پېرل

شۇنداق قىلىپ ، روج چىللىڭۋورس خىستېر پرونىدىن ئايرىلىپ ئېڭىشكەن پېتى كەتتى ، ئۇ يەر - بۇ يەردىن بىرەر تۇپ گىياھ ياكى يىلتىزنى تېرىۋېلىپ ، سېۋىتىگە سالاتتى . ئۇ شۇ دەرىجىدە ئېڭىشكەنكى ، چار ساقاللىرى يەرگە تېگىپ قالايلا دېگەندى . خىستېر ئۇنىڭ كەينىدىن بىرھازا قاراپ قالدى .

— توغرا بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ، — دېدى خىستېر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ زەردە بىلەن ، — ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن .

ئۇ مۇشۇ خىل ھېسسىياتى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتىيۇ ، ئۇنى توسالمايتتى ياكى ئاجىزلىتالمايتتى . ئۇ بۇنى توسۇش ئۈچۈن يىراق يۇرتىدىكى كەچمىشلىرىنى ئەسلىدى . شۇ ۋاقىتلاردا روج چىللىڭۋورس كەچقۇرۇنلىرى جىمجىت كۇتۇپخانىسىدىن چىقىپ ، تام ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، ئايالىنىڭ شاد - خۇرام بەختىگە ئەسىر بولاتتى . ئۇ : «تەبەسسۇمىڭدىن ئۆزۈمنى ئىللىتىپ ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەنھا ئىلىم تەھسىل قىلىش داۋامىدا جۇغلىنىپ قالغان سوغۇق مىزاجلىرىمنى يوقىتىشقا موھتاجمەن» دەيتتى . بۇ مەنزىرىنى بەختىنىڭ ئىپادىسى دېمەي بولمايتتى ، ئەمدىلىكتە ، بۇ ئەسلىمە خىستېرنىڭ كېيىنكى تراگېدىيىسىنىڭ تەسىرىدە بىھەززە ، خۇنۇك بىر مەزمۇنغا ئايلىنىپ قالدى . ئۇ بۇنداق ھالەتنىڭ قانداقسىگە شەكىللىنىپ قالغانلىقىدىن ، ئۆزىنىڭ قانداقسىگە ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ قالغانلىقىدىن ھەيران ئىدى ! «توۋا ، — دەيتتى ئۇ ، — ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ مېھرىسىز قوللىرىنى تۇتۇپتىمەن ، كۆزلىرىم ۋە لەۋلىرىمدىكى تەبەسسۇملىرىم بىلەن ئۇنى ئەملەپتىمەن ، مانا بۇ ئۆكۈنچلۈك گۇناھقۇ ! روج

چىلىنگۇورس مېنى خاتا باشلاپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ئۆزىنىلا بەخت دەپ ئويلايدىغان قىلىپ قويۇپتۇ، بۇ كېيىنكى دەردلەردىنمۇ ئېغىر دەرد ئەمەسمۇ؟»

— شۇنداق، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن، — دېدى خىستىېر يەنە ئېغىر تىنىپ، — ئۇ مېنى ھالاك قىلدى، ئۇنىڭ دەردى مەن ئۇنىڭغا يەتكۈزگەن ئەلەمدىن كۆپ ئېغىر!

ئىكاھتا ئاياللارنىڭ ماقۇللۇقىغا ئېرىشكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ قېتىدىكى ھېسسىياتقا ئېرىشەلمىگەن ئەرلەرگە لەنەت! ئۇ روج چىلىنگۇورسنىڭ شۇمشەيگەن قارىشىغا قاراپ تۇرغىنىدا بىر كەيپىيات كۆڭلىدىن كەچكەن، خىستىېرنىڭ يۈرىكىدە خىرە نۇر پەيدا بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا تەن ئالمايدىغان بىر قاراشنى تونۇتقانىدى، ئۇ بولسىمۇ تۇۋا قىلىش ئىدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، خىستىېر بالىسىنى چاقىردى.

— پېرل، پېرل! سەن نەدە؟

كەپسىز پېرل ئانىسى دورىگەر بوۋاي بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئويۇن بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دېڭىز چۆپلىرىدىن ئۆزىگە شارپا ھەم گۈلچەمبىرەك ياساپ ئۆزىنى ئادەمبېلىقتەك قىلىۋالغانىدى. كىچىك پېرل دېڭىز يۇسۇنلىرىدىن ياسالغان ئادەمبېلىق كىيىمىنىڭ ئاخىرقى بېزەكلىرىنى پۈتتۈرۈۋاتقانىدى؛ ئۇ مەيدىسىگە ئانىسىنىڭ كىيىمىنى دوراپ ئالاھىدە بىر زىنەتنى چىقارغانىدى، ئۇ A ھەرپى بولۇپ، ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغىنى ئۇ يېشىل ئىدى! بالا ئېڭىكىنى مەيدىسىگە تىرەپ، مەيدىسىدىكى نەرسىگە قىزىقىپ قارايتتى، گويا شۇ ھەرپنىڭ ئاپىرىدە بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى يېشىشى ئۈچۈندەكلا!

«ئاپام بۇنىڭ مەنىسىنى سوراپ قالارمۇ؟» دەپ ئويلىدى پېرل.

ئۇ ئانىسىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، دېڭىز قۇشىدەك جەۋلان قىلىپ خىستىېرنىڭ ئالدىغا باردى ۋە تاقلاپ تۇرۇپ مەيدىسىدىكى بەلگىنى كۆرسەتتى.



www.uyghurkitap.com

— پېرل، — دېدى خىستېر ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — سەندەك سەبىي بالا ئۇنداق يېشىل خەت تاقىۋالسا، ئۇنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. بالام، ئاپاڭنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنىڭ مەنىسىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، ئاپا، ئۇ دېگەن A ھەرپى، ئۇنى سەن ئېلىپبەدە ماڭا ئۆگەتكەن.

خىستېر بالىسىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى، بالىسىنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن ئۇنى چۈشىنىشكە بولغان ئادەتتىن تاشقىرى تەشنالىق چىقىپ تۇراتتى.

— بالام، ئاپاڭنىڭ نېمە ئۈچۈن A ھەرپىنى تاقىۋالىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى پېرل چاقناپ تۇرغان كۆزىنى ئانىسىغا تىكىپ، — بۇ باستېرنىڭ مەيدىسىنى تۇتۇۋېلىشى بىلەن ئوخشاش ئىش!

— ئۇنداقتا، ئۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى خىستېر، باشتا ئۇ بالىسىنىڭ جاۋابى بىمەنە تۇيۇلۇپ كۈلدىيۇ، يەنە بىر ئويلاپ بېقىپلا تاتىرىپ كەتتى، — بۇ ھەرپىنىڭ مېنىڭ يۈرىكىمدىن باشقا يەنە باشقىلارنىڭ يۈرىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟

— بىلمەيمەن، ئاپا، بىلىدىغانلىرىمنى ئېيتتىم، — دېدى پېرل. ئۇ باشقا چاغدىكىدىن ئەستايىدىل ئىدى، — بايا سەن بىلەن پاراڭلاشقان بوۋايدىن سوراپ باققىن، ئۇ بىلىشى مۇمكىن! راستىنى دېسەم، ئوبدان ئاپا، قىزىل خەتنىڭ زادى نېمە مەنىسى بار؟ نېمە ئۈچۈن مەيدەڭگە تاقىۋالىسەن؟ نېمە ئۈچۈن باستېرمۇ مەيدىسىنى تۇتۇۋالىدۇ؟ شۇلارنى بىلگۈم بار.

پېرل ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىگە ئەستايىدىل قارىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا خىستېرنىڭ خىيالىدىن بىر ئوي كەچتى: بۇ بالا ئۆزىنىڭ بالىلىق ئىشەنچلىرى بىلەن ماڭا يېقىنلىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئەقلى يار بەرگەن دائىرىدە ھېسداشلىق ھالقىسىنى قۇرۇپ چىقىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بۇلار

www.uyghurkitap.com

پېرلىنىڭ باشقا بىر يۈزىنى كۆرسىتىدۇ . پېرلىنىڭ ياۋا خاراكتېرىدىن ئەمدىلا ئۆزىنى نامايان قىلىشقا باشلىغان ياكى باشتىلا مەۋجۇت بولۇش ئېھتىمالى بولغان تايماس ، يانماس مۆجىزىنى ، پۈكۈلمەس ئىرادىنى ، غۇرۇرغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان مەغرۇرلۇقنى كۆرگىلى بولىدۇ . ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن زىيادە سەل قاراش بولۇپ ، تازا ئىنچىكە قارىسا ساختىلىق باردەك قىلاتتى . غورىدەك قىرتاق بولسىمۇ ، تېخى ئۇنىڭدا مول ھېسسىيات بار ئىدى . خىستېر ئويلىدىكى ، شەيتاندەك بۇ بالىدا نۇرغۇن ساپ مىجەز بار ئىدى . مۇبادا ئېسىل سۈپەت ئاياللاردىن بولۇپ يېتىلمىسە ، ئانىسىنىڭ ناچار ئۇدۇمىنى ئېلىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ .

پېرلىنىڭ قىزىل خەتنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولۇشى ئۇنىڭ ئىچكى تەبىئىتىدىن بولغانىدى . ئۇ ئىش ئۇقۇقاندىن باشلاپلا ئۇنى بىلىشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قاتارىدا كۆرىدىغان بولدى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىستېر شۇنداق ئويلىدى : خۇدانىڭ بۇ بالىغا ئاشۇنداق خاھىشنى بېرىشى «يامانغا جازا ، ياخشىغا پاناھ» دېگەن قائىدىنىڭ نامايان بولۇشى بولسا كېرەك . تېخى يېقىندىلا خىستېر بالىنىڭ ئاشۇنداق مىجەزدە بولۇشى خۇدانىڭ شاپائىتى ۋە مېھرىدىن بولغان ئوخشىمامدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى . پېرلنى پانىي دۇنيادىكى بالا ، روھىي دۇنيادىكى پەرىشتە دەپ قاراپ ، ئىشەنچ ۋە سەمىمىيلىك يەتكۈزگەندە ، ئاندىن ئۇ ئانىسىنىڭ قەبرىگە ئايلىنىپ كەتكەن يۈرىكىنى تازىلاپ ، ئانىسىنىڭ بىر مەھەل ئەسەبىيلىشىپ ، تېخى ئۆلمىگەن ياكى گۆردەك يۈرەكتە ئۇيقۇداپ ياتقان ھېسسىياتىنى تىزگىنلىشىگە ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ .

— بۇ خەتنىڭ مەنىسى زادى نېمە ، ئاپا ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى تاقىۋالىسەن ؟ باستېر نېمىشقا مەيدىسىنى تۇتۇۋالىدۇ ؟

«نېمە دېسەم بولار ؟ — دەپ ئويلىدى خىستېر ، — بولمايدۇ ، بالىنىڭ ھېسداشلىقىنى دەپ بۇنداق بەدەل تۆلىسەم بولمايدۇ» .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېپىنى باشلىدى :

— ئەخمەق بالام، — دېدى خىستېر، — قانداق سوئال بۇ؟ جاھاندا كىچىك باللار بىلمىسىمۇ بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، باستېرنىڭ ئىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ قىزىل خەتنى بولسا مەن چىرايلىقكەن دەپ تاقىۋالغان.

يەتتە يىلدىن بېرى خىستېر پرون مەيدىسىدىكى بەلگە توغرۇلۇق بۇنداق يالغان سۆزلەپ باقمىغانىدى. ئۇ قىزىل خەت قارغىشلىق بەلگە بولسىمۇ، تۇمارلىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە ئىدى. ئەمدى بولسا بۇ تۇمارلىق خۇسۇسىيەت ئۇنى تاشلىۋەتتى، ئۇ بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، قىزىل خەت مەيدىسىدە شۇ پېتى تۇرسىمۇ، يېڭى بىر رەزىللىكنى سادىر قىلىۋاتاتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، كونا رەزىللىك پۈتۈنلەي يوقالمىغانىدى. پېرلچۇ؟ پېرلنىڭ چىرايىدىكى سەممىيەت شۇ ھامان غايىب بولدى.

بالا ئاسانلا بولدى قىلىۋەتمىدى. ئۇ يولدا سورىدى، تاماق ۋاقتىدا سورىدى، ئۇخلاش ۋاقتىدا سورىدى، ھەتتا چۈشەكەپ تۇرۇپمۇ سورىدى. پېرل بېشىنى كۆتۈرگەندە، قاپقارا كۆزلىرىدىن كەپسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئاپا، — دېدى ئۇ، — بۇ قىزىل خەتنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟

ئەتىسى ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپلا باشقا بىر سوئالنى سورىدى:

— ئاپا، ئاپا، باستېر مەيدىسىنى نېمىشقا تۇتۇۋالىدۇ؟

— ئاغزىڭنى يۇم، شۇمتەك! — دېدى ئانىسى كەسكىن ھالدا. ئۇ بۇرۇن ئۇنداق دەپ باقمىغانىدى، — مېنى بىزار قىلما، بولمىسا ئىشكاپقا سولاپ قويىمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 16 . ئورماندىكى سەيلە

خىستىر پىرون ئۆزىنى ھەرقانداق ئازاب ياكى ئاقىۋەت ، خەۋپ ـ خەتەر كۈتۈپ تۇرغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، دىمىسدېل ئەپەندىگە ئۇنىڭ قېشىدىكى ئادەمنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى پاش قىلماقچى بولدى . خىستىر باستېرنىڭ يېرىم ئارال ساھىلىنى بويلاپ ياكى يېقىن ئەتراپتىكى قىشلاق ئورمانلىرىنى ئارىلاپ تەپەككۇر قىلىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ياخشى بىلەتتى . ئۇدا نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ باستېر بىلەن پاراڭلىشىدىغان پۇرسەتنى تاپالمىدى . ئەلۋەتتە ، ئۇ باستېرنىڭ كۇتۇپخانىسىغا بارغان بولسا ، سۆز ـ چۆچەك چىقىپمۇ كەتمەيتتى ، ئۇنىڭ پاك نامىشەرىپىگە تەسىر يېتىپمۇ كەتمەيتتى ، چۈنكى باستېرنىڭ كۇتۇپخانىسىغا نۇرغۇن كىشىلەر توۋا قىلغىلى باراتتى ، ئۇلار ئىقرار قىلغان گۇناھتىن ئېغىرلىقى قىزىل خەت ۋەكىللىك قىلغان گۇناھتىن قېلىشمايتتى . ئۇ روج چىللىڭۇورسىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا رەۋىشتە كاشىلا قىلىشىدىن ئەنسىرەيتتى ، ئۇنىڭ ئۇستىگە باشقىلار ھېچنېمە دېمىگەندىمۇ ، ئۆزىنىڭ خۇدۇكى بار ئىدى . باستېر بىلەن ئۇنىڭ پارىڭىغا نىسبەتەن دالا ھاۋاسى زۆرۈردەك قىلاتتى ، شۇڭلاشقا ئۇ تار خۇسۇسىي خانىدە ئەمەس ، ئوچۇق يەردە ئۇچرىشىشنى لايىق تاپتى .

بىر كۈنى خىستىر بىر بىمارنىڭ ئۆيىگە باردى ، ئۇ دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ بۇ ئۆيگە ئالدىنقى كۈنى كېلىپ تىلاۋەت قىلىپ بولۇپ ، ئىندىئان مۇخلىسلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان دىن تارقاتقۇچى ئېلىئوتنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى . ئۇ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قايتىپ كېلەرمىش . ئەتىسى خىستىر بالىسىنى ئېلىپ شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇللاپ يولغا چىقتى .

ئـانـا ـ بالا ئىككـىسى يـېرىم ئـارالدىن چوڭ قۇرۇقلۇققا كىرگەندە ، بىر چىغىر يول كۆرۈندى ، بۇ ئەگرى ـ بۈگرى يول سىرلىق ئىپتىدائىي ئورمانغا كىرىپ كەتكەنىدى . چىغىر يولنىڭ ئـىـكـكى قاسنىقىدا بۈككىدە دەرەخ بولۇپ ، ئاسماننى كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ بەئەينى خىستېر بېسىپ كەلگەن ئەخلاقىي دۇنيانىڭ دەل ئۆزى ئىدى . ھاۋا تۇتۇق ھەم سوغۇق ، كۈل رەڭ بۇلۇتلار بـىـلـەن قـاپلانغان ئاسماندا كېزىپ يۈرگەن شاماللار بۇلۇتلارنى سىيپاپ ، كۈن نۇرىنى ئايان قىلاتتى ، يېگانە چىغىر يول ئاپتاپتا غىل ـ پال جـۇلالىنىـپ قـالاتتـى . بۇنداق كۆڭۈللۈك مەنزىرە ئورماننىڭ خىلۋەت چېتىدە چاقناپ قالاتتى . تۇتۇق ھاۋادا جىلۋە قـىـلـغـان كۈن نۇرى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ ، يېقىنلاشقانسېرى يـىـراقـلايـتـتـى ، ئۇلار كۈن نۇرى چۈشكەن يەرنىڭ يورۇقراق بـولـۇشـىـنـى ئـۈمىد قىلاتتىيۇ ، يېقىنلاپ بارغاندا خىرە بولۇپ چىقاتتى .

— ئـاپا ، — دېدى پېرل ، — قۇياش نۇرى سېنى ياخشى كـۆرمـەيـدىـكـەن ، ئـۇ مـەيـدەڭـدىكى قىزىل بەلگىدىن قورقۇپ قېچىۋاتىدۇ . قارا ، ئۇ قېچىۋاتىدۇ ، مەن ئۇنى تۇتۇۋالىمەن . مەن دېگەن كىچىك بالا ، ئۇ مەندىن قاچمايدۇ ، چۈنكى مەن ھېچنېمە تاقىمىدىم .

— بالام ، سېنى پەرۋەردىگار ساقلىغاي ، — دېدى خىستېر .

— نـېـمـىـشـقا تاقىمايمەن ، ئاپا ؟ — سورىدى پېرل ، ئۇ يۈگـۈرۈشكە تەمشىلىۋېتىپ ، بىردىنلا توختىدى ، — مەن چوڭ بولغاندا ئۇ ئۆزى پەيدا بولامدۇ ؟

— تېز بول ، بالام ، — دېدى خىستېر جاۋابەن ، — كۈن نۇرىنى تۇتۇۋال ، بولمىسا ، ئۇ قېچىپ كېتىدۇ .

پېرل يۈگۈرۈپ كەتتى ، خىستېر كۈلگىنىچە قاراپ قالدى ، ئۇ كۈن نۇرىنى راستتىنلا تۇتۇۋالدى ـ دە ، كۈن نۇرىغا چۈمۈلگەن ھـالدا بـولـۇشـىچە كۈلدى ، كۈن نۇرى ئۇنىڭ يۈگۈرۈشلىرىگە ئەگىشىپ جۇلالاپ كېتەتتى .

— ئەمدى ئۇ كېتىپ قالىدىغان بولدى، — دېدى پېرل بېشىنى چايقاپ.

— قارا، — دېدى خېستېر كۈلۈپ، — مەن قولۇمنى سوزسام ئۇنى تۇتۇۋالالايمەن.

ئۇ دېگىنىدەك قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، كۈن نۇرى غايىپ بولدى. ئۇ پېرلنىڭ چاقناپ تۇرغان چېھرىگە قاراپ، بالام ھەممە ئاپتاپنى ئىچىۋېلىپ، قاراڭغۇلۇقتىكى چىغىر يولغا كەلگەندە نۇرنى قايتۇرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— بېرى كەل، بالام، — دېدى خېستېر ۋە پېرل كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرغان يەردە تۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى، — ئورماندا ئولتۇرۇپ، بىردەم ئارام ئالايلى.

— ھارمىدىم، ئاپا، — دېدى قىزچاق، — ھېكايە ئېيتىپ بەرسەڭ ئولتۇرىمەن.

— ھېكايە؟ نېمە توغرۇلۇق؟

— نېگىر ئەر توغرۇلۇق، — دېدى پېرل، ئۇ ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، سەمىمىي ۋە كەسكىن كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكتى، — تۆمۈر قىسقۇچى بار يوغان كىتابنى كۆتۈرۈۋالغان شۇ ئادەملەرنى قان بىلەن ئورماندىكى يۈرۈشلىرىنى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئۇچرىغان ئادەملەرنى قان بىلەن ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلىغىنىنى، ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە بەلگە سالغانلىقىنى دەپ بەر! ئاپا، سەن ئۇ سەت نېگىرنى ئۇچراتقانمۇ؟

— بۇ ھېكايىلەرنى ساڭا كىم ئېيتىپ بەرگەن، پېرل؟

— تۈنۈگۈن سەن ياردەملەشكىلى بارغان ئۆيدىكى موماي ئېيتقان. ئۇ بىر بۇلۇڭدىكى ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئېيتقانىدى، ئۇ چاغدا ئۇ مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مىڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۇچراپ، ئىمزا قويۇپ، مەيدىسىگە بەلگە سالدۇرغانىكەن، ئەسكى ھىببىنس خانىممۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇ مومايىنىڭ دېيىشىچە، ماۋۇ قىزىل خەتمۇ ئاشۇ نېگىردىن ساڭا قالغانىكەن، كېچىدە ئورماندا ئۇ ئادەمگە يولۇقۇپ قالساڭ،

قىزىل خەت ئوتتەك يېلىنجاپ كېتىدىكەن. راستمۇ، ئاپا؟ راستتىنلا كېچىدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بارامسەن؟

— سەن كېچىلىرى مېنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىمنى كۆرگەنمۇ؟

— ئېسىمدە يوق. يالغۇز قالمىسۇن دېسەڭ، مېنى ئېلىۋالساڭ بولاتتىغۇ، مەن بەك خۇشال بولاتتىم! دېگىنە، ئاپا، راستتىنلا شۇنداق نېگىر ئەر بولغانمۇ؟ سەن ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ بۇ قىزىل خەت ئۇنىڭ بەلگىسىمۇ؟

— ئۇنى دەپ بەرسەم، مېنى ئارامىمدا قويارسەنمۇ؟

— قويىمەن، لېكىن تولۇق دەپ بەر.

— هازىرغا قەدەر ئۇ نېگىر ئەرنى پەقەت بىرلا قېتىم كۆردۈم، بۇ قىزىل خەت ئۇنىڭ بەلگىسى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى پاراڭلاشقان پېتى ئورمانىنىڭ بىر تۆپۈق يېرىگە كىردى. بۇ يەر شۇنداق بىخەتەر بولۇپ، يولدىن ئۆتكەنلەر ئۇلارنى كۆرمەيتتى. ئۇلار بىر دۆۋە قويۇق مۇخ ئۈستىدە ئولتۇردى، بۇ يەر كىچىك بىر جىرا ئىدى.

— هەي، ئېرىق! بىزەڭ ئېرىق! — دېدى پېرل سۇنىڭ شىلدىرلىشىنى ئاڭلاپ، — كۆڭلۈڭ نېمىشقا مەيۈس؟ چاققان بول، ئاه ئۇرۇپ نېمە قىلىسەن! هەسرەتلىك ئېرىق نېمە دەۋاتىدۇ، ئاپا؟

— ئەگەر سەن هەسرەتلىك بولساڭ، ئېرىقمۇ دەردىنى تۆكۈپ بېرىدۇ، خۇددى مېنىڭ دەردىمنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك. پېرل، هازىر مەن بىر ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاۋاتىمەن، بىرى شاخلارنى قايرىۋاتىدۇ، سەن ئويۇنۇڭنى ئويناپ تۇر، مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاي.

— هېلىقى نېگىر شۇمۇ؟

— ئوينىساڭچۇ، بالام، بەك يىراققا كەتمە. پەخەس بول، چاقىرغان هامان قايتىپ كەل.

— ماقۇل، ئاپا، ئەگەر ئۇ هېلىقى نېگىر بولسا، ئۇنى هەم

www.uyghurkitap.com

يوغان دەپتىرىنى بىر كۆرۈۋالسام بولامدۇ؟

— ماڭە ، ئەخمەق قىز ، — دېدى ئانىسى تاقەتسىزلىنىپ ، — ئۇ ھېلىقى نېگىر ئەمەس ، سەن ئۇنى كۆرسەن ، كېلىۋاتقىنى باستېر .

— ھە ، ئۇمىدى؟ ئاپا ، ئۇ مەيدىسىنى تۇتۇۋاپتۇ ! باستېر ئىمزا قويغاندا ، نېگىر ئاشۇ يەرگە بەلگە قويۇپتىكەنمۇ؟ ئۇنىڭ بەلگىسى نېمىشقا سىنىڭكىدەك تېشىدا ئەمەس؟

— ئەمدى كەت ، بالام ، بىردەمدىن كېيىن كەل ، — دېدى خىستىر ۋارقىراپ ، — بەك نېرىغا كەتمە ، سۇنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىيالىغۇدەك يەردە ئوينا .

بالا ئىېقىنىنى بويلاپ ناخشا ئېيتقىنىچە كېتىپ قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشخۇي ئاۋازىنى ئېقىننىڭ مۆڭلىرىغا قوشۇۋېتەي دېگەن بولسا كېرەك ، ئېقىن سۇ تەسەللىگە ئېرىشمىگەندەك قىلاتتى . ئۇ غەمكىن ئورماندا يۈز بەرگەن ھەسرەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەۋاتقاندەك ، يۈز بەرگۈسى غەشلىك سىرلارنى سۆزلەپ تىنىمسىز ئاقاتتى . قىسقىغىنا ھاياتىدا كۆڭۈلسىز ئىشلارنى جىق كۆرگەن پېرل غەمكىن ئېقىن بىلەن سۆزلىشىشنى بولدى قىلدى . ئۇ رۇخسىگۈل ۋە باشقا چېچەكلەر ھەمدە يوغان تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئۆسكەن قارا قوغۇرلارنى تېرىشكە بېرىلىپ كەتتى .

خىستىر كەپسىز قىزنى يولغا سېلىۋېتىپ ، ئورماندىكى چىغىر يولغا چىقىپ ئىككى قەدەم ماڭدى . ئورمان قاراڭغۇ ئىدى . ئۇ يالغۇز كېلىۋاتقان باستېرنى كۆردى . باستېر بىر تاياقنى قولىغا ئېلىۋالغانىدى ، ھالسىز ھەم چۈشكۈن ئىدى . بۇ ھالەتنى ئادەتتىكى چاغلاردا كۆرگىلى بولمايتتى ، بۇ خىلۋەت ئورماندا ئادەمگە بېسىم قىلىدىغان دەرەختىن باشقا ھېچ نەرسە يوق بولۇپ ، ئۇنىڭ چۈشكۈن قىياپىتىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى ، بۇ ھال كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى . ئۇ روھسىز بولۇپ ، قەدەملىرى ئېغىر ئىدى . ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بىرەر قەدەم ئېلىشنىمۇ خالىمىغاندەك كۆرۈنەتتى . بەلكىم دەرەخ تۈۋىدە ھېچنېمە قىلماي

يېتىش ئۇ خۇشال بولىدىغان بىردىنبىر ئىش بولسا كېرەك . ئۇنىڭ بەستىگە غازاڭلار چۈشۈپ ، توزانلار قونانتى ، توپا باسقان ۋۇجۇدىدا ھاياتلىق يوقتەكلا ئىدى . ئۆلۈم ئېنىق مەنزىل بولۇپ ، ئۇنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى .

پېرل ئېيتقاندەك ، دىمىسدېل ئەپەندى مەيدىسىنى تۇتۇۋالغانىدى ، ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ باستىردا ئارتۇقچە ئازاب ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 17 . باستىبر ۋە مۇرىت

باستىبرنىڭ مىڭىشى شۇنچە ئاستا بولسىمۇ تاكى يىنىدىن ئۆتمىگۈچە ، خىستىبر ئۇنى چاقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى .

— ئارتور دىمىسدىل ! — چاقىردى خىستىبر ، ئۇنىڭ ئاۋازى باشتا پەس بولدى . كېيىن ئۆزىنى قويۇۋەتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا بوغۇق ئىدى ، — ئارتور دىمىسدىل !

— كىم ؟ — باستىبر چۆچۈگەندەك بولۇپ ، ئاندىن گويا مۇشۇ ھالىتىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمىغاندەك ئۆزىنى رۇسلىدى . دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى ، دەرەخ ئارىسىدىكى بىر كۆلەڭگىنى كۆردى ، تۇتۇق رەڭدىكى كىيىمنى دەرەخ سايىسىدا روشەن ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى ، باستىبر ئۇ زادى بىر ئايالمۇ ياكى كۆلەڭگىمۇ ئايرىيالماي قالدى . ھايات مۇساپىسىدە مۇشۇنداق بىر ئەرۋاھ ئۇنى ھەمىشە ئاۋارە قىلىپ كەلگەنىدى .

ئۇ ئالدىغا ئازراق مېڭىپ ، قىزىل خەتنى كۆردى .

— خىستىبر ! خىستىبر پرون ! — دېدى ئۇ ، — بۇ سىزمۇ ؟ سىز ھاياتمۇ ؟

— شۇنداق ! — دېدى خىستىبر ، — مەن مۇشۇنداق ياشىغىلى يەتتە يىل بولدى . سىزچۇ ، ئارتور دىمىسدىل ، سىز ھاياتمۇ ؟

باستىبرنىڭ كۆزلىرى خىستىبرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى .

— خىستىبر ، ئەمىنلىك تاپتىڭىزمۇ ؟

خىستىبر ئاچچىق كۈلۈۋېتىپ مەيدىسىگە قارىدى .

— سىزچۇ ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

— ياق ، ئۈمىدسىزلىك ، يەنە ئۈمىدسىزلىك ، — دېدى باستىبر ، — مۇشۇنداق تۇرمۇشتىكى ئادەمدە ئەمىنلىك نىمە ئۈمىد قىلسۇن ؟ ئەگەر بىر دەھرىي بولغان بولسام ، ۋىجدانىم يوق بولغان بولسا ، قوپال بىر لۈكچەك بولغان بولسام ، كۆڭلۈم ئاللىبۇرۇن

ئارام تاپقان بولاتتى . ياق ، مەن ۋىجدانىمنى يوقاتسام بولمايدۇ . روھىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مەندە قانداق پەزىلەت بولسۇن ، خۇدا ماڭا ئاتا قىلغان بارلىق ئېسىل خىسلەتلەر يۈرىكىمنى تاتىلايدىغان نەرسىلەرگە ئايلاندى . خىستېر ، مەن بەك ئازاب تارتتىم .

— كىشىلەر سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ ، سىز ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىۋاتىسىز ، ئەجەبا ، بۇ سىزگە تەسەللى ئەمەسمۇ ؟

— تېخىمۇ ئازاب ، خىستېر ! بەتتەر ئازاب ! — دېدى باستېر ئاچچىق كۈلۈپ ، — ئۇنداق يۈزەكى ئىشلارغا ئىخلاسىم يوق ، ئۇلار پەقەت بىر تۇيغۇ . روھى كاردىن چىققان مەندەك بىر ئادەم باشقىلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزۇشقا دالدا بولالامدۇ ؟ خۇداغا بىھۆرمەتلىك قىلغان روھ باشقىلارنى پاكلىيالامدۇ ؟ مۇمكىن بولسا ، ماڭا بولغان ھۆرمەت نەپرەت ۋە كەمسىتىشكە ئايلىنىپ كەتسىكەن دەيمەن . قۇتبىدا نائىلاج ھالدا تۇرۇپ چىرايىمدىن جەننەت ئىزدىگەن كىشىلەرگە قارايمەن ! ھەقىقەتكە تەشنا ئاشۇ ناتىۋان قويلار سۆزۈمنى تىڭشاۋاتقاندا ، ئاغزىمغا ئوت كەتكەندەك بولىدۇ ! ئۆزۈمنىڭ رەزىل قىياپىتى ئۆزۈمگە ئايان ! خىستېر ، سىز بۇنى تەسەللى دەپ قارامسىز ؟ ئىچىم بىلەن تېشىمنىڭ بىردەك بولمىغانلىقىنى ئەلەملىك كۈلكەم بىلەن مەسخىرە قىلدىم ! شەيتانمۇ مېنى ئاشۇنداق مەسخىرە قىلىدۇ !

— بۇ جەھەتتە ، ئۆزىڭىزگە ئۇۋال قىلدىڭىز ، — دېدى خىستېر مېھىر بىلەن ، — سىز چوڭقۇر ھەم كەسكىن تۇۋا قىلدىڭىز ، گۇناھلىرىڭىز ئالللىبۇرۇن ساقىت بولۇپ بولدى . سىزنىڭ ھازىرقى ھاياتىڭىز كىشىلەر ئويلىغاندىنمۇ مۇقەددەس . ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ ، تۇۋا قىلىۋاتقىنىڭىز راستقۇ ؟ نېمىشقا ئەمىن تاپمىغۇدەكسىز ؟

— ياق ، خىستېر ، ياق ! ھەقىقىي نەرسە يوق ! ئۇلار ئۆلۈك ، تىمتاس ، پايدىسىز نەرسىلەر ! تۇۋا قىلىشنىغۇ جىق قىلدىم ، لېكىن پايدىسى بولمىدى . بولمىسا مۇقەددەسلىكنىڭ ئاتالمىش تونىنى

سىلىپ تاشلاپ، خۇددى قىيامەت كۈنىدىكىدەك ئۆزۈمنى سازايى قىلغان بولاتتىم ئەمەسمۇ؟! سىز تەلەيلىك خىستىر، چۈنكى سىز قىزىل خەتنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تاقاپ يۈرۈۋاتىسىز! مەندىكى قىزىل خەت بولسا پىنھان كۆيىدۇ! سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىزكى، يەتتە يىللىق ئالدامچىلىقنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ يۈرگىنىمدە، بىرەرى مېنىڭ ماھىيىتىمنى چۈشەنگەن بولسا، يېنىكلەپ قالاتتىم. بىرەر دوستۇم ياكى رەزىل دۈشمىنىم بولۇپ، ماختاشقا سازاۋەر بولۇپ ئازابلانغاندىن كۆرە ئۇلارغا ئىچىمنى تۆكۈپ، رەزىل ئەپتىمنى دەۋالغان بولسام روھىم ياشىرىپ كېتەتتى ئەمەسمۇ؟ ئازراق سەممىيلىك بولسىلا قۇتۇلۇپ قالاتتىم! مانا ھازىر ھەممە نەرسە ساختا، پۇچەك، ئۆلۈك!

خىستىر پرون ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ خىلمۇخىل گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ دەردلىك ئىزھارى كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى تۆكۈشكە پۇرسەت بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ قورقۇنچىنى يېڭىپ ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— سىز ئارزۇ قىلغان دوستلۇققا ۋە دەرد تۆكىدىغان ھەمراھقا مەن لايىق كەلمەمدىم، مەن سىزنىڭ گۇناھى شېرىكىڭىز ئەمەسمۇ! — خىستىر ئازراق ئىككىلىنىپ، گېپىنى يەنە داۋام ئەتتى، — سىز دۈشمەنگە ئاللىبۇرۇن ئېرىشىپ بولدىڭىز، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىسىز!

باستىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ نەپەسلەندى، خۇددى يۈرىكىدىن بىر نەرسىنى تارتىپ چىقىرىدىغاندەك مەيدىسىنى چىڭ قاماللىۋالدى:

— نېمە دېدىڭىز؟ دۈشمەن؟ مەن بىلەن بىللە؟ قانداق گەپ بۇ؟

خىستىر پرون بۇ بەختسىز ئەرنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى، بۇنىڭغا خىستىر سەۋەبچى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ ئاشۇنداق شوم غەرەزلىك ئادەمنىڭ ئۆزۈن يىل ئەمەس، بىر دەقىقە بولسىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشىغا



www.uyghurkitap.com

يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى . خىستېر بۇ ئىشنى بىر مەھەل ئانچە ئويلاپ كەتمىگەنىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئازاب بەندىسى ئىدى ، شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ كۆلپەتلىرىنى ئۆزىنىڭكىدىن يېنىك ئويلاپ ، ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەنىدى . ئاشۇ ئۇيقۇلۇق تۈن سەيلىسىدىن بېرى ، باستېرغا تولۇق ھېسداشلىق پەيدا بولغانىدى . ھازىر ھەممە ئىش سۈزۈلدى ، شەكسىزكى ، روج چىللىڭۋورس كېچە ـ كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدا يۈرۈپ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان زەھەرخەندىلىكى بىلەن باستېرنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ دوختۇرلۇق سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭ جىسمى ۋە روھىغا تەسىر كۆرسىتىپ ، ياۋۇز مەقسىتىگە يەتمەكتە ئىدى . نەتىجىدە ، ئازابلانغۇچىنىڭ ۋىجدانى بىئارام بولۇپ ، سالامەتلىكى ۋە مەنىۋى ھاياتى كاردىن چىقىۋاتاتتى . ئۇنىڭ نېرۋىسى ئادىشىپ ، «ھەق» ۋە «ياخشىلىق» تىن جۇدا بولاتتى . ئۇنىڭ ئەمدىكى ئىپادىسى غالجىرلىق بولاتتى .

مانا بۇ خىستېرنىڭ بۇ ئەرگە ئېلىپ كەلگەن تالاپىتى . ئۇ ئەر بىر چاغلاردىن باشلاپ ، ھەي ، نېمىشقا تۈزلا دەيدىغاندىمىز ، ھازىرغا قەدەر سۆيۈپ كەلگەن ئەر ئىدى . خىستېر شۇنداق ھېس قىلدىكى ، يېقىندا روج چىللىڭۋورسقا دېگىنىدەك ، باستېرنىڭ نامىشەرىپىنى قۇربان قىلىش ، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاراپ تۇرۇشمۇ روج چىللىڭۋورسنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىقتىن كۆپ ياخشى ئىكەندۇق . ئەمدى بۇ سەۋەنلىكنى ئىقرار قىلىشقا قارىغاندا ، ئورماندىكى غازاڭلاردا يېتىپ ئارتور دىمىسدېلنىڭ يېنىدا جان بېرىش خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى .

— ئاھ ، ئارتور ، — دەپ توۋلىدى خىستېر ، — مېنى كەچۈرۈڭ ! نېمىلا بولسۇن ، باشتىن ـ ئاخىر سەممىمي ئادەم بولۇشقا تىرىشتىم ! سەممىيلىك مەن ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر پەزىلەت ، ھەرقانچە قىيىنچىلىقتىمۇ مۇشۇ پەزىلەتنى ساقلاپ قالالايمەن . پەقەت سىزنىڭ مەنپەئەتىڭىز ، ھاياتىڭىز ، نامشەرىپىڭىز خىرىسقا ئۇچرىسا ، مەن سەممىيلىكنى تاشلاپ ، ئالدامچىلىق ۋاستىسىنى ئىشقا سالدىم . ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ

www.uyghurkitap.com

كەلگەندىمۇ يالغانچىلىق قىلىش ياخشى ئەمەس ئىدى ! دېمەكچى بولغىنىمنى تېخى چۈشەنمىدىڭىزمۇ ؟ ھېلىقى بوۋاي ، ھېلىقى دوختۇر ، روج چىللىڭۋورس دېگەن ھېلىقى ئادەم مېنىڭ بۇرۇنقى ئېرىم !

باستېر خىستېرغا ھاياجان بىلەن بىر قارىۋەتتى ، بۇ ھاياجان ئالىيجانابلىق ، پاكلىق ، مېھرىبانلىق قاتارلىق پەزىلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالۋاستى ئىگىلىگەن يەرنى ئىگىلەپ غالىب ئورۇنغا چىقتى . خىستېر ئەزەلدىن مۇنداق تۇتۇق ، ياۋۇز چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . قوشۇمىلار تۈرۈلگەن شۇ دەقىقىلەردە قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىش بولدى . ئۇ ئازابلار تۈپەيلى ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە ، مۇشۇنداق ئاددىي ئىپادىلەرمۇ ھايال ئۆتمەي غايىب بولۇپ كېتىدىغان تېپىرلاش بولۇپ چىقاتتى . ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ، قوللىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى .

— بۇرۇنلا بىلگەنىدىم ، — دېدى ئۇ پەرىشان ھالدا ، — ئەمەلىيەتتە مەن بىلگەن ! بىرىنچى قېتىم ئۇنى كۆرگەندە ۋە كېيىنكى كۆرۈشۈشلەردە يۈرىكىم سىرقىرىغانىدى . ئەجەبا ، بۇ بېشارەت ئەمەسمىدى ، نېمىشقا ئۇنى چۈشەنمىگەندىمەن ؟ ئاھ خىستېر ، سىز بۇنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ، نومۇسسىزلىق ھەم پەسكەشلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيسىز ! بىر بىچارىنىڭ گۇناھكار قەلبىنى باشقىلارنىڭ يېغىرىدىن خۇرسەن بولىدىغان بىر ئادەمگە ئاشكارىلاپ بېرىشى نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! ئايال ، ھەي ئايال ، سىز بۇ ئىشقا مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك ، سىزنى كەچۈرەلمەيمەن !

— مېنى كەچۈرۈڭ ، — دېدى خىستېر توۋلاپ ، ئۇ باستېرنىڭ يېنىدىكى غازاڭغا ئۆزىنى تاشلىدى ، — خۇدا مېنى جازالىسۇن ! مېنى كەچۈرۈڭ !

خىستېر ئۈمىدسىز بىر مېھىردە باستېرنى قۇچاقلىۋالدى ، ئۇنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە باستى ، ئۇ باستېرنىڭ بېشىنىڭ دەل قىزىل خەت ئۈستىگە بېسىلغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى . ئۇ

بىشىنى تارتىۋالماقچى بولۇۋىدى، لېكىن قىمىرلىتالمىدى. باستېرنىڭ سورلۇك قاراشلىرىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن، خىستېر ئۇنىڭ بېشىنى ھەرگىز قويۇپ بەرمىدى، يەتتە يىل مابەينىدە جاھان بۇ تەنھا ۋە تايانچىسىز ئايالغا قاپاق تۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ چىدىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىي، لېكىن ئەلەملىك كۆزلىرىنى باشقا تەرەپكە بۇرىمىدى. تەڭرىمۇ ئۇنىڭغا قاپاق تۈردى، لېكىن ئۇ ياشاپ كېلىۋەردى. لېكىن، خىستېر بۇ ئاجىز، پەرىشان ئەرنىڭ قاپاق تۈرۈشىگە چىدىماي ئۆلگۈدەك بولاتتى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئايال، — ماڭا قاپاق تۈرمەڭ، مېنى كەچۈرۈڭ.

— سىزنى كەچۈرىمەن، خىستېر، — باستېر ئاخىر جاۋاب بەردى، ئۇ بىر خورسىنىدى، بۇ خورسىنىش غەزەپتىن ئەمەس، ھەسرەتنىڭ چوڭقۇر ھاڭدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى، — سىزنى كەچۈردۈم، خۇدا بىزگە مەغپىرەت قىلسۇن! خىستېر، بىز كەبىردە گۇناھكارلاردىن ئەمەس. بۇلغانغان باستېردىنمۇ ئەسكى يەنە بىر ئادەم بار! ئۇ قېرىنىڭ قىساسكارلىقى مېنىڭ گۇناھىمدىن بەتتەر. ئۇ مۇقەددەس بىر قەلبنى مەككارلارچە ھاقارەت قىلدى. ئىككىمىز زادى ئۇنداق قىلمىدۇق!

— ھەرگىز قىلمىدۇق، ھەرگىز قىلمىدۇق، — دېدى ئايال پەس ئاۋازدا، — بىزنىڭ ئەتكەنلىرىمىزمۇ مۇقەددەس تۈھپە. بىز شۇنداق قارايمىز، بۇرۇن شۇنداق دېيىشكەنىدۇق، ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئاھ، خىستېر، — ئارتۇر دىمىسدېل ئورنىدىن تۇردى، — ئېسىمدە. ئۇلار مۇرىدىشىپ ۋە قوللىرىنى تۇتۇشۇپ مۇخ قاپلىغان، يىقىلغان دەرەخ غولىدا ئولتۇرۇشتى. ھايات ئۇلارغا ئەڭ چۈشكۈن چاغلارنى بەخش ئەتكەن، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھاياتنىڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىگە كىرىپ قېلىشقانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار مەپتۇنكارلىققا ئىگە بۇ خىلۋەت ماكاندىن چىققۇسى كەلمەي، ئۇزاقراق تۇرۇشنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدى.

باستېر تاسادىپىي كەچكەن بىر خىيالدىن ئەندىكىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— خىستېر، — دېدى ئۇ، — يەنە بىر ئىش تۇرىدۇ. روجچىللىڭۋورس سىزنىڭ ئەينى ئەھۋالنى ئاشكارىلىماقچى بولغانلىقىڭىزنى بىلگەنىكەن، بىزنىڭ سىرىمىزنى ساقلارمۇ؟ ئۇ قانداق يول بىلەن قىساس ئالار؟

— ئۇ ئەزەلدىن سىرلىق ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى خىستېر ئويلانغان هالدا، — ئۇ قىساسنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ياشاپ كەلگەچكە، بۇ ئادىتى تېخىمۇ چىڭىپ كەتتى. مېنىڭچە، ئۇ بۇ سىرنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىساس تەشنالىقىنى باشقا بىر يول بىلەن قاندۇرۇشى مۇمكىن.

— مەنچۇ؟ دۈشمىنىم بىلەن بىر هاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ئۇزاق ياشىيالامدىم؟ — ئارتۇر دىمىسدېل توۋلاپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغدى، شۇڭا مەيدىسىنى تۇتۇۋالدى، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، — مېنى ئويلاپ قويۇڭ، خىستېر، سىز خېلى قەيسەر، ماڭا بىر چارە تېپىپ بېرىڭ!

— سىز ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرماڭ، — دېدى خىستېر ئاستا، ئەمما كەسكىن هالدا، — قەلبىڭىز ئۇ رەزىل كۆزنىڭ پايلىشىدا تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ.

— بۇ ئىش ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر، — دېدى باستېر، — قانداق قىلىش كېرەك، نېمە يول بار؟ بايا سىز ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى دېگەندە، لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم، هالىمدىن كېتىپ ئۆلەمدىم، نېمە؟

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى خىستېر ياشلىرى تاراملاپ، — ئەجەبا، بوشاڭلىقتىن ئۆلمەكچىمۇسىز؟ ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب يوق.

— خۇدانىڭ هۆكمى ماڭا چۈشتى، — دېدى ۋىجدانى لەرزىگە كەلگەن باستېر، — بۇ ئاجايىپ كۈچ، قىمىرلىغىلى بولمايدۇ!

— خۇدا مېھرىبان، — دېدى خىستېر، — سىزدە ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان كۈچ بولۇشى كېرەك.

— ماڭا مەدەت بېرىۋاتامسىز؟ — دېدى باستېر، — قېنى مەسلىھەتىڭىزنى بېرىڭ.

— جاھان نېمانچە تار ـ ھە؟ — دېدى خىستېر پرون توۋلاپ. ئۇ ھېسسىياتلىق كۆزلىرىنى باستېرنىڭ كۆزلىرىگە تىكتى، ئۇنىڭ ماگنىتتەك تارتىملىق كۆزلىرى باستېرنىڭ سالپىيىپ كەتكەن روھىغا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتتى، — ئەجەبا ھەممە جاھان مۇشۇ كىچىككىنە بازاردا بولامتى؟ ئورماندىكى بۇ چىغىر يول نەلەرگە تۇتىشار؟ توغرا، بىز تۇرغان مەھەللىگە ئاپىرىدۇ. لېكىن، بىز ئالغا قاراپ مېڭىۋېرەيلى، بارغانسېرى بۇ يول جاڭگالغا تۇتىشىدۇ. ئىلگىرىلىگەنسېرى يولنىڭ پايانى تۈگەپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنمەيدىغان خازانلىق دالا كۆرۈنىدۇ. دەل ئاشۇ يەردە ئەركىنلىككە ئېرىشىسىز! ئاشۇ قىسقا مۇساپىدىن كېيىن، كۆلپەتلىك دۇنيادىن قۇتۇلۇپ، بەختلىك جايغا ئۇلىشىسىز، مۇشۇ بىپايان ئورمانلىقتىن، روج چىللىڭۇورستىن قۇتۇلۇپ ئۆزىڭىزنى ئالىدىغان دالدا چىقماي قالارمۇ؟

— چىقىشنىغۇ چىقىدۇ، خىستېر. ئۇ يەر دەل غازاڭلارنىڭ ئاستى، — دېدى باستېر ئاچچىق كۈلۈپ.

— يەنە بىپايان دېڭىز يوللىرى بار، — خىستېر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يول سىزنى بۇ يەرگە ئەكەلگەن، خالىسىڭىز، بۇ يول سىزنى قايتۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ سەھرالىرى بولسۇن، ياكى لوندوندەك چوڭ شەھەرلىرى بولسۇن ياكى گېرمانىيە، فرانسىيە، مەئىشەتلىك ئىتالىيە بولسۇن، ئۇنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەرلەر جىق. ئۇ ھالدا سىزنىڭ بۇ تاش يۈرەك ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ ئۇلار سىزنى ئۇزاقتىن بېرى بوغۇپ كەلدى.

— بولمايدۇ! — دېدى باستېر، تەلەپپۇزىدىن بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا چۈشتەك تۇيۇلۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى، — ئۇنچىلىك مادارىم قالمىدى. مەندەك شورلۇق گۇناھكارنىڭ بىرلا ئويى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش.

روھىمنى يوقاتقانىكەنمەن ، ئىلاج بولسا باشقا روھلارنى قۇتقۇزۇشۇم كېرەك . گەرچە مەسئۇلىيەتسىز كۆزەتچى بولسامۇ ، ۋەزىپەم تۈگىگەندىن كېيىن ئېرىشىدىغىنىم شەرەپسىز ئۆلۈم بولىدۇ ، شۇنداقتىمۇ ، ۋەزىپەمنى تەرك قىلسام بولمايدۇ !

— يەتتە يىللىق ھەرەج سىزنى كاردىن چىقىرىپتۇ ، — دېدى خىستېر قىزغىن ئىلھام بېرىپ ، — ئۇ ئىشلارنى كەينىڭىزگە تاشلاڭ ! چىغىر يولدا ماڭغاندا ، ئۇلارنى يوك قىلىۋالماڭ ، دېڭىزدىن ئۆتكەندە ، ئۇلارنى كېمىڭىزگە ئاچىقىۋالماڭ ، تارتقۇلۇقلار جايىدىلا قالسۇن ، ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ ! ئۇرۇنۇشلار مەغلۇپ بولسا ، بولدى قىلماقچىمۇ ؟ ئۇنداق قىلماڭ ! كەلگۈسى سىناق ۋە نەتىجە بىلەن تولغان . سىزنى بەخت ۋە ئىزگۈلۈكلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ ، ساختا تۇرمۇشىڭىزنى ھەقىقىي تۇرمۇشقا ئايلاندۇرۇڭ . ئەگەر روھىڭىز ئاشۇ بۇرچقا باغلانغان بولسا ، ئىندىئانلار ئارىسىغا بېرىپ دىن تارقىتىڭ . سىزگە ئەڭ مۇناسىپ بولغىنى شۇكى ، تەربىيە كۆرگەن ئاشۇ زېرەك ، مەشھۇر زاتلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئۆلىما بولۇڭ . سىز ۋەز ئېيتسىڭىزمۇ ، يېزىقچىلىق قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ ، قىلىدىغان ئىشلار كۆپ ! ئۆلۈۋېلىشىڭ ئورنى يوق ، خالىغان ئىشىڭىزنى قىلىڭ ! ئارتۇر دىمىسدېل دېگەن ئىسمىنى تاشلاپ ، سىزگە ۋەھىمە ۋە خىجالەت ئېلىپ كەلمەيدىغان باشقا بىر ئېسىل ئىسمىنى قويۇڭ . كۆلپەتلەرگە يەم بولۇۋېرىشىڭ ھاجىتى بارمۇ ؟ بۇ كۆلپەتلەر ئىرادىڭىزنى ۋە ھەرىكىتىڭىزنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى ، ھەتتا توۋا قىلغۇدەك مادارىڭىزنىمۇ قويماپتۇ ! ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ مېڭىڭ !

— ئاھ ، خىستېر ! — توۋلىدى ئارتۇر دىمىسدېل ، خىستېرنىڭ قىزغىن ھېسسىياتى پەيدا قىلغان بىر ئۇچقۇن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر چاقناپلا ئۆچۈپ قالدى ، — سىز تىزلىرى تىترەپ تۇرغان بىر ئادەمنى يۈگۈرۈشكە ئۈندەۋاتىسىز ! مەندە ناتونۇش يەرگە كەتكۈدەك مادار ۋە جۈرئەت يوق !

مانا بۇ پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن قەلبىنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدسىز

ئىپادىسى ئىدى ، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدىكى بەختىنى تۇتۇۋالغۇدەك مادارى يوق ئىدى .

ئۇ يەنە تەكرارلىدى :

— يالغۇز ئۆزۈممۇ ، خىستېر ؟ !

— سىــزنى يالغۇز قويمايمەن ، — دېدى خىستېر هاياجان بىلەن .

شۇنداق قىلىپ ، ھەممە گەپ ئېنىق بولدى !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئې ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 18. بىر بالقىم ئاپتاپ

ئارتور دىمىسدېل خىستېرغا تىكىلدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئۈمىد ۋە خۇشاللىقنىڭ نۇرى چاقنايتتى، لېكىن ئۇنىڭدا تەشۋىش، خىستېرنىڭ دادىللىقىغا بولغان ھەيرانلىقمۇ يوق ئەمەس ئىدى. خىستېر ئۇ بېشارەت بەرگەن، ئەمما ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان سۆزنى دېگەنىدى.

خىستېر پرون قەيسەر ھەم جانلىق ئايال بولۇپ، شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى يەكلىنىش ۋە چەتكە قېقىلىش ئۇنىڭدا مەسىلىلەرنى ئويلاشتىكى يۈكسەكلىكنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۇ باستېرغا نىسبەتەن يەتكىلى بولمايدىغان پەللە ئىدى. ئۇ ئەخلاقنىڭ باياۋىنىدا نام ـ نىشانسىز تېنەپ يۈردى، بۇ باياۋان خۇددى ھازىرقى جاڭگالنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كەڭ، مۇرەككەپ، سورلۇك بولۇپ، دەل مۇشۇ قاراڭغۇ ئورماندا ئۇلار تەقدىرى توغرۇلۇق سۆھبەتتە بولۇۋاتاتتى. خىستېرنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە قەلبى خۇددى ئۆزىنىڭ جايىنى تاپقاندەك، ئورماندىكى ماكانىنى تاپقاندەك، ياۋايى ئىندىئاندەك شاش ھەم ئەركىن ئىدى. ئۆتكەن ئاشۇ يىللاردا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە تۈزۈملىرىنى، دىنچىلار ۋە قانۇنچىلار تۈزۈپ چىققان شۇلارغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى بىر ناتونۇش ئادەم سوپىتىدە كۆزىتىپ كەلدى. ئۇ باستېرلارنىڭ يېپەكتىن ئىشلەنگەن ياقا لېنتىلىرىنى، سوتچىلارنىڭ قارا تونلىرىنى، كويزا ـ كىشەن ۋە دارلارنى، ئائىلە ۋە دىنىي جەمئىيەتلەرنى ئىندىئانلار كەبى مەنسىتمەسلىك پوزىتسىيىسىدە تەنقىد قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەقدىرى ئەركىنلىك ئىزدىگەن تەقدىر بولدى. مەيدىسىدىكى قىزىل خەت باشقا ئاياللار كىرەلمىگەن چەكلەنگەن رايونلارغا كىرىشى ئۈچۈن يولخېتى بولدى. نومۇس،

ئۆمىدسىزلىك ، يېگانىلىك ! بۇلار ئۇنى تەربىيىلىدى ، بۇ قاتتىق قول تەربىيە ئۇنى قەتئىي ئىسيانكارغا ئايلاندۇردى .

باستىر ئۆمرىدە قورقۇنچلۇق ھالدا مۇقەددەس پەرمانغا بىر قېتىم ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ ، كېيىن ئۇنى تاپتىن چىقارغان بىرەر ئىش يۈز بەرمىدى ، ئاشۇ بىر قېتىملىق گۇناھ تاسادىپىي ھاياجاندىن سادىر بولغان بولۇپ ، پرىنسىپ جەھەتتىكى قارشىلىق ۋە ئەتەيلىككە كىرمەيتتى . نەس باسقان ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ئۆزىنى — ھەرىكىتىنى ئەمەس ، چۈنكى ھەرىكەتنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ — ئەسەبىي قىزغىنلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەربىر ئوي ، ھەربىر تۇيغۇسىنى نازارەت قىلىپ كەلدى . ئاشۇ يىللاردا باستىرلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ ، پرىنسىپ ، قائىدە ۋە يۈزەكى قاراشلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئالدى بىلەن ئۇچرايتتى ، دىمىسدىل ئەپەندى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە باستىرلىق دەرىجە ئۇقۇمىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرايتتى . يارىسى ساقايماقتا يوق ، ئەدەپ تۇرغان بىر گۇناھكار سۈپىتىدە ئۇنىڭ ۋىجدانى تامامەن ئۆلمىگەن بولۇپ ، ئىزچىل ئازابلاندى ، شۇڭا ئۆزىنى گۇناھ سادىر قىلىپ باقمىغان باشقىلارغا نىسبەتەن ئەخلاقىي جەھەتتىن تېخىمۇ بىخەتەر دەپ ئويلايتتى .

ئەمدى بىز شۇنى چۈشەنگەندەك بولدۇق : يەكلەنمىش ۋە نومۇسلۇق يەتتە يىل خىستېر پرىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، دەل مۇشۇ كۈنىنىڭ تەييارلىقى بولۇپ قالدى . لېكىن ، ئارتور دىمىسدېلغا نىسبەتەن ئۇنداق ئەمەس ئىدى . ئەگەر بۇنداق ئادەم يەنە بىر ئازسا ، ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك پۇرسەت يەنە بولاتتىمۇ ؟ ياق ، ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئازابتا ئېزىلدى ، مېڭىسى ئۆزىنى ئەيىبلەپ يۇرۇش تۇپەيلى تۇگەشتى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى : بىرى ، گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ ، قېچىپ كېتىش ؛ يەنە بىرى ، ساختىپەزلىك قىلىپ تۇرىۋېرىش . ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تەڭپۇڭ ئورۇن تاپالمايتتى . ئۆلۈم ۋە نومۇسنىڭ خەۋپىدىن ، دۈشمەننىڭ قانداقتۇر بىر قەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېتىش ئاقىلانىلىك

ئىدى. يەنە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ بىچارە تاۋاپكار ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق سەپىرىدە ھالسىراش، كېسەللىك ۋە كۈلپەتنىڭ ئەلەملىرىنى تارتىپ، ئاخىر رەھمەت ۋە شەپقەتنىڭ شولىسىنى كۆردى، بۇ شولىدا ھازىرقى ئېغىر قىسمىتىنىڭ ئورنىنى ئالالايدىغان چىن، يېپيېڭى ھايات ئايان بولىۋاتاتتى. رەھىمسىز ۋە شىكەستە بىر ھەقىقەت بار، ئۇ بولسىمۇ گۇناھ تۆپەيلى دەز كەتكەن يۈرەكنى يامىغلى بولماسلىقى. ئەلۋەتتە، قەلبىڭنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دۈشمەننى قايتا كىرگۈزمەسلىككە، ھەتتا كېيىنكى ھۇجۇمدىن ساقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش ياخشىراق چىقىش يولى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، خارابىلەر شۇ پېتى مەۋجۇت، دۈشمەن پايلاپ يۈرۈپ، ئۇنتۇلغۇسىز غەلىبىگە ئېرىشمەكچى، ئەگەر بۇنى بىر مەيدان جىددىي كۈرەش دەپ قارىساق باشقا گەپ بىھاجەت. پەقەت بىرلا گەپ كۇپايە: باستېر كەتمەكچى بولدى، پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا ئەمەس.

«ئۆتكەن يەتتە يىلدا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — دەقىقە ئاراملىق ۋە ئۈمىد تاپالىغان بولسام، پەرۋەردىگارنىڭ بۇ ھىممىتى بىلەن ھەممىگە چىدايتتىم. بىراق، تەقدىرىم بۇ بولغانىكەن، جازاغا بۇيرۇلغان گۇناھكارغا ئىجرادىن ئىلگىرى مەنسۇپ بولىدىغان تەسەللىنى نېمىشقا قولدىن بېرىمەن؟ ئەگەر بۇ خېستېرنىڭ دېگىنىدەك گۈزەل ھاياتقا باشلايدىغان يول بولسا، ئۇ يولغا مېڭىشىم پارلاق ئىستىقبالنى تاشلىۋەتكەنلىك بولماس. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېستېرنىڭ ھەمراھلىقى بولمىسا مەن ياشىيالمايمەن. ئۇ مېنى شۇنداق يۆلىدى، بەرگەن تەسەللىلىرى شۇ قەدەر مۇلايىم! ئاھ، پەرۋەردىگار، ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، ماڭا يەنە بىر قېتىم كەڭچىلىك قىلارسەنمۇ؟»

— سىز كېتىڭ، — دېدى خېستېر كۆزلەر ئۇچراشقاندا، ئۇ شۇ قەدەر تەمكىن ئىدى.

قارار بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۆزگىچە بىر ھاياجاننىڭ شوخ نۇرلىرى ئارتۇر دىمىسدېلنىڭ قەلبىدىكى دەردكە چۈشتى. يۈرەكنى

تىپچەكلىتىدىغان بۇ قارار روھىي كىشەندىن ئەمدىلا خالاس بولغان مەھبۇسقا تېخى خىرىستىيىئانلاشمىغان، قانۇن كۆلەڭگىسى چۈشمىگەن تاقىر دالانىڭ ئەركىن ھاۋاسىنى بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشىنىڭ مەنزىرىسىدىن زوق ئالدى. ئۇ چوڭقۇر دىنىي خاراكتېردىكى كىشى بولغاچقا، ساداقەتمەنلىكى كۈچلۈك ئىدى.

— قايتىدىن خۇشاللىق تاپتىمىمۇ، نېمە؟ — دەپ سورىدى دىمىسدىل تەئەججۇپ بىلەن ئۆز - ئۆزىدىن، — خۇشاللىقنىڭ بىخلىرىنى ئۆلۈپ بولدى دەپتىكەنمەن! خىستېر، سىز مېنىڭ پەرىشتەم! كېسەللىك، گۇناھ داغلىرى، پىغان بىلەن توشۇپ كەتكەن مەندەك بىر ئادەمنى بۇ ئورماندىكى غازاڭلارغا ئىرغىتىپ، ئورنۇمدىن تامامەن يېڭى بىر قىياپەتتە تۇرغۇزۇپ، يېڭى ھايات كۈچىگە ئېرىشكەن ۋۇجۇدۇمنى رەھىمدىل خۇدانىڭ نۇرىغا چۆمدۈردىڭىز! بۇ ھەقىقەتەن گۈزەل ھايات! نېمىشقا بالدۇرراق ئويلىمىغاندىمىز؟

— كەينىمىزگە قارىمايلى، — دېدى خىستېر جاۋابەن، — كەتكەنلىرى كەتتى، ئۇلارغا تارتىشىپ نېمە قىلىمىز؟ قاراڭ، مۇشۇ بەلگىنى ئېلىپ تاشلىۋەتسەم، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىلەر تۈگەپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەكلا بولىدۇ.

ئۇ گەپ قىلغاچ مەيدىسىدىكى قىزىل بەلگىنىڭ ئىلغۇچىنى ئاچتى، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ، غازاڭلارغا ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئۇ سىرلىق بەلگە ئېرىقنىڭ گىرۋىكىگە چۈشتى، يەنە ئازراق قاڭقىغان بولسا، ئېرىقتىكى سۇغا چۈشكەن بولاتتى، ئۇنداقتا، ئېرىق ئۆزىنىڭ تىنىمسىز ھېكايىسىگە قوشۇپ، ھەسرەتنىمۇ ئاقتۇرۇپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، كەشتىلەنگەن قىزىل خەت قاشقا چۈشتى - دە، بەئەينى چۈشۈپ قالغان ئۈنچىدەك نۇر چاچتى. بەلكىم پالاكەت باسقان بىرەر سەرگەردان ئۇنى تېپىۋالار، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا سىرلىق گۇناھنىڭ ئەرۋاھى چاپلىشىپ، چۈشكۈنلۈك ۋە ئېيتقۇسىز ئاسارەت ئۇنى قوينىغا ئالار.

خىستېر بۇ ھاقارەتلىك بەلگىنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ، ئېغىر تىنىۋالدى ، ئۇنىڭ روھى نومۇس ۋە ئەلەمنىڭ يۈكلىرىدىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ كەتتى ! ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشىۋىدى ، خورلۇق يۈكىنىڭ نەقەدەر ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ھەقىقىي چۈشەندى ! قانداقتۇر بىر يېڭى ھاياجان بىلەن خىستېر چېچىنى سىقىپ تۇرغان دوپپىسىنى ئېلىۋېدى ، قويۇق ، قارا چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلدى . چاچتىن قاڭقىغان شولىلار ئۇنىڭ چىرايىنى ئىخچام مۇلايىم ۋە گۈزەل قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئاياللىق قەلبىنىڭ تېگىدىن تېپىپ چىققان ئىللىق كۈلكىلەر ئۇنىڭ لەۋلىرى ھەم كۆزلىرىدىن ئەكس ئېتەتتى . ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايى قىزاردى ، ئۇنىڭ ئاياللىق نازاكىتى ، ياشلىق باھارى ۋە باشقا ھەر تەرەپلىمە گۈزەللىكى كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈشتىن قايتىپ كەلدى ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ قىزلىق دەۋرىدىكى ئۈمىدلىرى تېتىپ كۆرمىگەن بەخت ھازىرقى سېھرىي چەمبەرنىڭ ئىچىگە جەم بولغاندەك بولدى . ھاۋادىكى تۇتۇقلۇقمۇ گويا بۇ ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدىن ئېقىپ چىققان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەسرىتىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ تارقىلىشقا باشلىدى . شۇ ھامان پەلەكنىڭ چېھرى ئېچىلىپ ، ئاپتاپلار يامراپ ، يارقىن نۇرلار ئورمانغا چۈشتى ، ياپراقلار جىلۋە قىلدى ، غازاڭلار ئالتۇن رەڭدە جۇلالاندى ، كاداڭ دەرەخلەرنىڭ كۈل رەڭ غوللىرىمۇ پارقىراپ كەتتى . بۇرۇنقى كۆلەڭگە پەيدا قىلغان نەرسىلەر نۇر چاچتى . ئېرىق سۈيى شادىيانە جىمىرلىدى ، ئۇنى بويلاپ باش تەرەپكە ماڭسا ، ئورماننىڭ سېھىرلىك مەركىزىگە بارغىلى بولاتتى .

مانا بۇ قانۇنغا بويسۇنۇپ باقمىغان ، مەرىپەتكە ئۈندەلمىگەن دەھرىي تەبىئەتنىڭ بۇ ئىككى ئىنسانغا بولغان ھېسداشلىقى ! مەيلى يېڭى تۆرەلگەن مۇھەببەت ياكى ئۆلۈم ئۇيقۇسىدىن باش كۆتۈرگەن مۇھەببەت بولسۇن ، ھەممىسىلا نۇر پەيدا قىلىپ ، مەنىۋى دۇنيانى تولدۇرۇپ ، تاشقى دۇنياغا يامرايدۇ . شۇ تاپتا ئورمان قاراڭغۇ بولغان بولسا خىستېر ۋە دىممىسدېلنىڭ نەزىرىدە نۇرانە

بولمۇپىرەتتى !

خىستىر شادلىقنىڭ قۇتراشلىرىدا دىمىسدىلىغا قارىدى .

— پېرلنى تونۇپ قويۇڭ ، — دېدى خىستىر ، — بىزنىڭ گۆھىرىمىز ، سىز ئۇنى كۆرگەن ! ئەمدى قايتا بىر قاراپ بېقىڭ . ئۇ غەلىتە بالا بولدى . ئۆزۈمىمۇ ھەيران ! ئۇنى سىزمۇ مەندەك سۆيىسىز ، ئۇنى قانداق قىلسام بولىدۇ ، مەسلىھەت بېرىڭ .

— بۇ بالا مەن بىلەن تونۇشقانلىقىدىن خۇشال بولارمۇ ؟ — دەپ سورىدى باستىر تەشۋىشتە ، — باللاردىن ئۆزۈمنى تارتىپلا يۈردۈم . چۈنكى ، ئۇلار ماڭا ئىشەنمىگەندەك ، مەن بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ ، ھەتتا پېرلدىنمۇ قورقۇپ كەلدىم .

— ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ! — دېدى ئانا ، — لېكىن ئۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ ، سىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز . ئۇ يېقىنلا يەردە . مەن ئۇنى توۋلاي . پېرل ! پېرل !

— كۆردۈم ، — دېدى باستىر ، — ئۇ ئاۋۇ يەردە ئاپتاپتا تۇرىدۇ ، ئۇ مۇشۇ ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە . سىزنىڭچە ، ئۇ بالا مېنى ياخشى كۆرەرمۇ ؟

خىستىر تاتلىققىنا كۈلدى ، ئۇ پېرلنى چاقىردى ، پېرل ئانىسىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدى .

ئانىسى بىلەن دادىسى پاراڭلاشقان شۇ ۋاقىتتا ، پېرل ئانچە زېرىكىپمۇ كەتمىدى . سۆرلۈك چەكسىز ئورمانىنىڭ قويىنى گۇناھ ۋە ئازابقا تولغان كىشىلەرگە نىسبەتەن سوغۇق بولسىمۇ ، لېكىن بۇ يېگانە بالىنىڭ ھەمراھى بولالايتتى ، بۇ قىزچاق بىلەن قانداق ماسلىشىشنى بىلەتتى . ئورمان شۇ قەدەر غەمكىن بولسىمۇ ، قىزچاقنى سەمىمىي قىزغىنلىقتا قارشى ئالدى . ئورمان پېرلغا قىپقىزىل شىرنىلىك مېۋىلەرنى ھەدىيە قىلدى . بۇ مېۋىلەر كۈزدە بولۇپ ، بۇ يىل ئەتىيازدا پىشىپ ، قىزىللىقىدىن قان تېمىپ تۇرغاندەك بىر سۈپەتتە غازاڭلار ئارىسىدا ئېسىلىپ تۇراتتى . پېرل بۇ مېۋىلەرنى يىغدى ، مېۋىلەر تولىمۇ شېرىن ئىدى . ئۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

كىچىك ياۋايى ھايۋانلار پېرلغا يول بېرىشنى خالىمىغاندەك قىلاتتى، ئۇن نەچچە چۈجىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان چىشى ئۇرمان كەكلىكى پېرلغا ھەيۋە قىلدى، لېكىن سەل ئاشۇرۇۋەتكەندەك ھېس قىلىپ، چۈجىلىرىنى قورقماسلىققا ئۈندەپ كاكاكلىدى، پەستىكى بىر شاخقا يېگانە قونۇۋالغان بىر ياۋا كەپتەر پېرلنى كۆرۈپ ئۇچۇپ كەتمەي، ھەيرانلىق بىلەن سايراپ قويدى. بىر تىيىن ئۆزى ئۇۋا سالغان دەرەختە جىۋىلداپ قويدى، ئۇ ئاچچىقلىدىمۇ ياكى خۇشال بولدىمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. تىيىن دېگەن بۇ جانىۋار ئاسان ئاچچىقلانسىمۇ ئۇماق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ مىجەزىنى ھەقىقەتەن چۈشەنگىلى بولمايتتى، ئۇ بالىغا بىر جىۋىلداپ قويۇپ، پوستى قاتتىق مېۋىدىن بىرنى بالىنىڭ بېشىغا ئاتتى. ئۇ ئالدىنقى يىلنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ ئىزى تۇراتتى. بىر تۈلكە غازاڭلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بويىنىنى سوزۇپ پېرلغا قارىدى. ئۇ قېچىشنى ياكى تۇرىۋېرىشنى بىلەلمىگەندەك ئىدى.

ئورماندىكى پېرل مەھەللە كوچىسىدىكى ياكى ئانىسىنىڭ كەپىسىدىكى پېرلغا قارىغاندا مۇلايىمراق ئىدى. پېرل رۇخسىگۇل، جەزبۇزار، قارا قوغۇر ۋە ساڭگىلاپ تۇرغان يۇمران شاخلارنى تېرىپ، گۈلچەمبىرەك ياساپ كىيىۋالدى، بەزىلىرىنى بولسا بېلىگە ئورىۋالدى، ئۇ پەرىشتىگە، توغرىسى بىر ئورمان پەرىشتىسىگە ئايلاندى، ئۇنى قەدىمكى ئورمانغا ئەڭ سىرداش بىر روھ دېيىشكە بولاتتى. پېرل ئۆزىنى ياساپ تۇرۇشىغا ئانىسىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، قايتىپ كەتتى.

ئۇنىڭ قەدىمى ئاستا ئىدى، چۈنكى ئۇ باستېرنى كۆرگەنىدى.

# 19 . ئېرىق بويىدىكى بالا

— سىز ئۇنى ياقتۇرۇپ قالىسىز ، — دېدى خىستېر پىرون تەكرارلاپ ، ئۇ باستېر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پېرلغا قارايتتى ، — ئۇ چىرايلىق ئەمەسمىكەن؟ قاراڭ ، ئۇ ئاددىي گۈللەر بىلەن ئۆزىنى بېزەشنىڭ ئۇستىسى ! بۇ يەردىن مەرۋايىت ، ئالماس ، قىزىل ياقۇتلارنى تاپالىغاندىمۇ ، ئۆزىنى بۇ قەدەر چىرايلىق بېزەلمەس بولغىيدى . ئاجايىپ بالا ئۇ ! مەن ئۇنىڭ ماڭلىيىنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىمەن .

— شۇنداق ، خىستېر ، — ئارتۇر دىممېسدېل ئەنسىز تەبەسسۇم قىلدى ، — تاقلاپ يۈرگەن ئاشۇ تىنىمسىز بالىنىڭ مېنى قانچىلىك ئەندىشىگە سالغىنىنى بىلەمسىز؟ چىرايىمىز شۇ قەدەر ئوخشاپ قالسا ، كىشىلەر بىر قاراپلا بىلىۋالسا ... ياھەززەت ، نەقەدەر غەم - ئەندىشىلىك خىيال - ھە ، خىستېر؟ لېكىن ئۇ سىزگە بەكرەك ئوخشايدۇ .

— ياق ، ياق ! ماڭا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ ! — دېدى خىستېر ئانىلارچە ئىللىق تەبەسسۇمدا ، — ئازراق ئۆتسىلا ، ئۇنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىدىن غەم قىلىپ يۈرمەيسىز . قاراڭ ، ئۇ بېشىدىكى ياۋا گۈللەر بىلەن نېمىدېگەن چىرايلىق بولۇپ كەتكەن - ھە ! گويا سۆيۈملۈك ئەنگلاندتا قالغان پەرىزات ئالدىمىزغا جابدۇنۇپ چىققاندەكلا .

ئۇلار ئولتۇرۇپ ، تامامەن ئۆزگىچە بىر ھېسسىياتتا پېرلنىڭ يېتىپ كېلىشىگە قاراۋاتاتتى ، پېرلنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇ ئەر - خوتۇنلارنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە بار ئىدى . يەتتە يىل ئاۋۋال پېرل جانلىق بىر تەسۋىرىي يېزىق سۈپىتىدە ئىنسانلار جەمئىيىتىگە تارتۇقلاندى ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەر - خوتۇنلار يوشۇرماقچى بولغان

www.uyghurkitap.com

سىرلار ئايان ئىدىكى، بىرەر پەيغەمبەر ياكى ياخشى بۇ ئوتقاشتەك خەتنى ئوقۇيدىغان بولسا، بۇ سىمۋولغا پۈتۈلگەن ئىقرارلارنى تەلتۆكۈس چۈشەنگەن بولاتتى. پىرل بۇ ئەر - خوتۇنلارنى يوغۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆتكەن رەزىللىكنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىللە بولۇشنىڭ ماددىي جەۋھىرى ۋە ئىدىيىۋى ئەۋجى بولغان پىرلنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ھاياتىنىڭ ئايرىلماس دەرىجىدە باغلىنىپ كەتكەنلىكىگە قانداقمۇ گۇمان قىلسۇن! ئۇلار ئېنىق ۋە ئېنىقسىز خىياللار بىلەن ئولتۇرغاندا، پىرل يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭدا كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان قىياپەت بار ئىدى.

— ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا، ئىنتىزارلىق ۋە قىزغىنلىقتا ئوخشايدىغان ئالاھىدە ھېسسىياتىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويماڭ، — دېدى خېستېر پەس ئاۋازدا، — بىزنىڭ پىرل بەزىدە چۈشەنگىلى بولمايدىغان شەيتاننىڭ ئۆزى. ئۇ سەۋەبىنى چۈشەنمىسە، باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. ئەمما، بالىدا مول قىزغىنلىق بار، ئۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ، سىزنىمۇ ياقتۇرۇپ قالىدۇ.

— تەسەۋۋۇر قىلالمايسىزكى، — دېدى باستېر خېستېرغا بىر قارىۋېتىپ، — بۇ كۆرۈشۈشتىن قورقتۇم ھەم تەشنا بولدۇم! بايا دېگىنىمدەك، بالىلار ماڭا يېقىنچىلىق قىلمايدۇ. ئۇلار قۇچىقىمغا چىقىپ گەپلەشمەيدۇ، تەبەسسۇملىرىمغا ئىنكاس قايتۇرمايدۇ، پەقەت يېتىرقاپ قاراپلا تۇرۇشىدۇ، ھەتتا بوۋاقلارمۇ شۇنداق، ئۇلارنى قۇچىقىمغا ئالساملا يىغلايدۇ، پىرل مۇشۇ ياشقىچە ماڭا ئىككى قېتىم ئىللىق مۇئامىلە قىلدى. بىرىنچى قېتىمقىسىنى سىزمۇ بىلىسىز، ئىككىنچى قېتىملىقى سۈرلۈك گوبېرناتورنىڭ ئۆيىدە بولدى.

— ئۇ قېتىم سىز ئانا - بالا ئىككىمىز ئۈچۈن يۈرەكلىك گەپ قىلدىڭىز، — دېدى ئانا، — ئېسىمدە، پىرلمۇ ئۇنتۇمايدۇ، ئەنسىرىمەڭ، ئۇ باشتا يېتىرقىسىمۇ سىزگە تېزلا ئۆگىنىپ

قالىدۇ .

پېرل ئېرىقنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى ـ دە ، باستېر بىلەن خىستېرغا ئۈنچىقماي قارىدى ، ئۇلار مۇخ قاپلىغان دەرەخ غولىدا يانداشىپ ئولتۇراتتى . ئېرىقنىڭ پېرل توختىغان يېرىدە بىر كۆلچەك ھاسىل بولۇپ ، سۇ يۈزى تىنچ ئىدى . پېرلنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسى كۆلچەكتە تولۇق ئەكس ئېتىپ ، ئۇنى پەرىزاتقا ئوخشىتىپ قويغانىدى .

بۇ يەردە توغرىلىق ۋە سەۋەنلىكنىڭ ھەر ئىككىسى بار . ئانا ـ بالا ئىككىسى ياتلىشىپ كەتكەندەك بولغان تەقدىردە ، بۇنىڭغا پېرل ئەمەس ، خىستېر سەۋەبچى ئىدى . پېرل يېتىپ كەلگەندە ، ئانىنىڭ ھېسسىيات چەمبىرىكىنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن پەيدا بولۇپ قالغانىدى . بۇ چەمبەر ئەمدى ئۈچ كىشىلىك ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ ، پېرل گويا سەرگەرداندەك ئۆز جايىنى تاپالماي قالدى .

— مەندە غەلىتە خىيال پەيدا بولۇپ قالدى ، — دېدى سەزگۈر باستېر ، — گويا بۇ ئېرىق ئىككى دۇنيانىڭ پاسىلى بولۇپ ، سىز بىلەن پېرل مەڭگۈ جەم بولالمايدىغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ ياكى بۇ پەرىشتە خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك ئېرىقنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتەلمەي قالىدىغاندەك ھېس قىلىمەن . قېنى ، سوراپ بېقىڭ ، بۇ ھالەت ئېرۋىلىرىنى قوچۇۋەتتى .

— كېلە ، قوزام ، — خىستېر قوللىرىنى سوزدى .

— نېمانچە ئاستا ، ھورۇنلۇقۇڭ تۇتۇپ قاپتۇغۇ ؟ بۇ يەردە بىر دوست بار ، ئۇ سېنىڭمۇ دوستۇڭ ، بۇگۈندىن باشلاپ سەن قوش كىشىلىك مۇھەببەتكە ئېرىشىسەن . ئېرىقتىن ئاتلاپ ، بۇ يەرگە كەل ، جەرەندەك سەكرەيتتىڭغۇ ؟

پېرل بۇ تاتلىق گەپلەرگە پەرۋا قىلماي ، ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرىۋەردى . ئۇ خۇددى خىستېر بىلەن باستېرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشىنىشكە ئۇرۇنىۋاتقاندەك ، نۇرلۇق ، ياۋا كۆزلىرىنى ھېلى ئۇنىڭغا ، ھېلى بۇنىڭغا ، ھېلى ھەر ئىككىسىگە

www.uyghurkitap.com

تـىـكـەتـتـى . قـانداقتۇر بىر سەۋەبتىن بالىنىڭ نەزىرى ئارتۇر دىمىسدىلغا چۈشكەندە ، ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ قولى مەيدىسىگە بېرىپ قالاتتى . ئاخىر پېرل ئۆزگىچە بىر قىياپەتتە بارمىقىنى چېقىرىپ ئانىسىنىڭ مەيدىسىنى كۆرسەتتى .

— هـوي ، يـاۋايـى قـىز ، قېشىمغا كەلمەيسىنا ؟ — دېدى خىستېر توۋلاپ .

پېرل قاپاقلىرىنى تۈردى ، بۇنداق چىراي ئىپادىسى بالىلاردا كۆرۈلـسـە ئـاجـايـىپ تەسىرلىك بولۇپ كېتەتتى . ئانىسى كەم كـۆرۈلـىـدىـغان ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنى چاقىرىۋاتقاندا ، بالا چاھىللىق بىلەن يەرنى تېپچەكلەپ تۈرىۋەردى .

— بـولـە ، پـېـرل ، رەنجىپ قالىمەن ! — خىستېر پىرون توۋلىدى . بالىسىنىڭ شەيتاندەك قىلىقلىرى ئۇنىڭغا شۇنچە تونۇش بولسىمۇ ، هازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ئەدەپلىكرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى ، — ئېرىقتىن ئۆتكىنە ، كەپسىز بالا ، بولمىسا ، مەن ئۆتىمەن !

پېرل بايا ئانىسىنىڭ تەكلىپىگە ئېرەن قىلىپ كەتمىگەندى ، ئەمدى ئۇنىڭ قورقۇتۇشىغىمۇ پەرۋا قىلمىدى . پېرل توساتتىنلا ئاچچىقلاپ ، قىلىقلىرى جىددىيلىشىپ ، كىچىككىنە جىسمى هەر قـىـسـمـا بـولـۇپ كـەتـتـى . ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن تولغىنىپ ، چىرقىراپ ، دەرەخلەردە ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى ، گويا بۇ بالا يولسىزلارچە ئاچچىقلىنىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغان بىر توپ ئادەم ئۇنى قوللاۋاتقاندەك ئىدى . مانا ئەمدى پېرلىنىڭ غەزەپلىك تۈرقى ئېرىق سۈيىدە يەنە بىر قېتىم ئەكس ئەتتى : بېشىدا گۈل تـاج ، بېلـىـدە گـۈل تاسما ، ئۇ يـەرنى تېپەتتى ، بەدەنلىرىنى تـولـغـايـتـتـى ، بـىـگىز بارمىقى بىلەن خىستېرنىڭ مەيدىسىنى كۆرسىتەتتى .

— بۇ بالىغا نېمە بولغىنىنى بىلمىدىم ، — دېدى خىستېر باسـتـىـرغـا پـەس ئـاۋازدا ، ئـۇنـىڭ چىرايى ئازابتىن تاتىرىپ كەتكەندى ، — بالىلار ئۆزلىرى كۆنۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ

ئۆزگىرىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. پېرل مەن تاقىۋالغان نەرسىلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

— سىزدىن ئۆتۈنەي، — دېدى باستېر، — ھېبىبىنىس خانىمدەك قېرى پېرىخونلارغا ئوخشاش غەزەپلەنمىسىڭىزلا، باشقا ھەرقانداق چارە بىلەن بۇ بالىنى تىنچلاندۇرالايسىز، — باستېر زورمۇزور كۈلۈپ، قوشۇپ قويدى، — بۇ بالىنىڭ ئاچچىقلىنىشىنى كۆرسەم بەك بىئارام بولىدىكەنمەن. گۆدەك پېرلدا قورۇق بېسىپ كەتكەن پېرىخونلارنىڭكىدەك تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچ بار. مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنى تىنچلاندۇرۇڭ.

خىستېر پېرلغا بۇرۇلدى، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ باستېرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەتەي بىر قارىۋېتىپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇ ئېغىز ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا، چىرايىدىكى قىزىللىقنىڭ ئورنىنى ئۆلۈكنىڭ چىرايىنىڭكىدەك تاتىراڭغۇلۇق ئىگىلىدى.

— پېرل، — خىستېر ئەلەم بىلەن توۋلىدى، — پۈتۈڭغا قارا، كۆزۈڭگە قارا، ئېرىقنىڭ بويىغا قارا!

بالىنىڭ نەزىرى ئانىسى دېگەن يەرگە بۇرۇلدى، ئۇ يەردە قىزىل بەلگە تۇراتتى، ئۇ قىرغاققا شۇنچە يېقىن بولۇپ، زەر كەشتىلەر سۇدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— ئۇنى ئەكەل! — دېدى خىستېر.

— ئۆزۈڭ ئال! — دېدى پېرل.

— نەدىمۇ مۇشۇنداق بالا بولسۇن، — دېدى خىستېر باستېرغا، — ئۇ توغرۇلۇق سىزگە دەپ بېرىدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار. راستىنى دېگەندە ئۇنىڭ بۇ قورقۇنچلۇق بەلگىگە بولغان قارىشى خاتا ئەمەس. مەن بۇ ئەلەملىك نەرسىنى يەنە بىر مەزگىل، پەقەت بىرنەچچە كۈن قوبۇل قىلسام بولغۇدەك. ئۇ چاغدا بىز بۇ يەردىن كېتىپ بولالايمىز، كەينىمىزگە قارىساق، بۇ يەر بىز ئارزۇ قىلغان بۇرۇنقى يەرگە ئايلىنىپ بولىدۇ. بۇ قېلىن ئورمان بۇ قىزىل خەتنى يوشۇرالمىغۇدەك، پەقەت بىپايان دېڭىز

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئېلىپ كېتەلەيدۇ ، ئۇنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ !

خىستېر سۆزلىگەچ ئېرىقنىڭ بويىغا بېرىپ ، قىزىل بەلگىنى ئېلىپ مەيدىسىگە قايتىدىن بېكىتتى . بىرنەچچە دەقىقە ئىلگىرى ، خىستېر ئۇنى دېڭىزنىڭ تەكتىگە غەرق قىلىۋېتىشنى ئارزۇ قىلغانىدى ، بىراق ئۇ تەقدىر ئىلاھىنىڭ قولىدىن ئۆلۈمدەك بۇ سىمۋولنى قوبۇل قىلغىنىدا ، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان چۇشكۇنلۇكنىڭ ئۆزىنى قاتمۇقات چىرمىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى . خىستېر بۇ قىزىل بەلگىنى چەكسىز بوشلۇققا تاشلاپ ، بىر سائەت ئەتراپىدا ئەركىن نەپەس ئالغانىدى . ئەمدى ئۇ قىزىل پاجىئە ئۆز ئورنىدا قايتىدىن نۇر چاچتى . قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، رەزىللىك ئۆزىنىڭ ئاپەتلىك خاراكتېرىدىن چەتنىيەلمەيدۇ . خىستېر قويۇق چاچلىرىنى يىغىپ ، دوپپىسىنى كىيدى . خۇددى بۇ ھەسرەتلىك بەلگىدە قورۇنقۇ ئەپسۇن باردەك ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ، ئاياللارغا خاس تولغۇنلۇقى ۋە ئىللىقلىقىنىڭ ھەممىسى پاتقان قۇياشتەك غايىب بولۇپ ، ۋۇجۇدىنى ئېغىر كۆلەڭگە باستى .

بۇ ئەلەملىك سولغۇنلۇقتىن كېيىن ، خىستېر قوللىرىنى پېرلغا سوزدى .

— ئەمدىغۇ ئاپاڭنى تونۇيالىغانسەن ، قىزىم ؟ — سورىدى خىستېر قېيىدىغاندەك ، — ئاناڭ ھاقارەتلىك بەلگىسىنى يەنە تاقىدى ، ئۇ يەنە ئەلەم تارتتى . كېلىپ ئۇنى تونۇۋالامسەن ؟

— ھە ، ئەمدى ئۆتىمەن ، — بالا جاۋاب بېرىپ ، ئېرىقتىن ئۆتتى - دە ، ئانىسىنى قۇچاقلىدى ، — ئەمدى مېنىڭ ئاپام بولدۇڭ ، مەنمۇ سېنىڭ پېرلىڭ .

پېرل كەم كۆرۈلىدىغان ئىللىقلىق بىلەن ئانىسىنىڭ بېشىنى پەسكە تارتىپ ، پېشانىسىگە ۋە مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ قويدى . قانداقتۇر بىر تۈرتكە بىلەن بالا ئانىسىغا بەرگەن تەسەللىگە قوشۇپ ، كۈچلۈك بىر ئازابنىمۇ سوۋغا قىلدى . ئۇ ئۇلاپلا ئانىسىنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنىمۇ سۆيۈپ قويدى .

— بۇ ياخشى بولمىدى ، — دېدى خىستېر ، — سەن مېنى سۆيدۇڭ ھەم مازاق قىلدىڭ .

— باستېر ئۇ يەردە نېمىشقا ئولتۇرىدۇ ؟ — سورىدى پېرل .

— سېنى قارشى ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى ئانا ، — بېرى كەل ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئال ! ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ ، قوزام ، ئۇ سېنىڭ ئاپاڭنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ . ئەجەبا سەن ئۇنى ياخشى كۆرمەمسەن ؟ كەل ، ئۇنىڭ سەندىن ھال سورىغۇسى بار .

— ئۇ بىزنى ياخشى كۆرەمدۇ ؟ — سورىدى پېرل زېرەكلەرچە ، ئۇ كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكتى ، — ئۇ بىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ قايتامدىكەن ؟ ئۈچىمىز بىللە بازارغا كىرەمدۇق ؟

— ھازىرچە بولماس ، ئوبدان بالام ، — دېدى خىستېر ، — ھامان بىر كۈنى ئۇ بىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ ماڭىدۇ . بىزنىڭ ئۆيىمىز ۋە ئوت قالايدىغان ئوچىقىمىز بولىدۇ . سەن ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرىسەن ، ئۇ ساڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ . سېنى بەكلا ياخشى كۆرىدۇ ، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىسەن ، شۇنداقمۇ ؟

— ئۇ يەنە مەيدىسىنى تۇتۇۋالارمۇ ؟ — سورىدى پېرل .

— ئەخمەق بالا ، بۇ قانداق سوئال بولدى ؟ — سورىدى ئانىسى تەئەججۇپتە ، — كېلىپ سالام بەر !

لېكىن ، بۇ ئەركە بالا خەتەرلىك رەقىبىگە ھەسەت قىلدىمۇ ياكى غەيرىي تەبىئىتى تۇيۇلدىمۇ ، باستېرغا تەۋازۇ كۆرسەتمىدى . ئانىسى ئۇنى سۆرەپ ، باستېرنىڭ ئالدىغا ئەكەلمەكچى بولغان بولسىمۇ ئۇ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇ بوۋاقلىقىدىن تارتىپلا ھەر خىل غەلىتە قىلىقلارنى چىقىرىپ ، شوخ ئەپتىدىن تۈرلۈك قىياپەت پەيدا قىلىپ ، ھەربىر قىياپىتىدە يېڭى بىر بەتقىلىقلىقنى ئايان قىلاتتى ، باستېرنىڭ كۆڭلى يېرىم ھەم ئوسال بولدى . ئۇ سۆيۈپ قويسام بالا ماڭا يېقىنلىشىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدى ـ دە ، ئېڭىشىپ بالىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى . پېرل ئانىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ

چىقىپ ، ئېرىق بويىغا يۈگۈرۈپ باردى ، ئاندىن قارشى ئېلىنمىغان سۆيۈكىنىڭ ئىزلىرى پاكىز ئېرىغدالغۇچە يۇدى . ئۇ يىراقتا تۇرۇپ خىستىېر بىلەن باستىرغا قارىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېيچى مەقسەت ـ نىشانلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى .

بۇ هايات ـ ماماتلىق ئۇچرىشىش بەرهەم تاپاي دەۋاتاتتى . دەرەخ ۋە قاراڭغۇلۇقتا غەرق بولۇپ كەتكەن كىچىك جىرا دەرەخلەرنىڭ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلار هەققىدىكى شىۋىرلاشلىرىغا زېرىكىش ۋە يېگانىلىك بىلەن قۇلاق سالاتتى . هەسرەتلىك ئېقىن ئېغىر قەلبىگە يەنە بىر سىرلىق هېكايىنى يۈكلەپ ئاقماقتا ئىدى . ئۇنىڭ شاۋقۇنى بۇرۇنقىدەكلا شادىيانە ئەمەس ئىدى .

www.uyghurkitap.com

# 20 . تېخىرقىغان باستېر

باستېر ئاۋۋال قايتتى . ئۇ ماڭغاچ كەينىگە بۇرۇلۇپ ، خىستېر پرون بىلەن پېرلغا تەلپۈنۈپ قارايتتى . ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشىنەلمەي تۇراتتى . كۆل رەڭ كۆڭلەك كىيىۋالغان خىستېر جايىدا تۇراتتى . بوران ئۆرۈۋەتكەن دەرەخ غولىنى يايپېيشل مۇخ قاپلاپ كەتكەندى . دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغان بۇ ئىككى تەقدىرداش ئۇنىڭدا ئولتۇرۇپ ، قىيىنىدا ئېرىشكەن بىر سائەتلىك ئارام ۋە تەسەللىدىن بەھرىلەنگەندى . پېرل كەپىنىزلىك بىلەن تاقلاپ يۈرۈپ ، ئانىسىنىڭ قېشىدىن ئۆز جايىنى تاپتى . چۈنكى ، كېيىن پەيدا بولغان ئۈچىنچى شەخس كېتىپ قالغانىدى . دېمەك ، باستېر ئۇخلاپ قالمىدى ، ئۇنىڭ كۆرگەنلىرىمۇ چۈش ئەمەس ئىدى !

ئۆزىمۇ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان مۇجمەل ، مالىمان تەسىراتلاردىن ساقىت بولۇش ئۈچۈن ، باستېر خىستېرنىڭ بۇ يەردىن كېتىش ھەققىدىكى پىلانلىرىنى ئەستايىدىل ئويلاپ چىقتى . ئۇلار ئويلاشتىكى ، شالاڭ ئىندىئان كەپىلىرى جايلاشقان ساھىللار ياكى كۆچمەنلەر كېلىپ جايلاشقان يېڭى ئىنگلاند ، ھەتتا پۈتۈن ئامېرىكا قىتئەسىگە باققاندا ، كونا قۇرۇقلۇقنىڭ ئاھالىسى زىچ شەھەرلىرى پاناھلىنىشقا تولىمۇ ئەپلىك ئىدى . باستېرنىڭ سالامەتلىكى ئورمانىنىڭ قىيىن شارائىتىغا يار بەرمەيتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ تالانتى ، مەدەنىيەت ساپاسى ۋە پۈتۈن ئىستىقبالى مەدەنىي ، ئېسىل مۇھىتتىلا قەدرىنى تاپالايتتى . ئۇ ئورنى ئۆسكەنسېرى ، قابىلىيىتىنى ئىشقا سالالايتتى ، ئۇلارنىڭ بۇنداق تاللاشقا كېلىشىدىكى يەنە بىر تۈرتكە قولتۇقتا بىر پاراخوتنىڭ

بولۇشى ئىدى. تۇرۇشلىرى ئىنتايىن گۇمانلىق بۇ پاراخوتنى تامامەن قانۇنسىز دېگىلى بولمىسىمۇ، دېڭىزنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن كېزىشتىن خالىي دېمەك تەس ئىدى. بۇ پاراخوت يېقىندا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ شىمالىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئەنگلىيىنىڭ برىستول دېگەن يېرىگە بارماقچىدى. خىستېر پىرون ئايالالار ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ بىر پىدائىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پاراخوت باشلىقى ۋە باشقىلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇلار مەخپىيەتلىكنى قوغداش شەرتى ئاستىدا ئىككى چوڭ ئادەم ۋە بىر كىچىك بالىنى ئورۇن چىقىرىپ بېرەلەيتتى.

باستېر خىستېردىن پاراخوتنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتىنى سوراشقا قىزىقماي تۇرالمىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، پاراخوت تۆتىنچى كۈنى يولغا چىقىدىكەن، باستېر: «بەك ياخشى بوپتۇ» دېگەندى ئىشەنچ بىلەن. ئارتور دىمىسدېل ئەپەندى نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ؟ ئەسلىدە بۇ سىرنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلاش ھاجەتسىز ئىدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن سىر تۇتۇشنى خالىمىدۇقكى، ئۈچىنچى كۈنى باستېر سايلامنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن قۇتبە سۆزلىمەكچىدى. بۇنداق پەيتلەر يېڭى ئەنگلاندىكى باستېرلارنىڭ شانلىق پۇرسىتى ئىدى، ئەلۋەتتە. دىمىسدېل ئەپەندى ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ باستېرلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىكى تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى. «ھېچبولمىغاندا مەن ھەققىدە سۆزلەشكەنلىرىدە ئىشنى تۈگەتمەيلا غايىب بولۇپ كەتتى دېيىشمەس» دەپ ئويلىدى بۇ ئۆلگىلىك ئىنسان. بىچارە باستېرنىڭ ئۆزىنى شۇ قەدەر تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىدىغان ئادەم بولۇپ تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق پاجىئەگە قېلىشى كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدۇ.

قايتىش يولىدىكى ھاياجان باستېرغا ئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچنى ئاتا قىلىپ، چوڭ ـ چوڭ دەسسەپ مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇ چارچاشتىن خالىي كۆتۈلمىگەن جاسارەتتە

يولدىكى توسقۇنلارنى يەڭدى . ئۇ ئىككى كۈن ئىلگىرىكى مۇشۇ يول جاپاسىنى تارتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى جانسىز بولۇپ ، ھالى قالماي ، ئىككى قەدەم ماڭمايلا توختاپ دەم ئالاتتى . ئۇ بازارغا كىرگەن ۋاقىتتىكى تونۇش نەرسىلەر ئۇنىڭغا ناتونۇش تەسىرات بەردى ، گويا ئۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىلگىرى ياكى بىرقانچە ئايلار ئىلگىرى ئەمەس ، بەلكى تالاي يىللار ئىلگىرى بۇ يەردىن ئايرىلغاندەك ئىدى . كوچىدىكى ھەربىر نەرسە گويا ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى بىلەن ئوخشاش ئىدى . ئۆيلەرنىڭ ئۇسلۇبى ، ھويلا تاملىرى ، ئۆينىڭ ئۇستىدىكى خوراز سۈرىتىدىكى شامال يۆنىلىشىنى كۆرسەتكۈچلەر بۇرۇنقىدەكلا ئىدى . ئەمما ، ئۇنى چىرماپ تۇرغىنى يەنىلا ئۆزگىرىش تۇيغۇلىرى ئىدى . باستىرنىڭ قەلبىدىكى چوڭقۇر تۇيغۇلار ھەممە نەرسە ئۆزگەردى دېمەكتە ئىدى . ئۇ ئۆز چىركاۋنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۆزگىرىش تەسىراتى تېخىمۇ روشەنلەشتى . چىركاۋنىڭ گەۋدىسى تونۇش ھەمدە ناتونۇش ئىدى . دىمىسدىل ئەپەندى بۇ چۈشۈمۇ ، ئوڭۇمۇ دەپ تېڭىرقاپ قالدى .

خىلمۇخىل خىيالىي ئۆزگىرىشلەر قانداقتۇر بىر سىرتقى ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەس ، بەلكى مەنزىرىنى كۆزىتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرسىتەتتى . باستىردا ئۈچ كۈنلۈك ھىجران ئۈچ يىللىق ۋەزىنگە توختايدىغاندەك ھېسسىيات كۆرۈلدى . باستىر بىلەن خىستىرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى قىسمەت بۇ ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . بازارغۇ شۇ بازار ، لېكىن ئورماندىن قايتىپ كەلگەن باستىر باشقىچە ئىدى .

دىمىسدىل ئەپەندى ئۆيگە يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋال ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ قەلبىدىكى تەلتۆكۈس ئۆزگىرىشلەرگە ئائىت پاكىتلارنى كۆرسەتتى . روشەنكى ، باستىرنىڭ قەلبىدىكى دۇنيا يىڭىلانمىغان بولسا ، بەختسىزلىك ۋە قورقۇنچنى يۇدۇپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭ ھاياجانلىرىنى چۈشەندۈرۈش تەسكە توختىغان بولاتتى . ئۇ ھەربىر قەدىمىدە ئۇ خىل ـ بۇ خىل

غەلىتە، ئەسەبىي، زەھەرخەندە ئىشلارنى خىيال قىلاتتى، بۇ خىياللار ھەم ئىختىيارسىز، ھەم ئەتەيدەك قىلاتتى. بۇ خىياللارنى بىر تەرەپتىن، تەبىئىي كېلىپ چىقتى دېيىشكە بولاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھاياجانغا قارشى چوڭقۇر ئۆزلۈكتىن كېلىپ چىقتى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ئۆز چېركاۋىنىڭ مۇتىۋەللىسىنى ئۇچراتتى. بۇ ئاق كۆڭۈل بوۋاي ئاتىلارچە مېھرىبانلىق ۋە سالاپەت بىلەن ئۇنىڭغا سالام بەردى، بوۋاي ھۆرمەتكە لايىق ياشقا، پەزىلەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنداق قىلغانىدى. باستىرمۇ ئۆزىنىڭ كەسپى ۋە پەزىلىتىگە يارىشا، مۇناسىپ ھۆرمەتنى بىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى. دىمىسدېل ئەپەندى ھۆرمەتكە سازاۋەر، چاچلىرى ئاقارغان مۇتىۋەللى بىلەن پاراڭلاشقان شۇ پەيتتە مۇقەددەس زىياپەتكە زىت گەپ ـ سۆزلىرىنى مىڭ تەسلىكتە قىسىۋالدى. ئۇ جىددىيلىشىپ تىترەپ كەتتى، چىرايى تاتاردى، تىلىنىڭ ئۆزىگە بويسۇنماي كۆڭلىدىكى قورقۇنچلۇق گەپلەرنى چىقىرىۋېتىشىدىن ئەنسىرىدى، قورقتى، شۇنچە قورقۇپ تۇرسىمۇ، كۇپۇرانە گەپلىرى بىلەن دىيانەتلىك بوۋاينى چۆچۈتۈپ قويۇشنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ تاشلايتتى.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. دىمىسدېل ئەپەندى ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدا، چېركاۋنىڭ ياشانغان بىر ئايال ئەزاسىغا يولۇقۇپ قالدى، ئۇ ناھايىتى تەقۋادار، نەمۇنىلىك خانىم ئىدى. بۇ تۇل ئايالنىڭ قەلبىدە مەرھۇم ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى ھەمدە دوستلىرىغا بولغان سېغىنىشلىق ئەسلىمىلەر خۇددى داغدار كىشىلەرنىڭ قەبرە تاشلىرى تىزىلىپ كەتكەن قەبرىستانغا ئوخشايتتى. بۇ ئەسلىدە شۇ قەدەر ھەسرەتلىك ھايات ئىدى. ئەمما، ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى دىنىي تەسەللى ۋە «ئىنجىل» دىكى ھەقىقەتلەر بىلەن ئۆزىنى ئاۋۇندۇرۇپ، تەقۋادار قەلبىدىكى ئاشۇ ھەسرەتلەرنى ۋەزمىن شادلىققا ئايلاندۇرغانىدى. دىمىسدېل ئەپەندى بۇ ئايالغا مەسئۇل ئىدى. بۇ ئاق كۆڭۈل موماينىڭ بۇ دۇنيادىكى خۇشاللىقىمۇ دىمىسدېل ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈش ئىدى، ئەلۋەتتە،

بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقى جەننەتنىڭ خۇشاللىقىغا ئايلىنالمىسا ھېچنېمىگە ھېساب بولمايتتى ، دوقۇرۇشقاندا ياكى ئۇچراشقاندا باستىرنىڭ سۆيۈملۈك ئاغزىدىن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلىدىغان گەپ ـ سۆزلەر موماينىڭ قېرىلىقتىن پۈتۈپ كەتكەن قۇلاقلىرىغا كىرسە ، روھى بىردىنلا جانلىنىپ كېتەتتى . بىراق ، بۇ قېتىم دىمىسدېل ئەپەندى مومايغا بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولدىيۇ ، لېكىن ئىنسانلار روھىنىڭ دۈشمىنى ئارزۇ قىلغاندەك «ئىنجىل »دىكى بىرەر مۇبارەك سۆزنىمۇ ئەسلىيەلمىدى . نەتىجىدە ، ئۇ روھىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىغا زىت بىرەر ئېغىز گەپنىلا قىلالىدى ، شۇ دەقىقىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى مۇقەررەر بىر رەۋىشتە چۈشەندى . بۇ گەپ ناۋادا ياشانغان بۇ ئايال ئەزانىڭ كاللىسىغا كىرگەن بولسا ، ئېغىر زەخمىلەنگەندەك جايىدىلا تەن بەرگەن بولاتتى . باستېر ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى . باستېر كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا گويا جەننەتنىڭ نۇرلىرى موماينىڭ قورۇق باسقان چىرايىدا ئەكس ئەتكەندەك ، ئۇنىڭ تەشەككۇرانە چىرايىنى كۆردى .

ئۈچىنچى مىسالمۇ بار تېخى ! باستېر بۇ قېرى مۇخلىس بىلەن خوشلىشىپ ياش بىر قىز مۇخلىسقا يولۇقتى . بۇ قىز دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ ھېلىقى ئۇيقۇلۇق تون سەيلىسىدىن كېيىنكى ۋەزىنى ئاڭلاپ مۇخلىس بولغان بولۇپ ، پانىي جاھاننىڭ قىسقا ھۇزۇرىنى جەننەت ئارزۇسىغا تېگىشمەكچى بولغانىدى . قىز گويا جەننەتتە ئېچىلغان گۈلسامساقتەك غۇبارسىز ئىدى . باستېرغا مەلۇمكى ، ئۇ گويا قىزنىڭ پاك قەلب ئىبادەتخانىسىدىكى مەبۇد ئىدى ، قىز ئۇنىڭ ئوبرازىنى قاردەك ئاپئاق قەلب پەردىسى بىلەن يېپىپ ، ئىللىق مۇھەببىتىنى دىنىغا ، دىنىدىكى پاكلىقنى مۇھەببىتىگە قوشۇۋەتكەنىدى . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، شەيتان بۇ بىچارە قىزچاقنى ئانىسىنىڭ قېشىدىن ئېلىپ چىقىپ ئېزىقتۇرغان ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئازغان ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەمنىڭ ئالدىغا تاشلىغان بولسا كېرەك ، قىز ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە ، شەيتان

www.uyghurkitap.com

باستىرغا تۆۋەنچىلىك توغرىسىدا پىچىرلاپ، قىزنىڭ قەلبىگە رەزىللىك ئۇرۇقىنى چېچىشنى ئويلىدى . بۇ ئۇرۇق پىنھان چېچەك ئېچىپ ، ۋاقتى كەلگەندە قاباھەتلىك مېۋىلەرنى بېرەتتى . باستىر ئۆزىگە ئەقىدە باغلىغان بۇ قىزنىڭ قەلبىنى ئېگىز - پەس قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندى . يامان نىيەتلىك بىر نەزەر ئالدىدا قىزنىڭ غۇبارسىز قەلب ئېتىزى چۆللىشىپ كېتەتتى ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن قىزنىڭ غۇبارسىز كۆڭلى تەتۈرىگە ياناتتى ، ئەمما مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر دەملىك ئېچكى كۈرەشتىن كېيىن ، باستىر قارا تونىنىڭ يېڭى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ، قىز مۇخلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ئىلتىپاتسىزلىقىنى قانداق چۈشىنىپ قېلىشىدىن قەتئىينەزەر ، خۇددى تونۇمىغاندەكلا ئالمان - تالمان ئۆتۈپ كەتتى . بىچارە قىز ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ ، قىياسىدىكى مىڭلىغان سەۋەنلىكلەر بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلىدى ، ئىككىنچى كۈنگە كەلگەندە ، كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى .

«ماڭا چاپلىشىۋېلىپ ئېزىقتۇرۇۋاتقان نەرسە زادى نېمە ؟ — دېدى باستىر كوچىدا پېشانىسىگە ئۇرۇپ ، — مەن ساراڭ بولدۇممۇ ياكى ماڭا ئالۋاستى چاپلاشتىمۇ ؟ بايا ئورماندا ئالۋاستى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ، قېنىم بىلەن ئىمزا قويدۇممۇ ، نېمە ؟ ئەمدى ئۇ مېنى تەسەۋۋۇردىكى رەزىل ئىشنى قىلدۇرماقچىمىكىنە ؟ »

دىمىسدېل ئەپەندى ئۆز - ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەپ پېشانىسىگە ياققىدە بىرنى ئۇرغاندا ، پېرىخون ھىببىنىس خانىم ئۆتۈپ قالدى . ئۇ ئېگىز شىلەپە ، كۆركەم دۇخاۋا پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ ، داڭلىق سېرىق كىراخمالدا قاتۇرۇلغان پۈرمە ياقىنى ئورىۋالغانىدى . ئۇ باستىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن ياكى بىلمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ، قەدىمىنى توختىتىپ باستىرغا تىكىلدى - دە ، مەككارلارچە كۈلدى ھەمدە بۇرۇندىن پاراڭلىشىپ باقمىغان باستىرغا گەپ ئاچتى :

— قەدىرلىك باستىر ئەپەندى ، ئورماننى ئايلىنىپ كەپسىز - دە ، — پېرىخون ئېگىز شىلەپىلىك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ

ئېيتتى ، — كىلەر قىتىم ماڭا دەپ قويسىڭىز ، سىزگە ئىپتىخار بىلەن ھەمراھ بولىمەن . لاپ ئەمەسكى ، بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسام ، سىز بىلىدىغان ھېلىقى ئىمتىيازلىق ئادەم ھەرقانداق ناتونۇش ئادەمگە قىزغىن بولىدۇ !

— راست دەيسىز ، خانىم ، — باستېر جاۋاب بەرگەچ تەزىم بەجا كەلتۈردى ، بۇ خانىمنىڭ ئورنى ۋە باستېرنىڭ سالاھىيىتىگە يارىشا بىر ئىش ئىدى ، — ۋىجدانىم ۋە پەزىلىتىم كېپىلكى ، ئېيتقانلىرىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىم ! ئورمانغا بىرەر نوپۇز ئىگىسىنى ئىزدەپ بارغىنىم يوق ، كېيىنمۇ ئۇنداق بولمايدۇ . ئۇ يەرگە ساداقەتمەن دوستۇم ئېلىئوتنى يوقلىغىلى ۋە يات دىندىن قايتقان مۇخلىسلارنىڭ قىممەتلىك روھىنى قۇتلاش ئۈچۈن باردىم .

— ھا ـ ھا ـ ھا ! — پىرىخون كۈلۈپ كەتتى ، ئۇ باستېرغا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ دېدى ، — بولدى ، بولدى ، كۆپكۆندۈزدە شۇنداق دېمەي بولامتى ، كېچىدە ئورماندا باشقا گەپلەرنى دېيىشەرمىز .

پىرىخون سالاپەت بىلەن كېتىپ قالدى ، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ كۈلەتتى ، خۇددى ھەممە سىرنى بىر قاراپلا بىلىۋالغاندەك ئىدى .

«ئالۋاستىغا تۇتۇلدۇممۇ ، نېمە ؟ — دېدى باستېر كۆڭلىدە — كىشىلەرنىڭ دېگىنى راست بولسا ، پاتلانغان ياقا ئىچىگە كىرىۋالغان دۇخاۋا پەلتولۇق جادۇگەر بۇرۇنلا ھېلىقى ئالۋاستىنى پىر تۇتقانىكەن ـ دە !»

بىچارە باستېر ! گۇناھلىق قىلمىشلارغا ئەل بولدى . ئاشۇ گۇناھىنىڭ زەھىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەخلاقىغا يامراپ ، بارلىق مۇقەددەس ھاياجانلىرىنى مەسخىرە قىلىپ ، رەزىللىكلىرىنى قوزغىتىپ ، ئۇنى ئاجايىپ ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى . ئۇنىڭ ھېببىنىس خانىمغا يولۇقۇپ قېلىشى ، دېيىشكە توغرا كەلسە ، پىسىنىڭ پىسىگە قوشۇلۇشىنى بىلدۈرەتتى .

باستېر شۇ تاپتا قەبرىستانلىقنىڭ قېشىدىكى تۇرالغۇسىغا يېتىپ كەلگەنىدى . ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ پەشتاققا چىقىپ ، كۇتۇپخانىسىغا

www.uyghurkitap.com

يۇشۇرۇنماقچى بولدى . ئۇ ئۆزىگە تونۇش ئۆيگە كىرىپ ئەتراپقا قارىدى ۋە كىتابلارنى ، دېرىزىنى ، تام ئۇچاقنى ، تامدىكى راھەتبەخش گىلەملەرنى كۆردى ، ئەمما ئورماندىن قايتىش جەريانىدا ئەسىر قىلىنىۋالغان غەلىتە خىياللار كاللىسىدا تېخى بار ئىدى . ئۇ بۇ يەردە كىتاب ئوقۇغان ۋە يازغان . ئۇ بۇ يەردە روزا تۇتۇپ ، كېچىلىك ئىبادەتلەرنى قىلىپ ، ھەتتا نىمجان بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ بۇ يەردە بېرىلىپ تىلاۋەت قىلغانىدى ، ئۇ بۇ يەردە تالاي قىيناقلارغا بەرداشلىق بەرگەنىدى . بۇ يەردە نەپىس مۇقاۋىلانغان «ئىنجىل» بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇسا قاتارلىق ئەنبىيالارنىڭ نەسىھەتلىرى قەدىمكى ئىبراي تىلىدا پۈتۈلگەنىدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ۋەھىيلىرى ئىدى . شىرەدە سىياھقا چىلانغان پەي قەلەمنىڭ يېنىدا داۋامى چىقمىغان قۇتبە تېكىستى بولۇپ ، مەلۇم بىر سۆز ـ جۈملە يېرىم ھالەتتە توختاپ قالغانىدى ، چۈنكى ئىككى كۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ پىكىرلىرى قەغەز يۈزىگە كۆچمەي تۇرۇۋالغانىدى . تاتىراڭغۇ ، ئورۇق باستېرنىڭ قىلغان ئىشلىرى ، چەككەن مۇشەققەتلىرى ، سايلام تەبرىكى ھەققىدىكى قۇتبە تېكىستلىرى ئۆزىگە ئايان ئىدى . ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ بۇرۇنقى ئۆزىگە كەمستىش ، ھېسداشلىق ۋە ھەۋەس ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بىر كەيپىياتتا قارايتتى . بۇرۇنقى ئۆزلۈك كەلمەسكە كەتتى ، يەنە بىر ئادەم ئورماندىن قايتىپ كەلدى . ئۇ سىرلىق بىلىملەرنىڭ ئىگىسى بولمىش زېرەك كىشى ئىدى . بۇ بىلىملەرنىڭ بۇرۇنقى ئاددىي كاللىدا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، بۇ بىلىملەر كىشىنى كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قوياتتى .

باستېر خىيالغا پاتقاندا ، كىتابخانا ئىشىكى چېكىلدى . باستېر ئىجازەت بەردى . ئۇ بىر ئالۋاستىنى كۆرۈشنى خىيالغا كەلتۈرمىگەنمۇ ئەمەس ئىدى . دەرۋەقە ، روج چىللىڭۋورس كىرىپ كەلدى . باستېر تاتارغان ھالدا ، گەپ ـ سۆز قىلماي تۇراتتى ، ئۇنىڭ بىر قولى «ئىنجىل»دا ، يەنە بىر قولى مەيدىسىدە ئىدى .

— قايتىپ كەلگىنىڭىزگە مەرھابا ، قەدىرلىك باستېر ئەپەندى ، — دېدى دوختۇر ، — مۆھتەرەم ئېلىئوتنىڭ روھى ئوبدان تۇرۇۋېتىمۇ ؟ تاتىرىپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا ، باياۋاندىكى سەپىرىڭىزدە ھاردۇق يەتكەندەك تۇرىدۇ . سايلام تەبرىكىگە دائىر ۋەزىپىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ، سالامەتلىكىڭىزنى ئوبدان قىلساق بولارمىكىن ؟

— ياق ، ھاجىتى يوق ، — دېدى دىمىسدېل ئەپەندى ئۇلاپلا ، — سەپەر ۋە مۇخلىسلار بىلەن ئۇچرىشىش ، ئەركىن ھاۋا ماڭا پايدا قىلىپ قالدى ، ئەسلىدە كۇتۇپخانىدا كۆپ ۋاقتىمنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قاپتىمەن . دورىڭىزغا ئېھتىياجىم قالمىغاندەك تۇرىدۇ ، ئاق كۆڭۈل دوختۇر ، گەرچە ئۇ دورىلار دوستانە قولدىن چىققان شىپالىق دورا بولسىمۇ .

روج چىللىڭۋورس بىمارلارنى كۆزىتىدىغان ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن باستېرغا تىكىلدى . ئۇ چاندۇرمىسىمۇ ، شۇنىڭغا ئىشەندىكى ياكى ھېچبولمىغاندا شۇنداق قىياسقا كەلدىكى ، باستېر خىستېر پىرون بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ، ئەمدى ئۇ باستېرنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچسىز دوست ، زەھەرخەندە دۈشمەنگە ئايلىنىپ بولغانىدى . ئىشلار ئاشكارا بوپتۇ ، ئەمدى چانماي قالمايدۇ . قىزىق يېرى ، ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ پاش بولۇشى ئۈچۈن مۇئەييەن ۋاقىت كېتىدۇ ، ئىككىسى بەزى گەپلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشاتتى ، ئېھتىيات بىلەن ئىلگىرىلەپ پاسىلغا كېلىپ قالغاندا ، دەرھال داجىشىپ ، چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتى . باستېر ئەمدى روج چىللىڭۋورسنىڭ ئىشنى ئاشكارىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىمەيتتى . بىراق ، دوختۇر باشقىلارغا چانمايدىغان ۋاستىلەر بىلەن سىرغا قورقۇنچلۇق ھالدا يېقىنلاپ كەلدى .

— بۈگۈن ئاخشام ، — دېدى دوختۇر ، — ئەرزىمەس ھۇنىرىمنى بىر سىناپ باقامسىز ؟ دەرۋەقە ، سۆيۈملۈك ئەپەندى ، بۇ نۆۋەتلىك تەبرىك نۇتقىڭىزنىڭ جانلىق چىقىشى ئۈچۈن تىرىشمىساق بولمايدۇ ، كىشىلەرنىڭ سىزدىن كۈتىدىغىنى بەك

چوڭ ! ئۇلار كېلەر يىلى ئۆزلىرىنىڭ باستىرىنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

— راست، ئۇ يەنە بىر دۇنياغا كېتىدۇ، — باستىر ھەممە ئىشتا تەقدىرگە بويسۇنىدىغان كەيپىياتتا دېدى، — خۇدا خالىسا، ئۇ ياخشىراق بىر دۇنيا. راستىنى دېگەندە، كېلەر يىلى مۇخلىسلىرىم بىلەن ئۆتكۈزەلمىسەم كېرەك. لېكىن، سۆيۈملۈك ئەپەندى، ئەھۋالىمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دورىلىرىڭىزنىڭ ئەمدى كېرىكى قالمىدى.

— بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدۇم، — دېدى دوختۇر جاۋابەن، — داۋالاشلىرىم نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كار قىلماي، ئۇنۇمىنى ئەمدى كۆرسىتىشكە باشلىغاندەك قىلىدۇ. راستىنلا شۇنداق بولسا، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىپ، يېڭى ئەنگلاندنىڭ تەشەككۈرىنى قوبۇل قىلىشقا مۇناسىپ كەلگەن بولاتتىم.

— سىزدىن مىننەتدارمەن، كۆيۈمچان دوستۇم، — دېدى دىمىسدېل ئەپەندى كۈلۈپ، — سىزگە تەشەككۈر، ھەممەتلىرىڭىزنى دۇئالىرىم بىلەن قايتۇرىمەن.

— ياخشى ئادەمنىڭ دۇئاسى ئالتۇندەك، — دېدى روج چىللىڭۋورس خوشلاشقاچ، — ئۇ بەئەينى يېڭى يېرۇسالىمنىڭ ئالتۇن تەڭگىلىرى، ئۇنىڭغا خۇدانىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

باستىر يالغۇز قالغاندىن كېيىن، خىزمەتكارىنى غىزا تەييارلاشقا بۇيرۇدى، تاماق كەلگەندىن كېيىن، ئىشتىھا بىلەن يېدى، ئاندىن بۇرۇن يازغان تەبرىك سۆزىنى ئوچاققا تاشلاپ، قايتا يېزىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پىكىر ۋە ھاياجانلىرى قەلەمنىڭ ئۇچىدىن ئاقاتتى، ئۇ ئۆزىنى ۋەھىيگە ئېرىشكەندەك ھېس قىلدى، لېكىن تەڭرىنىڭ ۋەھيي كۈيلىرىنى يەتكۈزۈشتە نېمىشقىدۇر ئۆزىدەك پاسىق جان ئىگىسىنى ۋاستە قىلىپ تاللىغانلىقىنى چۈشەنمەي قالدى. بەربىر ئۇ سىرلار بىر كۈنى يېشىلەر ياكى مەڭگۈ يېشىلمەس، ئۇ يازىدىغىنىنى يېزىۋېرسۇن. شۇ كېچىسى ئۇ خۇددى تۇلپارغا مىنىپ پەرۋاز قىلغاندەك بولدى. تاڭ ئاتتى، پەردىدىن



www.uyghurkitap.com

شەپەق نۇرى كىردى ، ئاخىر تاڭنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كۇتۇپخانىغا چۈشۈپ ، باستېرنىڭ تورلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى يورۇتتى . ئۇ ئولتۇراتتى ، ئۇنىڭ قولىدا قەلەم ، لەرزان يېرىك بىر ئەسەر روياپقا چىقتى !

www.uyghurkitap.com

## 21 . يېڭى ئىنگلاندىنىڭ بايرىمى

يېڭى گوبېرناتور خەلقتىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان شۇ ئەتىگىنى خىستېر پرون بىلەن پېرل بازارغا كىردى . بازار كاسىپلار ۋە باشقا ئادەملەر بىلەن تولغانىدى . ئارىدا بەزى تومپاي كىشىلەرمۇ بار بولۇپ ، بۇغا تېرىسىدىن كىيىم كىيىۋالغانىدى ، سىياقىدىن ئۇلارنىڭ بۇ مۇستەملىكە پايتەختىنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلاردا ياشايدىغان ئاھالىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى . بۇ ئاممىۋى بايرامدا خىستېر يەتتە يىلدىن بۇيانقى ئادىتى بويىچە كۈل رەڭ ماتا كۆڭلەكنى كىيىۋالغانىدى . كۆڭلەكنىڭ رەڭگى ، بولۇپمۇ نۇسخىسى خىستېرنىڭ قامىتىنى ئەلەڭ قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەتمەيتتى ، ئەمما ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ھېلىقى قىزىل خەت خىستېرنى تۇتۇق رەڭدىن تارتىپ چىقىرىپ ، ئەخلاقىنىڭ ئالدىدا ئايان قىلاتتى . ئۇنىڭ كىشىلەرگە تونۇش چىرايىدىن مەرمەردەك سالقىنلىق چىقىپ تۇراتتى . بۇ ھالەت بىر نىقابنى ياكى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدىكى جىمجىتلىقنى ئەسلىتەتتى . ئەمەلىيەتتىمۇ خىستېرنىڭ ھېسداشلىق تەلەپ قىلغۇدەك ھەققى بولۇپ ، كىشىلەر ئارىسىدا يۈرگەندەك قىلغان بىلەن ، گويا بۇ ئالەم بىلەن ۋىدالىشىپ بولغانىدى .

بۈگۈن ئۇنىڭ چىرايىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىپادە بولۇپ ، بۇ ئىپادە تېخى دېگەندەك روشەن ئەمەس ئىدى . ئۇ يەتتە يىللىق ئازابنى چىداپ باشتىن كەچۈرۈپ ، كىشىلەرنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىنى مۇقەررەر جازا ۋە بىر خىل دىنىي تاۋلىنىش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ كەلدى . مانا ئەمدى ، ئۇ ئەركىن ۋە ئىختىيارىي ھالدا كىشىلەرنىڭ تىكىلىشلىرىگە ئاداققى قېتىم يۈزلىنىپ ، ئۇزۇن يىللىق ئازابنى غەلىبىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى . «بۇ قىزىل خەتكە

ۋە قىزىل خەت تاقىۋالغان ئايالغا ئاخىرقى قېتىم قارىۋېلىشلار، — دەيتتى ئاشۇ قۇربان بەرگۈچى ۋە ئاشۇ ئۆمۈرلۈك قۇل كۆڭلىدە، — ئازراق ئۆتسە ئۇ يىراققا كېتىدۇ! نەچچە سائەتتىن كېيىن چوڭقۇر دېڭىز ئۇنىڭ مەيدىسىدە كۆيۈۋاتقان بەلگىنى غەرق قىلىدۇ.»

ئۇ پىرلىنى گۈلدەك ياساندۇرۇپ قويغانىدى. كىشىلەر ئاپتاپتەك نۇرانە بۇ شەيتاننىڭ ئاشۇ كۆل رەڭ كىيىملىك ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ياكى بالىنىڭ كىيىمىدىكى نەپىسلىك ۋە يارىشىمىلىقمۇ خىستېرنىڭ ئاددىي سىياقىدا گەۋدىلەنگەن ئالاھىدىلىكنىڭمۇ ئاشۇ بىلەن بىر قولدىن چىققانلىقىنى پەرەز قىلالمايتتى. بۇ ئالاھىدە كۆندە خىستېرنىڭ كەيپىياتىدا ھاياجان ۋە ئارامسىزلىق بار ئىدى. ئۇنىڭ كەيپىياتى كىشىلەرگە دولقۇنلۇق نەپەس تۇپەيلى لەرزىگە كېلىپ مىدىرلاۋاتقان مەيدىدىكى مارجاننى ئەسلىتەتتى. بالىلار ئۆزلىرىگە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ھاياجىنىغا باغلىنىپ كېتىدۇ، ئائىلىدە بىرەر ئاۋارىچىلىك ياكى جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەندە تېخىمۇ شوخ ۋە بولىدۇ. پىرل تىنىمسىز ھەرىكەتلىرى بىلەن خۇددى ئانىسىنىڭ يۈرىكىگە ئېسىلغان جاۋاھىردەك ئۇنىڭ تاشتەك جىمجىتلىقىدىكى ھېسسىياتىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىدا قۇشتەك جەۋلان قىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ توۋلايتتى، چىرقىرايتتى، ئۇلار بازارغا كىرگەندە جانلىق بازار كەيپىياتى پىرلنىڭ كەيپىياتىنى ئەۋجىگە چىقاردى. ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۇ يەرنى بىر سودا مەركىزى دېگەندىن كۆرە، كەنت ئۇيۇشمىسى ئالدىدىكى كەڭ ۋە تەنھا چىملىق دېگەن تۈزۈك ئىدى.

— ئۇ نېمە، ئاپا؟ — دېدى ئۇ، — خەق بۈگۈن ئىش قىلمامدۇ؟ بۈگۈن پۈتكۈل جاھان ئارام ئالامدۇ؟ قارا، ئاۋۇ تۆمۈرچىگە، ئۇ يۈزىدىكى قارىلارنى يۇيۇپ، يەكشەنبىلىك كىيىمىنى كىيىۋاپتۇ. قېرى گۇندىپاي بلاكىت ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ. ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ، ئاپا؟

— ئۇ سېنىڭ بوۋاقلىقىڭنى بىلىدۇ، بالام، — دېدى خىستېر.

— چىرايى قاپقارا، كۆزلىرى سەت ئۇ قېرى بۇتىڭلىق بىلەن ماڭا قاراپ كۈلۈپ يۈرمەس، — دېدى پېرل، — ئۇ خالىسا ماڭا سالام بەرگەن بولاتتى. چۈنكى، سەن كۈل رەڭ كۆڭلىكىڭگە قىزىل خەت تاقىۋالغان تۇرساڭ. قارا، ئاپا، بۇ يەردە نۇرغۇن ناتونۇش ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىندىئانلار بىلەن ماتروسلارمۇ بار ئىكەن! ئۇلار بۇ بازارغا نېمىدەپ كەلگەندۇ؟

— ئۇلار پاراتتىن ئۆتىدىغانلارنى ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى خىستېر، — گوبېرناتور ۋە باشقا ئەمەلدارلار بۇ يەردىن مېڭىپ ئۆتىدۇ، يەنە باستېرلار ۋە ئېسىل ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ بار. مۇزىكانتلار ئەترىتى ۋە ئەسكەرلەر ئۇلارغا يول باشلايدۇ.

— بۇ يەردە باستېرمۇ بارمۇ؟ — سورىدى پېرل، — ئۇ ھېلىقى ئېرىق بويىدىكىدەك ماڭا قول ئۇزىتارمۇ؟

— ئۇمۇ بار، بالام، — دېدى خىستېر، — ئەمما ئۇ بۈگۈن ساڭا قول ئۇزىتالمايدۇ، سەنمۇ شۇنداق قىلما.

— ئۇ ھەسرەتلىك غەلىتە ئادەم ـ ھە! — دېدى پېرل ئۆز ـ ئۆزىگە، — ھېلىقى كېچىسى ئۇ ئىككىمىزنى چاقىرىپ، قوللىرىمىزنى تۇتقىنىچە جازا سۇپىسىدا تۇردى. ئورمانلىقتا پەقەت كاداڭ دەرەخلەرلا ئاڭلىيالايدىغان يوچۇقتەك ئاسمانلا كۆرەلەيدىغان يەردە ئۇ سەن بىلەن مۇخ ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، تېخى مېنىڭ پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى، ئۇنى ئېرىقنىڭ سۈيىدە يۇيۇپمۇ چىقىرالمىدىم. ئەمما، ھاۋا ئوچۇق، ئادەم تولا بۇ يەردە ئۇ بىزنى تونۇمايدىكەن، ئۇنى بىزمۇ تونۇماسقا سالىدىكەنمىز! ئۇ راستىنلا كۆڭلى يېرىم غەلىتە ئادەم ئىكەن، ھەمىشە مەيدىسىنى تۇتۇۋالىدىكەن.

— جىم تۇر، پېرل! سەن بۇ ئىشلارنى چۈشەنمەيسەن، — دېدى ئانىسى، — باستېرنى ئويلاپ يۈرمەي، ئەتراپىڭغا قارا، ئادەملەر شۇنچە خۇشال، بالىلارمۇ مەكتەپتىن قايتتى، چوڭلارمۇ

دۇكانلىرىدىن ۋە ئېتىزلاردىن كېلىشتى . چۈنكى ، بۈگۈن يېڭى بىر ئادەم ئۇلارغا باشلىق بولىدۇ . ئىنسانلار دۆلەت قۇرغاندا ئەنە شۇنداق قىلىشىدۇ ، ئۇلار بولۇشقا تەنتەنە قىلىشىدۇ ، خۇددى قەدىمكى ۋە نامرات دۇنيا شۇ كۈندىن باشلاپ ئالتۇن دەۋرگە كىرگەندەك .

خىستېر توغرا ئېيتقانىدى . كىشىلەرنىڭ چېھرىدە ئالاھىدە كۈلكە جىلۋىسى ، بۇرۇندىن شۇنداق بولۇپ كەلگەن ، كېيىنكى ئىككى ئەسىر مابەينىدىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى . پورىتان مۇخلىسلىرى ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى يول قويغان بارلىق خۇشاللىق ۋە تەنتەنىنى بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى ئاشۇ كۈنگە مۇجەسسەم قىلىپ كەلگەنىدى . شۇڭا ، كىشىلەر بىر يىللىق غەشلىكلىرىنى تاشلايتتى . بۇ تېپىلغۇسىز كۈندە ، كىشىلەرنىڭ روھى باشقا جايلاردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەس باسقان چاغلاردىكى ئەلپازىدىن ئاز - تولا پەرق قىلاتتى .

بۇ ئەينى يىللارنىڭ كەيپىياتى ۋە ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ ، ئۇنىڭ كۈل رەڭ تۈسىنى ئازراق مۇبالىغە قىلىنىۋەتكەن بولۇشىمىز مۇمكىن . بايرام كۈنلىرىدە مۇنتىزىم دىنىي پەرزلەر سۈپىتىدە قاتتىق ئەمەل قىلىنىۋاتقان ئاددىي - ساددا تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى ئازراق بوشىتىشقا بولاتتى .

بازاردىكى تۇرمۇش كارتىنىلىرىدا بۈگۈن ئاساسەن دېگۈدەك ئەنگلىيە كۆچمەنلىرىنىڭ ھەسرەتلىك كۈل رەڭ ، قوڭۇر رەڭ ۋە قارا رەڭلىرى ئىپادىلەنسىمۇ ، ئۇنىڭغا باشقا رەڭلەرنىڭمۇ قوشۇلۇشى تۈپەيلى كەيپىيات جانلىق كۆرۈنگەندەك قىلاتتى . بىر توپ ئىندىئانلار ياۋايىلار كىيىدىغان غەلىتە شەكىللەر چۈشۈرۈلگەن تېرە كىيىملەرنى كىيىشىپ ، سەدەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋالغان تاسمىلارنى باغلاپ ، باشلىرىغا قىزىل ، سېرىق كەھرىۋا ۋە پەيلەرنى تاقاپ ، ئۆشنىلىرىگە ئوقيا ۋە ساداقلىرىنى ئېسىپ ، ئۇچى تاشتىن ياسالغان ئۇزۇن نەيزىلەرنى تۇتۇپ بىر چەتتە تۇرۇشاتتى . ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى مەردانە كەيپىيات پورىتان مۇخلىسلىرىنىڭكىدىن

www.uyghurkitap.com

ھەرگىز قىلىشمايتتى. بەدىنىنى ئالا ـ بۇلىماچ قىلىۋالغان بۇ ياۋايىلارنى بۇ مەيداندىكى ئەڭ قوپال كىشىلەر دېگىلى بولمايتتى. لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ شىمالىي دېڭىز رايونىدىن كەلگەن ماتروسلارنى ھەقىقىي قوپال ئادەملەر دېيىشكە بولاتتى، ئۇلار سايلام تەنتەنىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشكەنىدى. ئۇلار جېنىدىن تويغان بىر توپ قوپال ئادەملەر بولۇپ، چىرايلىرى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇلار بومبا ساقال قويۇپ، كالتە ئىشتان كىيىپ، كەڭ تاسمىلارنى باغلاپ، ئالتۇن تۇگمىلەرنى قاداپ، يوغان پىچاق ۋە شەمشەرلەرنى ئېسىۋېلىشقانىدى. پالما يوپۇرمىقىدىن توقۇلغان كەڭ چېكىلىك شىلەپىنىڭ ئاستىدىكى كۆزلەر كەيپىيات ئۈستۈن پەيتلەردىمۇ ۋەھشىيانە كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئاممىۋى يوسۇنلارغا پىسەنتىمۇ قىلماي، چاپارمەنلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تاماكا چېكىشەتتى، ئەسلىدە بۇنىڭ ئۈچۈن بىر شىللىڭ جەرىمانە ئېلىناتتى. ئۇلار ئەيمەنمەستىن بوتۇلكىلىرىنى چىقىرىشىپ، ۋىنو ياكى باشقا ئۆتكۈر ھاراقلىرىنى ئىچىشەتتى ھەمدە ھەيران بولۇپ قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرگە سۇناتتى. بۇ ھال ئەينى ۋاقىتتىكى ئەخلاقىي كەمتۈكلۈكنى ئاشكارىلاپ بېرەتتى، بۇ دېڭىزچىلارغا قىلىنغان كەڭچىلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇرۇقلۇقتا خالىغىنىنى قىلىشى چەكلەنمەيتتى، ئۇلار دېڭىزدىن ئىبارەت ماكاندا جاھاننى بېشىغا كىيەتتى. ئۇ چاغلاردىكى ماتروسلار ھازىرقى دېڭىز قاراقچىلىرىدىن پەرقسىز دېگۈدەك ئىدى. كۆز ئالدىمىزدىكى پاراخوتتا تۇرۇۋاتقانلارنى ئالساق، ئۇلار دېڭىزچىلىقتا يامان نامى ئۈنچىلىك پۇر كەتكەنلەردىن بولمىسىمۇ، بىزنىڭچە، ئۇلارنىڭ ئىسپانىيە سودا پاراخوتىنى بۇلىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھازىرقى سوتخانىلاردا ئۇلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىش خەۋپى بار ئىدى.

ئۇ زامانلاردىكى دېڭىز قەھرىلىك بولۇپ، ناھايىتى ئۆز بېشىمچى ئىدى، پەقەت شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنغىلا بويسۇنۇپ، ئىنسانلار قانۇنىنىڭ بويۇنتۇرۇقلىرىنى قوبۇل قىلمايتتى. دولقۇنلار ئارىسىدا يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېڭىز

قاراقچىلىرى ئۆز ئىشىدىن قول ئۈزگەن ھامان نامىشەرىپى بار سەممىي ئادەمگە ئايلىنىپ كېتەتتى . ئۇلار باشباشتاق تۇرمۇشقا ھەلەك بولغان چاغلاردىمۇ ، كىشىلەر ئۇلارنى ئەرزىمەس ياكى ئاربلاشقىلى بولمايدىغان چاكىنا ئادەملەر دەپ قاراپ كەتمەيتتى . قارا مۇراسىم كىيىمى كىيگەن ، كراخماللانغان پۇرمە ياقىنى ئورىۋالغان ، ئۇچلۇق شىلەپە كىيىۋالغان پورىتان ئاقساقاللىرى بۇ بىر تۇركۇم خۇشال ماتروسلارنىڭ قىيقاس - سۈرەنلىرى ۋە قوپال قىلىقلىرىغا مېھرىبانلارچە كۈلۈپ قوياتتى . روج چىللىگۇۋۇرستەك ئابرۇيلۇق بىر دوختۇرنىڭ بازارغا كىرىپ ، شۇبھىلىك ئاشۇ پاراخوتنىڭ كاپىتانى بىلەن بىمالال پاراڭلىشىۋاتقانلىقىمۇ ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمايتتى ، ھېچكىممۇ سۆز - چۆچەك قىلمايتتى .

كاپىتاننىڭ كىيىمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ نەدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، كۆزگە چېلىقارلىق ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ كىيىملىرىگە ئېسىل لېنتىلار كەشتىلەنگەن ، شىلەپىسى زەر جىيەك بىلەن قاپلانغانىدى ، شىلەپىگە يەنە ئالتۇن زەنجىر ئېسىلىپ ئۇستىگە پەي قادالغانىدى . بېلىدە ئۇزۇن شەمشەر ، پېشانىسىدە تاتۇقى ، چاچ پاسونىدىن قارىغاندا ، گويا تاتۇقنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇشكە ئۇرۇنغاندەك قىلاتتى . قورۇقلۇقتىكىلەر ئاشۇنداق كىيىنىپ ، كۆرەڭلەپ يۈرىدىغان بولسا ، ئەمەلدارلارنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا دۇچ كېلەتتى ، ھەتتا جەرىمانە تۆلەيتتى ياكى ھەپسىگە ئېلىناتتى ، خالايىق ئالدىدا سازايى قىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . ئەمما ، بۇ كاپىتاننىڭ سالاھىيىتىگە نىسبەتەن خۇددى قاسىراق بېلىققا ياراشقاندەك ماس كەلگەنىدى .

بىر ستولغا بارىدىغان پاراخوتنىڭ كاپىتانى دوختۇر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن بازار چۆرگىلىدى . ئۇ خىستېر پرون تۇرغان يەرگە كېلىپ سالام قىلدى . ئادەتتىكىدەكلا خىستېرنىڭ يېنىدا ھېچكىم بولمايتتى ، خۇددى ئالۋاستى چەمبىرىكى باردەك ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن يولىمايتتى . ئاشۇ چەمبىرەكنىڭ سىرتىدىكى

www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ھەرقانچە قىستالسىمۇ، خىستېرنىڭ يېنىدىكى بوشلۇققا كىرىشكە تەۋەككۇل قىلمايتتى. مانا بۇ قىزىل بەلگە كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي يېتىملىك ئىدى. بۇنىڭدا خىستېرنىڭ باشقىلاردىن ئۆزىنى تارتىشىمۇ بار ئىدى، شۇنداقلا ئانچە چوڭ دۈشمەنلىك بولمىغاندىمۇ قېرىنداشلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشلىرىمۇ بار ئىدى، ئاشۇ چەمبىرەك بۇرۇن پايدىسىز بولغان بولسىمۇ، ئەمدى پايدىلىق بولۇۋاتاتتى، ئۇ ئەمدى كاپىتان بىلەن پاراڭلىشالايدۇ ۋە بۇنى ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ، خىستېرنىڭ باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى نام ـ ئاتىقىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇپ، بازاردىكى ئەڭ مۆمىن ئايالنىڭ پارىڭىدىن كۆرە، ئۇ ئىشەنچلىكرەك تۇيۇلاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، خانىم، — دېدى كاپىتان، — پاراخوتتىكى ئورنىڭىزنىڭ يېنىغا يەنە بىر كىشىلىك ئورۇننى قالدۇرىدىغان بولدۇق. ئەمدى سەپەردىكى قان بۇزۇلۇش ۋە كېزىكنىڭ ھەرەجلىرىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدۇق! پاراخوتتا تاشقى كېسەللىك دوختۇرى بىلەن بۇ دوختۇر بىللە بولسا ياخشى بولىدۇ، ئەمدى دورا كەم بولمىسىلا بولاتتى. دورىغۇ يوق ئەمەس، ئۇنى بىز بىر ئىسپانىيە پاراخوتىدىن تېگىشكەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى خىستېر ھەيران بولۇپ، — يەنە بىر خېرىدارىڭىز بارمىدى؟

— ئەجەبا، خەۋىرىڭىز يوقمىدى؟ — دېدى كاپىتان يۇقىرى ئاۋازدا، — روج چىللىڭۋورس دېگەن دوختۇر سىز بىلەن بىللە پاراخوتىمىزنىڭ تاماقلىرىغا ئېغىز تەگمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ سىزگە ئىپتىقاندىكىن، خەۋىرىڭىز باردۇر، سىلەر ھەمراھلار ئىكەنسىلەر، ئۇ سىز تىلغا ئالغان ھېلىقى ئەپەندىنىڭ يېقىن دوستىمىش. سىز ئۇ ئەپەندىنى لەنتى پورىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان دېمىگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق، ئۇلار چۈشىنىشىدۇ، — خىستېر قەلبىدە ھەيرانلىق بولسىمۇ تەمكىن ئىپتىشقا تىرىشتى.

كاپىتان بىلەن خىستىر پرون ئارتۇق گەپ قىلىشمىدى . خىستىر روج چىلىلىگۈورسىنىڭ بىر بۇلۇڭدا تۇرۇپ ھەجىيىۋاتقانلىقىنى كۆردى . بۇ كۇلكە كەڭرى مەيدان ، كۇلكە سادىلىرى ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ، ھەۋەس ۋە ئىشتىياقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، قورقۇنچلۇق بىر ئۇچۇرنى ئېلىپ كەلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## 22 . نامايىش

خىستىر پرون زېھنىنى يىغىپ ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ ئىشقا قانداق چارە بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاۋاتقىنىدا ، ياندىكى بىر كوچىدىن ھەربىي مۇزىكا ئاڭلاندى ، بۇ نامايىش ئەترىتىنىڭ كېلىش زالىغا قاراپ ماڭغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . قائىدە بويىچە باستىر دىمىسدىل سايلام ھەققىدىكى تەبرىكلەش ۋەزىنى ئاشۇ يەردە سۆزلەيتتى .

ئۇزاق ئۆتمەيلا نامايىشچىلار كۆرۈندى ، ئۇلار ئاستا ھەم ھەيۋەت بىلەن ئىلگىرىلەپ ، دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ بازار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى . ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ھەربىي ئوركېستىر ھەر خىل چالغۇلارنى كۆتۈرۈۋالغانىدى ، دېگەندەك ماسلىشىپ كېتەلمىسىمۇ ھەم چېلىش ماھارىتى يۇقىرى بولمىسىمۇ ، دۇمباق ۋە سۇنايلارنىڭ ئاۋازى كىشىلىك تۇرمۇشنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ ، يۇكسەك ۋە باتۇرانە كەيپىيات يارىتىش مەقسىتىگە تامامەن يېتەتتى . پېرل باشتا ئالقىش ياڭراتتى ، كېيىن ئۇ چۈشتىن ئاۋۋالقى مۇقىم ھاياجىنىنى يوقىتىپ ، گويا دېڭىز شاۋقۇنىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشقا قارىغاندەك جىم تۇرۇپ كۆزەتتى . ئوركېستىرنىڭ كەينىدىن فرونت ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى ، كۈن نۇرىدا يالت - يۇلت چاقناۋاتقان ساۋۇت ۋە ياراغلار پېرلنىڭ كەيپىياتىنى يەنە كۆتۈرۈۋەتتى ، سەپتە بىرمۇ ياللانما ئەسكەر يوق بولۇپ ، سەپ كەم - كۈتىسىز ئىدى . ئۇلار قەدىمىي شان - شەرەپنىڭ قوينىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى . سەپتە بىرمۇنچە مۆتىۋەرلەر بار ئىدى . ئۇلار لەشكىرىي روھنىڭ ھاياجىنىنى ھېس قىلىپ ، بىر ھەربىي ئىنىستىتۇت قۇرۇشنى ، «چەۋەنداز مۆتىۋەرلەر جەمئىيىتى» دېگەندەك ھەربىي ئىلىم ئۆگىنىشنى ، ھەتتا تىنچلىق مەزگىللىرىدىمۇ مانېۋىر قىلىشنى

تەشەببۇس قىلىشاتتى . سەپتىكىلەر مەغرۇر بولۇپ ، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئەسكىرىي ئىشلارنى چوڭ بىلىشتىن دېرەك بېرەتتى . بەزىلەر پەس دۆلەتلەر (LowCountrng) دە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەپ ، ئەسكەرلىك قالپىقى ۋە سالاپىتىگە ئېرىشكەندى . ئۇلارنىڭ ساۋۇتلىرى يالتىرايتتى ، كۆزنى چاقنىتىدىغان قالپاقلىرىدىكى پەيلەر تىترەيتتى ، بۇنداق تەنتەنىلىك مەنزىرىنىڭ ئالدىدا ھازىرقىلارنىڭ پاراتلىرى ئانچە ئەمەس ئىدى .

ھەربىيلەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقىنى مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئىدى ، بۇ سەگەك كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئوبدان نەزەر سېلىشقا ئەرزىيتتى . ئۇلارنىڭ سۆلىتى مەغرۇر ئەسكەرلەرنى باشقىچە كۆرسەتمىگەندىمۇ چاكىنا ھالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى . ئۇ زامانلاردا تالانتقا ھازىرقىدەك كۆڭۈل قويۇپ كەتمەيتتى ، ئەمما قەتئىيلىك ۋە مەغرۇرلۇقنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەر تەرەپلىمە ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى . ۋارىسلىق ھوقۇقى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ھۆرمەتلەر كېيىنكى ئەۋلادلاردا مەۋجۇت دېيىلگەندىمۇ ئەسلىدىكىدەك تولۇق بولمايتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسەپدارلار ھازىرقى دەۋردە ئاممىنىڭ سايلىشى ۋە باھالىشىدىن ئۆتكەچكە ، ھەيۋىسى ئاجىزلاپ كەتكەن بولاتتى . بۇنداق ئۆزگىرىش ياخشىمۇ ، يامانمۇ بولۇشى ياكى ھەر ئىككى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن . ئاشۇ يىللاردا بۇ قاقاس زېمىنغا كۆچۈپ كەلگەن ئىنگلىز كۆچمەنلەر خان جەمەتىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىلىرىنى كەينىگە تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ ، يەنىلا يۇرتىنىڭ قېتىدا ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى . شۇڭا ، ئاقارغان چاچلار ، پېشانىسىدىكى قورۇقلار ، سىناقتىن ئۆتكەن ساداقەتلەر ، بىجىرىم پاراسەت ۋە قايغۇلۇق قىسمەتلەر ھەيۋەتلىك تۇزۇمدىكى ئىقتىدارلار (بۇ يەردىكى تۇزۇم يۈز ـ ئابرۇي دېگەن مەنىدىن كەلگەن بولۇپ ، ئەبەدىيلىك ئۇقۇم بېغىشلايتتى) غا ئېتىبار بېرىلەتتى . شۇڭا ، ئۇ زاماندا سايلانغان بىرىدىستېرىت ، ئەندىكوت ، دادلى ، بىللىڭخام ۋە باشقىلاردەك سىياسىيونلار ئانچە دانىشمەن بولمىسىمۇ ، بىلىم ۋە تەمكىنلىككە

ئىگە ئىدى . ئۇلارنىڭ ھالقىلىق پەيتلەردە دۆلەت ئۈچۈن خەتەرلىك قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان غەزەپلىك دولقۇندەك قەددىنى كېرىپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى . بۇنداق مىجەزلەر يېڭى مۇستەملىكە ئىجراچىلىرىنىڭ چاسا يۈزلىرىدە ۋە قامەتلىرىدە مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى . بۇ ھوقۇقدارلار ۋە دېموكراتىيە پېشۋالىرىنىڭ سالاپىتى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ ئەزاسى ياكى ئاقىللار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولۇشتەك شەرەپنى قوبۇل قىلغاندىمۇ ، ئانا ۋەتىنى ئەنگلىيىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش مەۋجۇت بولمايتتى .

ئەمەلدارلار تەبىقىسىنىڭ كەينىدە نامىشەرىپى مەشھۇر ياش باستېر كېلىۋاتاتتى ، كىشىلەر ئۇنىڭ سايلامنى تەبرىكلەپ قىلىدىغان ۋەزىنى ئاڭلاشقا تەقەززا ئىدى . ئۇ زامانلاردا باستېرلىق ئۈچۈن كېتىدىغان پاراسەت ئەمەلدارلارنىڭكىدىن زىيادە بولاتتى . ئالىيجانابلىقىنىڭ تۇرتكىسىنى دېمىگەندىمۇ ، بۇ كەسىپ كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇشىنى قوزغاش جەھەتتە ئالاھىدە جەلپكار بولۇپ ، غايىلىك كىشىلەر مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسام دەيتتى ، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان باستېرنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالاتتى .

دىمىسدىل ئەپەندى يېڭى ئىنگلاندقا كەلگەندىن بېرى ھازىرقىدەك روھلۇق بولۇپ باقمىغانىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ سەپتە تېتىك چامداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ قەدەملىرى باشقا ۋاقىتلاردىكىدەك روھسىز ، قەددى پۈكۈك ئەمەس ئىدى ، قولىمۇ مەيدىسىدە ئەمەس ئىدى ، خاتالاشمىساق ، باستېرنىڭ قۇدرىتى جىسمىدا ئەمەس ، بەلكى روھىدا ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى . بۇ قۇدرەتنى پەرىشتىلەر دىنىي مۇراسىملار ئارقىلىق ئاتا قىلاتتى . بۇ قۇدرەت يوشۇرۇن قىزغىنلىقىنىڭ ھاياجانلىق ئىپادىسى بولۇپ ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىخلاسىنىڭ ئۇچىقىدا پارلىنىپ چىققانىدى . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ سەزگۈر تەبىئىتى ياڭراق مۇزىكىنىڭ ئىلھامىدا يۈكسەلمەكتە ئىدى . ئۇنىڭ گىرىمسەن كۆزلىرىگە

قاراپ ، كىشىلەر دىمىسىدىكى ئەپەندى مۇزىكىنى ئىشىتتىمۇ ، يوق ، دەپ ھەيران بولۇشاتتى ، ئۇنىڭ جىسمى ئالغا سىلجىماقتا ، بىراق روھــى نەدە قالغاندۇ ؟ ئۇنىڭ روھى ئۆزىنىڭ زېمىنىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ، تـەبىئەتـتىن ھـالقىپ ، ھېلىلا تىزىلىپ چىقىدىغان بىر يۇرۇش بەھەيۋەت پىكىرلەرگە مەنبە ھازىرلاش بىلەن بەند ئىدى ، شــۇڭا ئۇ كۆرمەيتتى ، ئاڭلىمايتتى ، سەزمەيتتى . ئۇنىڭ روھى زەئىپ جىسمىنى ئىتتىرەتتى ، ئېغىرلىقىنى سەزمەيلا قالاتتى ۋە ئۇنى ئۆزى سۇپەت بىر روھقا ئايلاندۇراتتى . قالتىس ئەقىل ۋە زەئــــپ بەدەن ئىگىسى بولمىش بۇ ئىنسان زور تىرىشچانلىقلار بــەدىلىگە مۇشۇنداق تاسادىپىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ ، نۇرغۇن كــۈنلەرنى بىر ۋاقىت توچكىسىغا جەم قىلالايدۇ ، ئاندىن بۇنداق ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ .

باستىر دىمىسدىكى تىكىلىپ تۇرغان خىستىر پرون مەيۇس بىر ئالامەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تاراپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى ، ئەمما بۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى . ئۇ بۇنىڭ ئۆزىدىن يىراقتا ئــىكــەنلىكىنى ، ئۇنىڭغا پەقەت يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىــلــدى . ئـۇ مەنىلىك بىر نەزەر تاشلىۋېلىشاق بولاتتى دەپ ئويلىدى . ئۇ قاراڭغۇ ئورماننى ، جىمجىت جىلغىنى ، مۇھەببەتنى ، كۈچلۈك ھەسرەتنى ، مۇخ قاپلىغان دەرەخ غوللىرىنى ئەسلىدى . ئـۇلار قول تۇتۇشۇپ ئولتۇرۇپ قىلىشقان قىزغىن پاراڭلىرىنى ئېقىنىنىڭ ھەسرەتلىك كۈيلىرىگە قوشۇۋەتكەنىدى . شۇ چاغدا ئۇلار نەقەدەر ھەمنەپەس ئىدى ـ ھە ! كۆز ئالدىدىكى ئاۋۇ ئادەم شۇمۇ ؟ شۇ تاپتا ئۇ ئۇنى تونۇيالمىغاندەكلا قىلدى !

ئۇ پەس مۇزىكا ساداسىدا بەھەيۋەت پوپلار بىلەن بىللە مەغرۇر دەسسەپ كېتىپ باراتتى ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنى شۇ قەدەر يۇقىرىكى ، خىستىر ئۇنىڭغا ئېرىشەلەمدۇ ، يوق ، كۆزى يەتمىدى . ئۇنىڭچە ، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈش ، گەرچە بۇ چۈش شۇ قەدەر چىن بولسىمۇ ، باستىر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ھەقىقىي رىشتىنىڭ بولـۇشــىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ روھى مۇشۇنداق

خىياللارغا ئەگىشىپ چۇشكۇنلىشىپ كەتتى . خىستىېرنىڭ ۋۇجۇدى ئاياللىق تەبىئەتكە باي ئىدى . ئۇ باستىېرنى ئەپۇ قىلالمايتتى ، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە تېخىمۇ شۇنداق . ئۇلار دۇچ كەلگەن تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئېغىر قەدەملىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ، باستىېر ئىككىسىگە ئورتاق تەۋە بولغان دۇنيادىن ئۆزىنى تەلتۆكۈس ئېلىپ چىقىپ ، خىستىېرنى زۇلمەتنىڭ قوينىغا تاشلاپ قويدى . خىستىېر ئۇنى شۇنچە تىمىسقىلاپمۇ تاپالمىدى ، پېرل بىر بولسا ئانىسىنىڭ كەيپىياتىنى سەزدى ياكى ھېس قىلدى ، بىر بولسا باستىېرغا يەتكىلى بولمايدىغاندەك كەيپىياتتا بولدى . نامايىشچى ئەترەت ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ، پېرل قۇشتەك ئۆرلەيتتى ۋە پەسلەيتتى . نامايىشچىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ، پېرل ئانىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى .

— ئاپا ، — دېدى ئۇ ، — ئېرىقنىڭ بويىدا مېنى سۆيگەن ھېلىقى باستىېر شۇمۇ ؟

— جىم تۇر ، قوزام ، — دېدى ئانىسى پىچىرلاپ ، — ئورماندىكى ئىشلارنى بازاردا دېمە !

— شۇمۇ ، ئەمەسمۇ ، ئۇقالمىدىم . بايىقى ئەپتى باشقىچىلا ؟ — دېدى بالا ئۇلاپلا ، — بولمىسا مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئورماندىكىدەك سۆيۈپ قويۇشنى ئۆتۈنگەن بولاتتىم ، باستىېر نېمە دەر بولغىيدى ، ئاپا ؟ ئۇ مەيدىسىنى تۇتۇۋېلىپ ، ئالايغان ھالدا ، نېرى كەت دەرمىدى ؟

— ئۇ نېمە دېيەلەيتتى ، پېرل ؟ — دېدى خىستىېر ، — ئۇ بۇ پەيتى ئەمەس ، بازاردا سۆيسەم بولماس دېگەن بولاتتى . ئۇنىڭغا گەپ قىلماي ياخشى قىپسەن ، نادان بالا !

باستىېر دىمىسدېلغا نىسبەتەن مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولغانلاردىن يەنە بىرى بار ئىدى . ئۇ بىمەنىلىك بىلەن ، توغرىسى ئەسەبىيلىك بىلەن قىزىل خەت تاقىۋالغان ئايال بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا پاراڭلاشتى ، ئۇ دەل ھىببىنس خانىم ئىدى . ئۇ ئۈچ قات پۈرمە ياقا ئوراپ ، كەشتىلىك پىنجەك كىيىۋالغانىدى ، قولىدا زەر

تۇتقۇچلۇق ھاسا بولۇپ، ئىسىلزادىلەرچە ياسىنىپ تاماشا كۆرگىلى چىققانىدى. پىرىخونلۇق مودا بولغان شۇ دەۋردە بۇ موماي ئۆزىنىڭ ئاشۇ كەسپى بويىچە نام چىقارغانىدى، ھەتتا ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنى پەيۋەندە قىلىشىمۇ تۇرغان گەپ. خۇددى ئۇنىڭ ئىسىل كىيىملىرىنىڭ قاتلاقلىرىدا ۋابا باردەك، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. خىستىر پرونغا نىسبەتەن يامان ئەمەس قاراشتا بولسىمۇ، لېكىن ھىببىنس خانىمنىڭ خىستىر بىلەن بىللە تۇرۇشى، بۇ موماي ھەققىدە ۋەھىمىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتتى، كىشىلەر ئاخىر ئۇلار تۇرغان يەردىن نېرى كېتىشتى.

— قاراڭ، بۇ نېمىلەر ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، — دېدى ھىببىنس خانىم خىستىرغا پىچىرلاپ، — قاراڭ، ئاۋۇ مۇقەددەس كىشىگە! كىشىلەر ئۇنى ئەۋلىيا دەپ قارايدۇ، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. ئۇنىڭ نامايىش سېپىدىكى تۇرقىنى تاماشا قىلغانلاردىن كىممۇ ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن چىقىپ «ئىنجىل» ئوقۇغىنىچە ئورمانغا بېرىپ پەيزى قىلىپ كەلگەنلىكىنى بىلەلىسۇن! ۋاي ـ ۋۇي! خىستىر، بۇ ئىشلار ھەر ئىككىمىزگە ئايانغۇ! راستىنى دېسەم، شۇ باستېرنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. نامايىش ئەترىتىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇرۇن مەن بىلەن ئۇسسۇلغا سەكرەشكەن، بەزىلىرى ئىسكىرىپكا چېلىشقان. ئۇ چاغدا بىر ئىندىئان كاھىنى ياكى لاپلاندلىق ھەزرەت بىز بىلەن بىللە ئىدى. بىر ئايال دۇنيانىڭ تېگىگە يەتسە، ئۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىش ئەرزىيمۇ كەتمەيدۇ. لېكىن، بۇ باستېر ـ دە! خىستىر، سىز ئۇنى ئورماندا كۆرۈشكەن ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ دېيەلەمسىز؟

— خانىم، نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم، — خىستىر پرون ھىببىنس خانىم قېرىپ ئالجىپ قاپتۇ دەپ قاراپ، شۇنداق جاۋاب بەردى، بىراق بۇ مومايىنىڭ ئۆزى قاتارلىق نۇرغۇن ئادەمنى ھېلىقى ئەبلەخ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ كېسىپ ئېيتقىنىنى ئاڭلاپ شۈركۈنۈپ كەتتى، — مېنىڭ دىمىسدىل ئەپەندىدەك

بىلىملىك ۋە تەقۋادار باستىرلارنىڭ ئۇستىدىن كۈپ قىلغۇدەك سالاھىيىتىم يوق.

— تۇفى، ئەي خوتۇن، تۇفى! — موماي خىستىرغا قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى، — مەن ئورمانغا شۇنچە كۆپ بارىدىغان تۇرسام، ئۇ يەرگە كىمنىڭ بارغان - بارمىغانلىقىنى بىلگۈچىلىكىم يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە، بار. ئۇسسۇل ئوينىغاندا تاقىغان گۈلچەمبىرەكنىڭ ياپراقلىرى چاچلارنىڭ ئارىسىدا قالمىغان بولسىمۇ، مەن سىنى بىلىمەن، خىستىر، مەن سىنىڭ بەلگەڭنى كۆرگەن. كۈندۈزدە كۆرۈشمىزغۇ ئېنىق، كېچىدىمۇ چوغ بولۇپ يانىدۇ ئەمەسمۇ. سەن ئۇنى ئاشكارا تاقايسەن، شۇڭا ئۇنى بىنۇقسان كۆرەلەيمىز. باستىرغا كەلسەك، بۇ گەپنى قۇلىقىڭغا دەي! ھېلىقى نېگىر ئەرنىڭ دىمىسدېل ئەپەندىدەك ئەھدىگە قول قويۇپ بولۇپ، ئىقرار قىلىشنى راۋا كۆرمەيدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن مۇۋاپىق چارىسى بار، ئۇ يوشۇرۇن ئالامەتلەرنى ئاشكارا قىلىنىۋېتەلەيدۇ. باستىر مەيدىسىنى تۇتۇۋېلىپ، نېمىنى يوشۇرماقچى؟ ھا - ھا، خىستىر پرون!

— ئۇ زادى نېمە، ئوبدان ھىببىنس خانىم؟ — پېرل دەررۇ سورىدى، — سىز ئۇنى كۆرگەنمۇ؟

— كارىڭ بولمىسۇن، قوزام، — دېدى ھىببىنس خانىم پېرلنى ئىززەتلەپ، — ئۇنى ھامان بىر كۈنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن، بالام، ئۇلار سېنى پەلەك شاھزادىسىنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ! بىر كۈنى كەچتە مەن بىلەن بۇلۇتقا مىنىپ ئۆرلەپ داداڭنى كۆرۈشنى خالامسەن؟ شۇنىڭدىلا سەن باستىرنىڭ مەيدىسىنى تۇتۇۋېلىشىدىكى سەۋەبنى چۈشىنىپ قالىسەن.

بۇ ئاجايىپ موماي ئەتراپنى بېشىغا كىيىپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى.

مانا ئەمدى كېچەش زالىدا تەييارلىق ئىبادىتى تامام بولۇپ، دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ ۋەزى باشلاندى. تىزگىنىسىز بىر ھېسسىيات خىستىرنى ئالدىغىراق بېرىشقا مەجبۇر قىلدى. مۇقەددەس زال

ئادەم بىلەن لىق توشۇپ كەتكەچكە، خىستېر جازا سۇپىسىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ يەردە تۇرۇپ ھەممىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. باستېرنىڭ ئاۋازى خۇددى ئېقىن سۇنىڭ يېنىك شاۋقۇنىدەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرەتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى خۇدا بەرگەن ئاۋاز دېيىشكە بولاتتى. ئاڭلىغۇچىلار باستېرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە ئەگىشىپ ھاياجانلىناتتى. ئۇنىڭ مۇزىكىدەك ئاۋازى قىزغىنلىق ۋە ھەسرەت، كۈچلۈك ياكى مۇلايىم تۇيغۇ بەخش ئېتىپ، قەيەردە تەربىيىلەنگەن بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، يېقىملىق، ئۆز بىلىنەتتى. ئاۋاز زالنىڭ قېلىن تاملىرىدىن ئۆتۈپ، پەسىيىپ قالغان بولسىمۇ، خىستېر پرون زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى ۋە ھەمنەپەسلىك تەسىراتىغا چۆمدى. ۋەز ئۇنىڭغا نىسبەتەن نامەلۇم بولغان سۆزلەرگە، مۇكەممەل مەنىگە ئىگە. بۇ سۆزلەرنى ئېنىق ئېيتىشقا توغرا كەلسە، ۋاستىلەر قوپاللىشىپ، ئەكسىچە مەنىگە ئېرىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. خىستېر بوران ئەۋجىپ كېيىن پەسىيگەندەك تۇيغۇ بېرىۋاتقان شۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ شېرىن، قۇدرەتلىك ئاۋازغا ئەگىشىپ پەرۋاز قىلدى، ئاخىر ئەيمىنگۈدەك ھەيۋە، بۈيۈك كەيپىيات ئۇنى ئورىۋالدى. ئاۋاز بەزىدە سۇرلۇك تۈس ئالسىمۇ، يەنىلا يېقىملىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمايتتى. نۇتۇق گاھ ئەۋجىگە چىقاتتى، گاھ پەسىيەتتى، چېكىگە يەتكەن ئازاب ۋە كۆلپەتلىك ھاياتنى ئىپادە قىلىپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەتتى. ئاشۇ قايغۇلۇق مېلودىيىلەر شۇنچە ئاجىز ئاڭلىنىۋاتقان بولسىمۇ، خىستېر ئۇنى تەلتۆكۈس، تولۇق ئاڭلىيالايتتى، سۈكۈت ئارىلىقىدىكى ھەسرەت ـ نادامەتمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. خىستېرنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى پەلەككە يەتسىمۇ، چېركاۋنى زىلزىلىگە كەلتۈرسىمۇ، تاملارنى بۆسۈپ پەلەكنى بىر ئالسىمۇ، ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئازابلىق ئىلتىجالار ئايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇ زادى نېمە؟ ئۇ قەلبىنىڭ زارى، ئازابلىق ۋە پۇشايمانلىق قەلبنىڭ ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

سىرنىڭ پاش بولۇشى ! ئۇنىڭ گۇناھ ياكى ھەسرەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق ئىدى . ئۇ ھەربىر تىنىقىدا ھېسداشلىق ۋە كەچۈرۈمنى ئۈمىد قىلاتتى ۋە ئۈمىدكە يارىشا ئۇنۇمغا ئېرىشەتتى . باستىر چوڭقۇر ، ئىزچىل ، پەس ئاۋاز دولقۇنىغا تايىنىپ كۆتكەن نەرسىگە ئىگە بولاتتى . بۇ جەرياندا ، خىستىر جازا سۇپىسىنىڭ يېنىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى . باستىرنىڭ سېھىرلىك ئاۋازى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرمىغاندىمۇ ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا بىر كۈچنىڭ تارتىشى بىلەن خىجالەتلىك تۇنجى سائەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ، بۇ يەردىن ئايرىلالمىغان بولاتتى . ئۇنىڭدا بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى ، گەرچە بۇنى ئۇ ئىدىيە ھالىتىدە ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇردى . ئۇنىڭ تۇرمۇشى مەيلى بۇرۇن ، مەيلى كېيىن بولسۇن ، مۇشۇ يەرگە باغلىنىپ كەتكەن ، ھاياتىمۇ مۇشۇ يەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى .

شۇ ۋاقىتتا ، پېرل ئانىسىنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالغانىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ جىلۋىگەر نۇرلىرى بىلەن ھەسرەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى . ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا رەڭدار قۇشتەك جەۋلان قىلىپ ، ھېلى پەيدا بولۇپ ، ھېلى غايىب بولاتتى ، بۇ قۇش ھەتتا ئۆزى قونغان دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى جۇلالاندۇرۇۋېتەتتى . ئۇ كەپسىز ئىدى ، كىشى ئويلىمىغان قىلىقلارنى چىقىراتتى . ئۇ تىنىمسىز روھىي كۈچكە ئىگە ئىدى . ئانىسىنىڭ قەلبى داۋالغۇپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە ، ئۇ ئۆزىنى قانداقمۇ بېسىۋالالىسۇن ! پېرل ئۆزىنى غىدىقلايدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرسىلا ئۇچۇپ بېرىپ ، شۇ ئادەم ياكى شۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغۇسى كېلەتتى ، ئۆزىنى باسالمايلا قالاتتى . ئۇنى كۆرگەن پۇرىتان مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ كىچىككىنە ۋۇجۇدىدىن تەپچىپ تۇرغان ئىپادىلىگۈسىز گۈزەللىك ۋە جازىبىنىڭ جۇلالىنىشىدىن زوق ئالسىمۇ ، يەنىلا ئۇنى ئالۋاستىنىڭ پۇشتى دەپ ھېسابلايتتى . پېرل ياۋايى ئىندىئانلارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارايتتى ، ئىندىئانلار بۇنداق قاراشتىن ئۆزلىرىدىنمۇ ياۋا بىر تەبىئەتنى بايقىشاتتى . ئۇ

ئۆزىنىڭ باشباشتاقلىقى ۋە ئالاھىدە سوغۇق قانلىقى بىلەن ماتروسلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرەتتى. يۈزلىرى قارامتۇل بۇ ئەرلەرنى شۇ دۇنيانىڭ ياۋايىلىرى دېيىشكە بولاتتى. ئۇلار قىزچاققا تەئەججۈپ بىلەن قارىشاتتى، ئۇ گويا قىزچاق سۈرىتىگە كىرىۋالغان بۇزغۇندەك كۆرۈنەتتى، بۇ بۇزغۇن نۇر چىقىرىدىغان جانلىقلارنىڭ روھى ئاتا قىلىنغاندەك كېچىلىرى پاراخوت ئاستىدا يالتىرايتتى.

ماتروسلارنىڭ ئارىسىدا خىستېر پرون پاراڭلاشقان كاپىتانمۇ بولۇپ، پېرلنى كۆرۈپ ئامراقلىقى كەلدى ۋە بېشىنى تۇتۇپ، سۆيۈپ قويماقچى بولدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭ ئاسماندىكى قۇشنى تۇتۇشتىنمۇ قىيىنلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىلەپىسىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى چىقىرىپ، بالىغا تاشلاپ بەردى. پېرل ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن تۇتۇۋېلىپ، بوينى ھەم بېلىگە ئورىۋالدى. بۇ زەنجىر خۇددى ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا مەۋجۇت بىر قىسمىدەك سىڭىپلا كەتتى.

— قىزىل خەت تاقىۋالغان ھېلىقى ئايال سېنىڭ ئاپاڭ بولامدۇ؟ — دېدى كاپىتان، — مېنىڭ گېپىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويساڭ بولامدۇ؟

— گېپىڭىز بولسا يەتكۈزۈپ قويىمەن، — دېدى پېرل.

— ئەمىسە، دەپ قويغىنكى، — دېدى كاپىتان ئۇلاپلا، — مەن يەنە ھېلىقى قارىمۇتۇق دۈمچەك دوختۇر بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇ ئاپاڭ تونۇيدىغان ھېلىقى ئەپەندىنى باشلاپ بىرلىكتە پاراخوتقا چىقىدىغان بولدى. ئاپاڭ پەقەت ئىككىڭلارنىڭلا غېمىنى قىلسا بولىدىغان بولدى. بۇ گەپلەرنى ئاپاڭغا دەپ قوي، شەيتانچاق.

— ھىببىنس خانىمنىڭ ئېيتىشىچە، دادام پەلەك شاھزادىسى ئىكەن، — دېدى پېرل كەپسىزلىك بىلەن كۈلۈپ، — ئەگەر مېنى مۇشۇنداق سەت گەپلەر بىلەن چاقىرساڭ، ئۇنىڭغا دەپ بوران - چاپقۇنغا يەم قىلىۋېتىمەن.

بالا ئەگرى - بۈگرى يوللارنى بويلاپ، بازاردىن ئۆتۈپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، كاپىتاننىڭ گېپىنى يەتكۈزدى.

خىستېرنىڭ قەتئىي، بېجىرىم، ئۆزگەرمەس روھى قىچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تەقدىرىنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ غۇلاپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇ باستېر بىلەن بىللە بۇ رەھىمسىز قىسمەتنىڭ سىرلىق ئوردىسىدىن قۇتۇلاي دەپ يوللارنىمۇ تەييار قىلغاندا، شەپقەتسىزلەرچە كۈلۈپ تۇرغان سۈرۈن بىر چىراي ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى.

كاپىتاننىڭ ئۇقتۇرۇشى خىستېرنى ئازابلاپ پەجمۇردە قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنى يەنە بىر سىناق كۈتۈپ تۇراتتى. بازاردا ئەتراپتىكى يېزىدىن كەلگەن نۇرغۇن ئادەملەرمۇ بولۇپ، ئۇلار قىزىل بەلگە ھەققىدىكى ئۆسەكلەرنى ئاڭلايتتى، تالاي توقۇلما ۋە مۇبالىغىلەر قىزىل بەلگىنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇلار خىستېرنىڭ چۆرىسىگە ئەدەپسىزلەرچە ئولىشىۋالغانىدى. ئۇلار پەرۋاسىزلارچە قىستاپ كەلگەن بولسىمۇ، بىرنەچچە قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار شۇ يەردە سىرلىق بەلگە پەيدا قىلغان يىرگىنچنىڭ مەركەزدىن قېچىش كۈچىگە زىت تۇرتكىسىدە تۇرۇپ قېلىشتى. ماتروسلارمۇ كىشىلەر توپىغا دىققەت قىلماي تۇرالمىدى. بۇ ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن چىراي ئىگىلىرى قىزىل بەلگىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يېقىنلاپ كېلىشىپ توپقا قوشۇلۇپ كەتتى، ھەتتا ئىندىئانلارمۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇن - تىنسىز قىزىقىشىنىڭ تەسىرىدە يىلاننىڭكىدەك قارا كۆزلىرىنى قىسىشىپ، نەزەرلىرىنى توپتىن ھالقىتىپ خىستېرنىڭ مەيدىسىگە قاراشتى. ئۇلار بەلكىم جىلۋىگەر بۇ بەلگىنى تاقىۋالغان بۇ كىشىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغاندۇ. كەنتتىكى ئاھالىلەرمۇ يىغىلىشتى ۋە خىستېرنىڭ نومۇسلۇق بەلگىسىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراشتى. بۇ تېخىمۇ ئازابلىق ئىدى. خىستېر يەتتە يىل بۇرۇن ئۇنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ تونۇش نازارەتچى چىرايىنى كۆردى، ئارىدا پەقەت بىر ئادەملا كەم ئىدى، ئۇ ئۇنىڭغا

بــــردىــنبىر ھېسداشلىق قىلغۇچى ھېلىقى قىز بولۇپ، كېيىن خىستېر ئۇنىڭغا ئاخىرەتلىك تىكىپ بەرگەنىدى . خىستېر كىشىنى ئــۆرتەيدىغان بەلگىنى تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقان ئاخىرقى پەيتتە قانداقتۇر دىققەت ۋە ھاياجانىنىڭ مەركىزىگە كىرىپ قالدى ، شۇڭا ئاشۇ بەلگىنى تاقىغان تونجى كۈنلەردىن بۇيانقى ئەڭ قاتتىق ئازابنى تېتىدى .

خىستېر تۇراتتى ، ئۇ خۇددى ۋەھشىيانە ھۆكۈم تۇيەيلى ئۆز جــايىغا مەڭگۈ بەند قىلىنغاندەكلا تۇراتتى . بۇ ۋاقىتتا ئالقىشقا سازاۋەر باستېر مۇقەددەس ۋەز سۆيــىدا كىشىلەرنىڭ روھىنى ئـۆزىـگە باغلىۋالغانىدى . چېركاۋدىكى مۇقەددەس باستېر ! بازار ئــوتــتــۇرىـــــىدىكى قىزىل بەلگىلىك ئايال ! ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆيدۈرگۈچ نومۇس بەلگىسىنىڭ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كىممۇ پەرەز قىلالىسۇن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# 23 . قىزىل خەتنىڭ پاش بولۇشى

ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى دولقۇنلۇق پرېستان كەبى كۆتۈرۈۋەتكەن نۇتۇق ئاخىر تىنچىدى . جىمجىتلىق ۋەزدىن كېيىنكى سوكۇناتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى . ئارقىدىن پىچىرلاشلار ۋە چۇۋۇرلاشلار كۆتۈرۈلدى ، ئاڭلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ كەيپىياتىنى ئەۋجىگە چىقارغان يۈكسەك ئەپسۇندىن خالاس بولۇپ ، ۋەھىمىنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى يۈكلىگەن ھالدا قايتا ئويغىنىشقا باشلىدى . ئازراق ئۆتكەندىن كېيىن كىشىلەر چېركاۋدىن قايتىپ چىقىشتى . ۋەزدىن كېيىن ، ئۇلار باستېرنىڭ ئوتلۇق پىكىر ئىسرىقلىرىدىن يېشىلىپ ، ھاۋا ئالماشتۇرۇشى كېرەك ئىدى ، شۇنىڭدىلا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكىنى ھمايىگە ئالالايتتى .

كۆپچىلىكنىڭ سەرخۇشلۇقى ئەمدى گەپكە ئايلىنىشقا باشلىدى . رەستىدە ، بازاردا ، شۇنىڭدەك ھەممىلا يەردە باستېرغا بولغان ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر قايناپ كەتتى . ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىلىرى ئۆز تەسىراتلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يەتكۈچە سۆزلىشەتتى . ئۇلار بىردەك ھالدا ھېچكىم بۇنداق ئاقىلانە ، يۈكسەك ، مۇقەددەس نۇتۇقنى سۆزلەپ باقمىغان ، ئادەتتىكى ئادەملەر بۇنداق روشەن ۋەھىيلەرنى ئېيتىشقا قادىر بولالمايدۇ ، دېيىشەتتى . روشەنكى ، ۋەھىينىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالغانىدى . ئۇ گويا ئىلاھنىڭ ۋەھىيسىگە ئېرىشكەندەك ئالدىدىكى تېزىستىن يۈكسىلىپ ئۇنىڭ ئۆزى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئاجايىپ ئېسىل ئۇقۇملار بىلەن سۆزلىرىنى بېيىتتى . ئۇنىڭ سۆز تېمىسى خۇدا بىلەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ ، بوز يەر ئېچىپ تېرىلىۋاتقان يېڭى ئېنگلاندمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغانىدى . ۋەز ئاخىرلىشاي دېگەندە ، قانداقتۇر بىر خىل بېشارەت روھى ئۇنىڭ

ۋۇجۇدىغا ئورناپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسرائىللارنىڭ مۇنەججىملىرىنى ئەل قىلغاندەك، ئۇنىمۇ ئىلكىگە ئالدى. ئوتتۇرىدىكى پەرق شۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدىي بېشارەتچىلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەت ۋە ھالاكەتتىن بېشارەت بەرگەن بولسا، باستېر يېقىنقى يىللار مابەينىدە بۇ زېمىنغا كەلگەن مۆمىنلەرنىڭ يۈكسەك ۋە شەرەپلىك تەقدىرى ھەققىدە بېشارەت بەردى. ۋەزگە بىر خىل ھەسرەتلىك مېلودىيە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. كىشىلەر بۇ ۋەزنى تەبىئىي ھالدا دۇنيادىن ۋىدالىشىۋاتقان بىر بەندىنىڭ ئىستىغپارىدەك ھېس قىلدى. توۋا! ئۇلارنىڭ بۇ سۆيۈملۈك باستېرى ئۇلاردىن نادامەتسىز ئايرىلىپ، جەننەتكە كېتىپ قالماس - ھە! ئۇلارنىڭ باستېرى ۋاقىتسىز ئۆلۈمنىڭ ئۇنى يىغا - زار ئىچىدە يىراققا ئېلىپ كېتىشىنى ئالدىن سەزگەنىدى. كىشىلەر باستېرنىڭ بۇ دۇنيادىكى كۈنلىرىنىڭ ئۇزاققا قالمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىنىڭ تەسىر كۈچى ھەسسىلەپ ئاشاتتى، گويا جەننەت سەپىرىدىكى پەرىشتە نۇرانە قاناتلىرىنى قاققاندا، كۆلەڭگە ئارىلاش بىر دەستە نۇر ئالتۇندەك ھەقىقەتلەرنى چاچقۇ قىلغاندەك بىر ھال روي بەردى.

شۇنداق قىلىپ، باستېر دىمىسدېل ھاياتىدىكى مىسلىسىز شانلىق ۋە غەلىبىلىك دەقىقىلەرنى كۆردى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ساھەلىرىدە مۇشۇنداق دەقىقىلەرنى كۆرىدۇ، لېكىن ئۇنى كېيىن ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. شۇ تاپتا، باستېر مەغرۇر ۋە مۇنەۋۋەر بىر ئورۇندا تۇراتتى. يېڭى ئىنگلاندنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى باستېرلارنىڭ ئورنى ئەسلىدىلا يۇقىرى بولۇپ، دىمىسدېل باستېر ئېرىشكەن بۇ يۈكسەكلىك ئەمدىلىكتە تالانت، بىلىم، پەۋقۇلئاددە ناتىقلىق ۋە پاك نام - ئاتاقنى تەلەپ قىلاتتى، بىزنىڭ باستېرىمىز تەبرىك ۋەزنى تۈگىتىپ، مۇنبەردىكى يۆلەككە تايىنىپ ھارغىن تۇرغان ۋاقىتتا ئەنە شۇ شەرەپنىڭ ساھىبى بولدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، خىستېر پرون جازا سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، مەيدىسىدىكى قىزىل بەلگە يەنىلا يېنىۋاتاتتى.

شۇ مەھەل ، جەڭگىۋار مۇزىكا ئەترىتىنىڭ رەتلىك قەدەم تاۋۇشلىرى چىركاۋ دەرۋازىسى تەرەپتىن ئاڭلاندى . نامايىشچىلار ئەترىتى كېڭەش زالىغا بېرىپ ، داغدۇغىلىق زىياپەت ئارقىلىق بۈگۈنكى پائالىيەتكە خاتىمە بەرمەكچىدى .

ھەربىيلەر ۋە ئەمەلدارلار سىپى ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقاندا ، كىشىلەرنىڭ نەزىرى سەپتە ئەمكىن كېتىۋاتقان باستىرغا چۈشتى . ئۇپۇر - توپۇر بولۇشقان ئادەملەرنىڭ ئالقىش چۇقانلىرى بارا - بارا پەسىيىپ ، بىر خىل ھەيرانلىققا ئايلاندى . باستىر زەپەر قۇچقان شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاجىز ۋە تاتىراڭغۇ ئىدى ، پېشانىسىدىكى قىزىل نۇر قوقاستەك سۇنۇشقا باشلىغانىدى . ئەپتى ئۆلۈكتەك ئىدى ، ئۇنىڭ جانسىز بەدىنى بىر ياقلارغا ئېغىپ كېتەتتى . ئۇ سەنتۈرۈلگىنىچە كېتىۋاتاتتى ، ھەرھالدا يىقىلىپ قالمىدى .

كەسپىي بۇرادىرى جون ۋىلسون ئەپەندى دىمىسدېلنىڭ پاراستى ۋە ئۆتكۈرلۈكى يانغاندىن كېيىنكى ھالىتىنى كۆرۈپ ، ئالمان - تالمان يۆلىۋالماقچى بولدى ، بىراق دىمىسدېل تىترىگىنىچە رەت قىلىپ ، ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى . ئەگەر بۇنى ماڭدى دېيىشكە توغرا كەلسە ، ئۇ ئانىسىنىڭ مەدەت بېرىشىگە تايىنىپ مېڭىۋاتقان بالىنىڭ تايتاڭلاپ مېڭىشلىرىغا ئوخشايتتى . باستىر گاڭگىراپ ، قانداق قەدەم بېسىشنى ئۇقمايتتى ، ئۇ بوران - چاپقۇنلۇق نەچچە يىللار ئاۋۋالقى ھاقارەتلىك جازا سۇپىسىنىڭ ئالدىغا ، يەنى خېستېر پرون سازايى بولغان ئورۇنغا يېتىپ كەلدى . خېستېر پرون دەل شۇ يەردە تۇرماقتا ئىدى . خېستېر قىزى پېرلنى يېتىلىۋالغان بولۇپ ، مەيدىسىدە يەنە شۇ قىزىل بەلگە بار ئىدى . باستىر توختىدى ، مۇزىكا ساداسى بۇرۇنقىدەكلا ياڭرىماقتا ، ئەترەت شادىيانە مارشتا ئىلگىرىلىمەكتە . مۇزىكا باستىرنى زىياپەتكە چىللىماقتا ، باستىر ئورنىدا تۇرماقتا .

شۇ ئارىدا بىللىڭخام ئەنسىرىگەن ھالدا باستىرغا قاراپ تۇردى . ئۇ سەپتىن ئاجراپ باستىرغا يېقىنلاشتى ، دىمىسدېل ئەپەندىنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا ، ئۇنى يۆلىۋالمىسا بولمايتتى ، بىراق

باستىرنىڭ ئەلپازىدىكى قەتئىي رەت قىلىش ئىپادىسى تۈپەيلى داۋاملىق يېقىنلاشقىلى بولمىدى. كىشىلەر توپى ھەيرانلىق ۋە تەشۋىشتە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارچە بۇنداق جىسمانىي سولغۇنلۇق باستىرنىڭ مەنىۋى كۈچىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى بولۇپ، بۇنداق ئۇلۇغ ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا گاھ يېنىپ، گاھ خىرەلىشىپ، جەننەتنىڭ نۇرىدا ئېرىپ كەتسىمۇ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

ئۇ جازا سۇپىسىغا بۇرۇلۇپ، قوللىرىنى سوزدى.

— خىستىر! — توۋلىدى ئۇ، — بېرى كېلىڭ! كەلگىن، كىچىك گۆھىرىم!

باستىرنىڭ كۆزلىرى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى، ئەمما ئۇ تېزلا ئىللىق غەلىبە نۇرىغا ئالماشتى. بالا قۇشتەك ئۇچۇپ بېرىپ، باستىرنىڭ تىزىنى قۇچاقلىۋالدى. خىستىر پرون تەقدىرنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئالدىغا سىلجىپ، باستىرغا قولى يەتمەيدىغان يەردە توختىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا قېرى روج چىللىڭۋورس توپتىن چىقتى، ئۇنىڭ چىرايى شۇ قەدەر ئۇسال، گاراڭ ۋە خۇنۇك بولۇپ، ھازىرلا گۆردىن چىققاندەك ئىدى. ئۇ بىرەر نەرسىدىن ۋايىم يېگەندەك، ئۆزىنىڭ ناتىۋانىنى تۇتۇۋالماقچى بولدى، بوۋاي ھېچنېمىگە قارىماستىن ئېتىلىپ بېرىپ باستىرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى.

— ساراڭ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، نېمە قىلماقچىسەن؟ — توۋلىدى بوۋاي پەس ئاۋازدا، — ئۇ ئايالنى ۋە بالىنى قويۇۋەت! ھەممە ئىش تۈزىلىپ كېتىدۇ! نامىشەرىپىڭنى بۇلغىما، ئۆزۈڭنى بۇنداق سەت تۈگەشتۈرۈۋالما! مەن سېنى قۇتقۇزالايمەن! ئۇلۇغلۇقۇڭنى بۇلغاي دەۋاتامسەن؟

— ھۇ، ئىبلىس، ئەمدى كېچىكتىڭ! — دېدى باستىر قەتئىي، — ئەمدى بۇرۇنقىدەك ھەققىڭ قالمىدى، خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن قىلتىقىڭدىن قۇتۇلىدىغان ۋاقىت كەلدى.

ئۇ قىزىل بەلگە تاقىۋالغان ئايالغا قولىنى يەنە سوزدى.

— خىستېر پرون، — ئۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان سەممىيلىك بىلەن چاقىردى، — پەرۋەردىگارىمىز نەقەدەر قەھرلىك ۋە نەقەدەر مېھرىبان، ئۇ ئاخىر ماڭا رۇخسەت قىلدى، ئۇ ئېغىر گۇناھىم ۋە پاجىئەلىك ئازابلىرىم تۈپەيلى ئۆزۈمنى قاچۇرغان ئىشقا ئەمدى يول قويدى. كەلگىن، خىستېر، ماڭا مەدەت بەرگىن! مەدەتلىرىڭ خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنسۇن! ئۇۋۇلچىلىققا ئۇچرىغان ئاشۇ بىچارە بوۋاي ئۆزىنىڭ ۋە ئالۋاستىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن قارشىلىق قىلماقتا! كەل، خىستېر، مېنى بۇ جازا سۇپىسىغا يۆلەپ چىقارغىن!

كىشىلەر ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ پىتىراشتى. باستېرنىڭ يېنىدىكى مەرتىۋىلىك كىشىلەرمۇ ئەندىكىشىپ، كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇشتى. ئۇلار روشەن چۈشەنچىنىمۇ قوبۇل قىلالماي يا باشقىچە بىرەر پىكىرگە كېلەلمەي، ياراتقۇچىنىڭ ھۆكمىنى سۈكۈت بىلەن ساقلاشتى. ئۇلار باستېرنىڭ خىستېرغا يۆلىنىپ، خىستېرنىڭ يۆلىشى بىلەن جازا سۇپىسىنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇرۇشتى. گۇناھتىن ئاپىرىدە بولغان بالىنىڭ قولىنى باستېر ئالىقىنىدا چىڭ سىقىملىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى قېرى روج چىللىڭۋورس خۇددى بۇ يەردە ئوينىلىۋاتقان تىياتىرنىڭ ئايرىلماس بىر بۆلىكىدەك ئاخىرقى بىر پەردىنىڭ رولىنى ئېلىۋاتاتتى.

— يەر - جاھاننى ئاختۇرساڭمۇ، — دېدى ئۇ باستېرغا تەلەتىنى بۇزۇپ، — بۇ جازا سۇپىسىدىن باشقا سېنى مەندىن ساقلاپ قالالايدىغان ئورۇن ئېگىزدىن ياكى پەستىن ئىزدىسەڭمۇ يوق.

— پەرۋەردىگارنىڭ مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنىگە شۈكۈر، — دېدى باستېر جاۋابەن.

تىترىگەن باستېر خىستېرغا قارىدى. كۆزلىرىدىن تەشۋىش يېغىپ تۇراتتى، لەۋلىرىدە جانسىز تەبەسسۇم بار ئىدى.

— بۇ ئورماندىكى چۈشلىرىمىزدىن كۆپ ياخشىغۇ، — دېدى باستىر.

— مەن بىلمەيمەن، بىلمەيمەن، — دېدى خىستىر ئالمان ـ تالمان، — راست ياخشىمۇ؟ راست، بىز بىرگە ئۆلىمىز، پىرلمۇ ھەمراھ بولىدۇ.

— پىرل ئىككىڭلار تەڭرىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇڭلار، — دېدى باستىر، — ئۇ مېھرىباندۇر. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئىستىكىنى نامايان قىلدى، مەن شۇ بويىچە ئىش قىلاي. خىستىر، مەن پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم، نومۇسۇمنى بالدۇرراق تەن ئالاي!

باستىر دىمىسدېل ئەپەندى خىستىر پرونغا يۆلىنىپ، پىرلنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالىي ھۆكۈمدارلارغا، قېرىنداشلىرىغا، ئاۋامغا قارىدى، كىشىلەر يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ھېسداشلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى. ئۇلار گۇناھقا پاتقان كىشىلىك ھاياتنىڭ ئازاب ۋە پۇشايمان بىللە چاۋىسى چىتقا يېيىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىغا ئېنىق ئىشەندى. ئەمدىلا قايىم بولغان قۇياش باستىرنىڭ بېشىغا چۈشۈپ، ئۇنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇ ئېگىزلىكتە قەد كېرىپ تۇراتتى، ئۇ ئىلاھىي سوتنىڭ ئەيىبلەنگۈچىسى سۈپىتىدە ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىۋاتاتتى!

— ئى يېڭى ئىنگلاند پۇقرالىرى! — دېدى ئۇ ھەيۋەت ئاۋازدا، بۇ ئاۋاز كىشىلەرنىڭ باش ئۈستىدە پەرۋاز قىلدى، بۇ ئاۋاز تىترەڭگۈ ۋە بەزىدە چىرقىراق ئىدى، ئازاب ۋە پۇشايماننىڭ تەگسىز ھاڭلىرىدىن جان تالىشىپ چىققان ئاۋاز ئەنە شۇنداق بولسا كېرەك، — مېنىڭ ئىخلاسمەنلىرىم ۋە ئەقىدىكارلىرىم! قاراڭلار، بۇ گۇناھكارلارغا قاراڭلار! مەن بۇ يەردە يەتتە يىل بۇرۇنلا تۇرۇشقا لايىق ئىدىم. بۇ ئايال مۇشۇ قورقۇنچلۇق دەقىقىدە ئاجىز گەۋدىسى بىلەن مېنى يۆلەپ جازا سۇپىسىغا ئېلىپ چىقتى! قاراڭلار، ئۇ تاقىغان قىزىل بەلگىگە، سىلەر بۇ بەلگىدىن ئۈركۈيتتۇڭلارغۇ! ئۇ نەگە بارسۇن، پاجىئە يۈكى قانچە ئېغىر بولسۇن، ئارام ئېلىشقا قانچىلىك تەشنا بولسۇن، بۇ قىزىل بەلگە ھەمىشە ۋەھىمىلىك ۋە

نەپرەتلىك شولىسىنى چېچىپ تۇردى . ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە بىرى بار ئىدى ، ئۇنىڭ گۇناھى ۋە نومۇسىدىن ئۆزۈڭلارنى تارتماي كەلدىڭلار !

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇ قېلىپ قالغان بىر مەخپىيەتنى چاندۇرماسلىققا ئۇرۇنغاندەك قىلدىيۇ ، بەدىنىدىكى زەئىپلىكنى دەرھال يېڭىپ ، روھىدىكى ئاجىزلىقنى تىزگىنلىمەكچى بولدى ، بارلىق تايانچىنى تاشلاپ ، كۆتۈرەڭگۈ بىر قەدەمنى ئېلىپ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى .

— داغلار ئۇنىڭ قەلبىدە ، — دېدى باستىبىر ھاياجاندا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، ئۇ ھەممىنى ئاشكارىلاش قارارىغا كەلگەنىدى ، — پەرۋەردىگارنىڭ نەزىرى ھەمىشە ئۇنىڭدا ! پەرىشتىلەرمۇ ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ! ئالۋاستىمۇ ھەممىدىن خەۋەردار ھالدا ئاتەشلىك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ قىينايدۇ ! ئەمما ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ نومۇسلۇق بەلگىسىنى مەككارلىق بىلەن يوشۇرۇپ كەلدى ـ دە ، ئاراڭلاردا روھلۇق قىياپەتتە تۇرۇۋالدى . ئۇ ئىنتايىن ئازابلاندى ، چۈنكى بۇ گۇناھلىق دۇنيادىكى كىشىلەر ئۇنى پاك دەپ ئويلاپ قالدى ! ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ، ئۇ جەننەتتىكى تۇغقانلىرىنى كۆپ سېغىندى ! ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئالدىڭلاردا بويىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ! ئۇ سىلەرنى خېستىبىرنىڭ قىزىل بەلگىسىنى يەنە بىر كۆرۈشكە چاقىرىدۇ ! سىلەرگە شۇنى ئېيتىدۇكى ، خېستىبىرنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەت گەرچە سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاشۇ ئەرنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنىڭ ئەكسى ، ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل بەلگىمۇ ئۇنىڭ روھىدىكى بەلگىنىڭ تەسۋىرىدۇر ، خالاس ! ئەي ، ئۆرە تۇرغانلار ، ئاراڭلاردىن كىم تەڭرىنىڭ جازاسىغا شەك كەلتۈرىدۇ ؟ قاراڭلار ، بۇ قورقۇنچلۇق دەلىلگە !

ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ، دىنىي كىيىمىنىڭ مەيدىسىنى يەشتى . ھەممە نەرسە ئاشكارا بولدى ! بۇنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرۇش قوپاللىق

بولار . شۇ دەقىقىدە ، ئەندىكىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا بۇ ۋەھىمىلىك مۆجىزىگە چۈشتى . باستىر چىرايى قىزىرىپ خۇددى دەھشەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن كېيىنكى ھالقىلىق پەيتنىڭ غالىبى بەندىسىدەك ئۆرە تۇراتتى . ئۇ ئاخىر جازا سۇپىسىغا يىقىلدى ، خىستېر ئۇنى يۆلەپ ، ئۇنىڭ بېشىنى مەيدىسىگە قويدى . قېرى روج چىللىڭۋورس باستېرنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى ، چىرايى ئۆلۈكتەكلا قېتىپ قالغانىدى .

— سەن مەندىن ئاخىر قۇتۇلدۇڭ ! — تەكرارلىدى ئۇ ، — سەن ئاخىر قۇتۇلدۇڭ .

— خۇدا ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن ، — دېدى باستېر ، — سەنمۇ بىر گۇناھكار !

ئۇ جانسىز كۆزلىرىنى بوۋايدىن ئۈزۈپ ، ئانا ـ بالا ئىككىسىگە يۆتكىدى .

— مېنىڭ گۆھىرىم ، — دېدى باستېر روھسىز ھالدا ، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇددى شېرىن ئۇيقۇ ئالدىدىكىدەك تاتلىق ھەم ئىللىق تەبەسسۇم پەيدا بولدى . ئۇ گويا ئېغىر يۈكتىن ساقىت بولغاندىن كېيىن بالا بىلەن بىرپەس ئوينىشىدىغان قىياپەتتە كۆرۈنەتتى ، — سۆيۈملۈك قوزام ! مېنى سۆيۈپ قويارسەنمۇ ؟ قايسى كۈنى ئورماندا سۆيۈپ قويۇشنى خالىمىغانىدىڭ ، ئەمدىچۇ ؟ ئەمدىغۇ خالايدىغانسەن ؟

پېرل ئۇنى سۆيۈپ قويدى ، ئەپسۇن يېشىلدى . پېرل رول ئالغانىدى ، بۇ ئۇلۇغ تراگېدىيىلىك مەنزىرە بالىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغانىدى ، بالىنىڭ كۆز يېشى خۇددى ۋەدە بېرىۋاتقاندەك دادىسىنىڭ يۈزىگە تېمىشقا باشلىدى : پېرل شادلىق ۋە ئازاب بىلەن تولغان بۇ جاھاندا چوڭ بولۇپ ، دۇنيادىن ھېچنېمە تالاشمايدىغان بىر ئايال بولماقچىدى . ئۇنىڭ ئانىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ پېرلنىڭ ئازاب ئەلچىسى بولۇشتەك رولىمۇ تاماملانغانىدى .

— خەير ـ خوش ، خىستېر ! — دېدى باستېر .

— ئەمدى كۆرۈشەلمەمدۇق ؟ — خىستېر باستېرغا مەڭزىنى

يىقىپ ، پىچىرلاپ سورىدى ، — ئەجەبا ، مەڭگۈلۈك ھاياتىمىزنىمۇ دەرقەمتە ئۆتكۈزەلمەمدۇق ؟ ھەقىقەتەن بىز ئازابلىرىمىز ئارقىلىق بىر - بىرىمىزنى قۇتقۇزۇشتۇق ! سىز جان ئۈزۈش ئالدىدىكى يورۇق كۆزلىرىڭىز بىلەن باقىي دۇنياغا قاراپ نېمىلەرنى كۆرۈۋاتقانسىز ؟

— گەپ قىلماڭ ، خىستىېر ، گەپ قىلماڭ ! — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ، ئەمما قەتئىي ئاۋازدا ، — بىز دىنىي ئەھكامنى بۇزدۇق ! بۇ گۇناھىمىزنى قورقۇنچلۇق ھالدا ئاشكارىلىدۇق ! بۇ بەك بەلەن بولدى ! قورقىمەن ، مەن قورقىمەن ! بەلكىم بىز بىر مەزگىل پەرۋەردىگارىمىزنى ئۇنتۇپ قالغاندىمىز . ئەمدى قايتا كۆرۈشۈپ ، ئەبەدىي پاكلىقتا جەم بولۇشنى ئويلاشنىڭ ئورنى يوق ، پەرۋەردىگار ھەممىنى بىلگۈچى ۋە مېھرىباندۇر ! ئۇ ماڭا بەرگەن ئازابى ئارقىلىق مېھرىبانلىقىنى كۆرسەتتى . ئۇ مەيدەمدىكى كۆيدۇرگۈ ئازابىنى ئاتا قىلدى ! يەنە ئاۋۇ ۋەھىمىلىك ئىنساننى ئەۋەتىپ جاراھىتىمنى قوچۇپ تۇردى . ئۇ مېنى بۇ يەرگە كېلىپ غالىبىيەتلىك نومۇستا ئۆلۈشۈمنى بەلگىلىدى ! بۇ ئازابلارنىڭ بىرەرى كەم بولسا ، پاتقاقتا مەڭگۈ قالغان بولاتتىم ! ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئاپىرىن ! ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلايلى ! خوش !

باستېر جان ئۈزدى . سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر غەلىتە ھەم تۆۋەن ئاۋازدا غۇۋۇرلاشتى ، ئۇلار نېمە دېيەلەيتتى ، ئۇلار پەقەت غۇۋۇر - غۇۋۇر ئاۋازلىرى بىلەن خەيرلەشكەن روھنى ئۇزىتىپ قويدى .

# 24 . تۆگەنچە

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ، كۆپچىلىك ئۆزلىرى كۆرگەن جازا سۈپىسىدىكى ۋەقە توغرۇلۇق ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەرنى پەيدا قىلىشقان بولسىمۇ ، ھەرھالدا نېرى - بېرى ئىشلار ھەققىدە ئويلانغۇدەك ئىمكانلارغا ئېرىشمەكتە ئىدى .

باشتىن - ئاخىر مەيداندا بار بولغان نۇرغۇن كىشىلەر باشقىچە قاراشتا ئىدى ، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، ئۇلار دىمىسدېل ئەپەندىدىن كۆزىنى ئۈزمەپتىمىش ، ئۇلار ئۇنىڭ مەيدىسىدە ھېچقانداق بەلگىنى كۆرمەپتۇ ، ئۇنىڭ كۆكرىكى بوۋاقلارنىڭ كۆكرىكىدەك بىغۇبارمىش .

ھېكايىمىزنىڭ نوپۇزلۇق ئەشيالىرى كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ئاساسىدىكى بىر خاتىرىدىن كەلگەن ، خاتىرىدىن ئورۇن ئالغان نۇرغۇن كىشىلەر خىستىر پروننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن ، بەزىلەر دەل شۇ نەق مەيداننى كۆرگۈچىلەردىن ئاڭلىغانىكەن ، كىتابتىكى خاتىرىلەر باشتىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تولۇق دەلىلگە ئىگە قىلالايدۇ . بىز باستىرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن نۇرغۇن ساۋاقلارغا ئېرىشىمىز ۋە بۇنى بىر جۈملىگە ئەكېلىمىز : «سەمىمىي بول ! سەمىمىي بول ! چوقۇم سەمىمىي بول ! يامان تەرىپىڭنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىۋەتمىسەڭمۇ ، ھېچبولمىغاندا ئازراق بېشارەت بېرىپ ، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىغا ئىمكانىيەت بەر .»

كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى ، دىمىسدېل ئەپەندى ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، روج چىللىڭۋورسىنىڭ چىرايى ۋە قىلىقلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى . كۈچ - قۇۋۋىتى ، زېھنى ، ھاياتىي كۈچى ، ئەقلى ئۇنى تەرك ئەتتى ، ئۇ سولغۇنلىشىپ كەتتى .

كۆپچىلىككە دەپ قويىدىغان يەنە بىر ئىش بار ، تېخى . بىر يىل ئۆتمەيلا روج چىللىڭۋورس ئۆلۈپ كەتتى ، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە (گوبېرناتور بىللىڭخام ۋە باستېر ۋىلسون ئىجرا قىلاتتى ) ، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ۋە ئەنگلىيىدىكى بارلىق مۈلكى پېرلغا قالدۇرۇلدى .

ئالۋاستىنىڭ پۇشتى دەپ قارالغان بۇ شەيتان قىز شۇنداق قىلىپ ، يېڭى قۇرۇقلۇقتىكى ئەڭ باي مىراسخور بولۇپ قالدى . قىزىل خەت ھەققىدىكى قىسسە ئاستا ـ ئاستا رىۋايەتكە ئايلاندى . ئەمما ، ئۇنىڭ سېھرىي ئۇنۇمى بۇرۇنقىدەكلا مەۋجۇت ، باستېر جان ئۆزگەن جازا سۇپىسى ۋە خېستېر پرون ئولتۇرغان ساھىلدىكى كەپىنى كۆرگەن كىشىلەر شۇ ھامان كەينىگە داجىماي قالمايتتى . بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ، بىرقانچە بالا ئاشۇ كەپىنىڭ ئەتراپىدا ئويناۋاتاتتى ، ئۇلار كۈل رەڭ كۆڭلەك كىيگەن ئېگىز بىر ئايالنىڭ كەپىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى توساتتىن كۆرۈپ قالدى .

ئۇ بوسۇغا ئالدىدا تۇرۇپ ، بەدىنىنى قىيسايتتى ، بىرقانچە دەقىقىلىق مۇشۇ پەيتتە ، كۆپچىلىك ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى قىزىل خەتنى ئېنىق كۆردى .

خېستېر پرون قايتىپ كەلگەنىدى . بىراق ، پېرل قېنىدۇ ؟ ئۇ ھاياتلا بولسا مەپتۇنكار بىر قىزغا ئايلانغانلىقىدا گەپ يوق . ئومۇمەن ، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغان شۇ دەۋرنىڭ ئىنسانلىرىمۇ يۇز يىلدىن كېيىن تاموژنا تەپتىشلىكىنى ئۇستىگە ئالغان پۇ ئەپەندىمۇ ۋە بېقىندا ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغان ئادەممۇ پېرلنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى .

خېستېر پرون ئۇچۇن ئېيتقاندا ، يېڭى ئەنگلاندتا تۇرۇش پېرلنىڭ نامەلۇم ياقا يۇرتتىكى ئۆيىدە تۇرغىنىدىن كۆپ ياخشى ئىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ بارلىقى مۇشۇ يەردە ئىدى . شۇڭا ، ئۇ قايتىپ كەلدى ۋە ئاشۇ قاراڭغۇ ھېكايىنىڭ سىمۋولى بولغان قىزىل خەتنى تاقىۋالدى ، بۇنى ئۆزى خالاپ قىلدى دېيىشكە بولاتتى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، قىزىل خەت ئۇنىڭ مەيدىسىدىن بىرەر قېتىممۇ چۈشۈپ

باقمىدى . ئۇ بۇرۇندىنلا ھەقىقەتنى جاكارلايدىغان پەرىشتە ۋە ئەۋلىيا چوقۇم ئايال بولىدۇ ، دەپ ئىشىنىپ كەلگەنىدى .
نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ ، گۇمۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەن كونا قەبرىنىڭ يېنىدا يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى ، بۇ قەبرە كېيىن خان جەمەتى چېركاۋى سېلىنغان ئاشۇ قەبرىستاندا ئىدى . كونا ۋە يېڭى قەبرىلەر يېقىن بولسىمۇ ، ئارىدا بىر بوشلۇق بولۇپ ، گويا بۇ ئىككى مەرھۇمنىڭ يەرنىڭ تېگىدە بىرلىشىش ھوقۇقى يوقتەك كۆرۈنەتتى . بىراق ، بۇ ئىككى قەبرىگە پەقەت بىرلا قەبرە تېشى ئورنىتىلغانىدى . ئەتراپتىكى باشقا قەبرە تاشلىرىنىڭ ھەممىسىگە جەمەت تامغىسى ئويۇلغان بولۇپ ، پەقەت مۇشۇ بىر قەبرە تېشىغىلا قالقان شەكىللىك بىر بەلگىنىڭ ئىزى چۈشۈرۈلگەنىدى . ئۇنىڭغا ئويۇلغىنى نەسەبنامە تەتقىق قىلىدىغان بىراۋنىڭ بىر جۈملىسى بولۇپ ، ئۇنى ھېكايىمىزنىڭ چۈشۈرگىسىگە ماس كېلىدىغان ئەقلىيە سۆز ياكى بىر خۇلاسە قىلىشقا بولاتتى . ھېكايە ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق ، پەقەت كۆلەڭگىدىنمۇ خىرە ئەبەدىيلىك نۇرى كىشىلەرگە ئاز ـ تولا تەسەللى بېرەتتى :
«قاپقارا بىر پارچە يەر ، قىپقىزىل A ھەرپى .»

بۇ كىتاب خېنەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2007 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据河南文艺出版社2007年1月第1版，2007年7月第1次印刷本翻译出版。

www.uyghurkitap.com

# قىزىل خەت

**ئاپتورى:** ناتانىل خاۋسورن (ئامېرىكا)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئابدۇقادىر جالالىدىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلمۇرات ئابلىز
**مۇھەررىرى:** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** خەلچەم ئابلىمىت
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 – 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 6.375
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 – 7 – 228 – 12433 – 6
**باھاسى:** 16.00 يۈەن